ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

# تارىم

62-يىل نەشرى

2012·5

WWW.TARIMWEB.COM

www.uyghurkitap.com

نەشرىيات باشلىقى:
باش مۇھەررىر: **ياسىن زىلال** (ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**پاتىگۈل ئەخمەت** (ئالىي مۇھەررىر)

تارىم

2012 - يىللىق 5 - سان

## بۇ ساندا

### «تارىم»دا ئەنجۈمەن

«تارىم»نىڭ شۆھرىتى ــ دەۋرىنىڭ شەۋكىتى ........ **ياسىن زىلال** 4
شائىرلىق ــ باھادىرلىق ........ **ياسىن زىلال** 8
61 يېشىغا مۇبارەك «تارىم» ........ **ئابدۇكېرىم راخمان** 128
«تارىم»غا باغلانغان ئۈزۈلمەس رىشتە ........ **ۋاھىدجان ئوسمان** 130
«تارىم»غا تامغان تامچىلار ........ **دولقۇن روزى** 133

### پوۋېست

مىلىيون ئەتىرگۈل ........ **ئەكبەر ئىمام كۆكبۆرە** 46

### ھېكايىلەر

گۇناھلىق سۆيگۈ ........ **نۇرگۈل ئەبەي** 10
قارلىق كېچىدىكى ئەر ........ **زۇلپىيە كۆلتېگىن** 31

### شېئىرلار

كۆڭۈل تىۋىشلىرى ........ **ئابلىز ئۆمەر ئەنجانى** 37
ھۆرمىتىم ــ كۈيۈم ........ **مۇھەممەدجان سىدىق سايرامى** 39
غەزەللەر ........ **ئەركىن داۋۇت (ئوغۇز)** 40
غەزەللەر ........ **ئوسمان زاھىر** 42
چۈشلىرىمدە ئېچىلماس گۈللەر ........ **غازى ئوغلى** 44
ئوخشايدۇ ........ **ھوشۇر ئىبراھىم ئۈمىدۋار** 45
قەشقەر قىزى ........ **ئەسقەر ھاجى ئابدۇللا** 82
ئىككى غەزەل ........ **مۇھەممەدتوختى ئەھمەد** 84
قار ئىشكىدىن چىقىش ........ **ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر** 85
يەتتىم جانانغا، جاندىن كەچمىدىم ........ **ئوسمان تۇرسۇننىياز تۇغلان** 87
دىلبەر كوچىسى ........ **ماخمۇت ھېيت مەھدى** 115

## تەھرىر ھەيئىتى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئابلىمىت سادىق، ئارسلان ئابدۇللا، ئازاد سۇلتان، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئەخەت تۇردى، ئەكبەر سالىھ، پاتىگۈل ئەخمەت، سارەم ئىبراھىم، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مۇختار مەخسۇت، مەمتىمىن ھوشۇر، مۇھەممەت باغراش، مۇھەممەت پولات، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، ئوسمانجان ساۋۇت، ۋاھىدجان غوپۇر، ئىمىن ئەھمىدى، ياسىن زىلال.

ئومۇمىي 615 - سان



ئىككى شېئىر .................................. رۇقىيە ئابدۇللا 116

ئۈچ شېئىر .................................. گۈلبوستان ئابدۇرېھىم 118


## باللار ئەدەبىياتى


ياتاقلىق دالا (ھېكايە) .................................. پەرھا ت كازىمى 89


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ھەققىدە .................................. ئازات سۇلتان 120

ۋەتەن ئىشقى ــ ئىلھام بۇلىقى .................................. مۇھەممەت پولات 138

تەھرىرلىك: ئاپتور بىلەن مۇھەررىر ئارىسىدا .................................. غېنى مۇھەممەت 153


## «خاتىرە ۋە ئەسلىمە»


سىرلىق كەچمىشلەر (ئەدەبىي خاتىرە) .................................. ئەزىزى 98


## ئالتۇن روجەك


ئايدىڭدىكى مىس چۆگۈن (ھېكايە) .................................. لياۋ يىرۇڭ (دۇڭشياڭ) 143


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


«تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتى 2012 - يىللىق ئاپتورلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى .................. 157

تالانتلىق شائىر ئوسمانجان ساۋۇت ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى ...... 159

قايغۇلۇق خەۋەر .................................. 160


* * *


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: بادام (ماي بوياق) .................................. پەرھات ئىبراھىم سىزغان


WWW.TARIMWEB.COM


بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : خاسىيەت ئەمەت

مەسئۇل كوررېكتور (تەكلىپلىك) : قەييۇم تۇرسۇن

مۇقاۋا، بەت لايىھەلىگۈچى : ھەزرەتئەلى ئەخەت

خەتتات : ئابلىمىت ئوسمان

رەسسام : ئاسىگۈل ئەمەت

كومپيۇتېردا : ئەنۋەر تىلىۋالدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




(«تارىم» ژۇرنىلى ئاپتورلار سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز)

دەم بەدەم يوللارغا سۇ سەپتى ئۇزاق ئابى دىدەم،
ھەم چېچەكلەردىن رابات، مەنزىلگە يايدىم كەڭ گىلەم.
قارلىغاچلاردىن ئەۋەتتىم قانچە نورۇزلۇق سالام،
ئەقرابا كەپ قالغۇسى دەپ راسلىدىم كاتتا ھەشەم.
لەھزىلەر ئۆتتى ئىرالاردەك ئۇزۇن ھىجران ئۇيۇپ،
دوۋزىخى پۇرقەت كاۋاپ ئەتتى جىگەرنى بىكەرەم.
ئاڭلىدىم يول ئاپتۇ دوستلار بىز تەرەپ دەپ ئاقۋەت،
مەرھابا خۇش كەلدىڭىزلەر، قەلبى ئوت، قۇتلۇق قەدەم.
ئەسسالام ئەي دەۋرى زىننەت، پەخرى مىللەتلەر تولا،
ئەسسالام دىلداش، قەسەمداش پېشۋايۇ مۆھتەرەم.
بۇ شاراپەتلىك دىياردا چاقنىدۇق كۆكلەر ئارا،
نۇر ساما بولمىش بۇدەم يۇلتۇز مۇجەسسەم بۇ كېچەم.
ھەققىڭىزگە زەررى گۆھەر نەرخى ھۇددەس تەڭ ئەمەس،
لەۋزىڭىزدىن بىر كالام ئۇچقاندا پەس تاغدەك دەرەم.
مەرھەمەت، دوستلار تۇزەيلى بۇندا قالتىس ئەنجۇمەن،
مۇلكى ئالەمنى بېغىشلايدۇ زىلال تۇتقان قەلەم!

ھۆرمەتلىك پېشۋا- ئۇستازلار، رەھبەرلەر، قەلەمكەش دوستلار، قەدىرلىك خانىملار، مۆھتەرەم مۇھەررىرلەر، ھەممىڭلارنىڭ قۇتلۇق قەدىمىگە مەرھابا!

بىز بۇگۈن گۈزەل كۆكلەم پەسلىدە، يەرجاھان باھار پەيزىگە چۆمگەن، نورۇز ناغرىسى ياڭراۋاتقان پەيتتە، تەڭرىتاغ، ئالتاي، قاراقۇرۇم ئېتەكلىرىدىن گۈل- گۈلىستانلارنى

ئۆپۆپ ئەسكەن يېشىل سابا ساپ ۋە ئارامبەخش تىنىقلىرى بىلەن يۈرەكلەردە ئەزگۈ ئىستەكلەرنى ئۇرغۇتۇۋاتقان خاسىيەتلىك لەھزىدە، دەۋر تەسەددۇقلىغان ھاياجان لەرزىلىرى ئىچىدە سۆيۈملۈك ۋە جانىجان يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ جاي-جايلىرىدىن «تارىم»دا ئەنجۈمەن تۈزۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە جەم بولدۇق.

مەن «تارىم» ژۇرنىلىدىكى بارلىق خالىس نىيەت مۇھەررىرلەر نامىدىن ئۇزاق ۋە جاپالىق يوللارنى بېسىپ يىغىنىمىزغا كەلگەن مېھمانلاردىن ھال سورايمەن ھەمدە مۇقەددەس تەڭرىتاغنىڭ بىپايان ئېتەكلىرىدە ئەلنىڭ ئارمانلىرىنى ئىجادىيەت غايىسى، «تارىم» ژۇرنىلىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالىي مۇنبىرى دەپ ھېسابلاپ، ئىزچىل ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مىڭلىغان ئەدىب، ئەللامە، شائىر، يازغۇچىلارغا ۋاكالىتەن بۈگۈنكى بۇ سورۇنىمىزغا ئىشتىراك قىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان ئەنجۈمەن ئەھلىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. قەددىڭلارغا ھەشقاللا، قەلىمىڭلارغا بارىكاللا!

مەن شۇنىڭ بىلەن بىللە، گەرچە تۈرلۈك سەۋەبلەرگە مۇۋاپىق، بۇ خاسىيەتلىك ئۇچرىشىشتا بىز بىلەن ھەمدىدار بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەنجۈمەنىمىزگە غايىبانە گۈزەل ھېس، تىلەكلەر ئىچىدە ھەمدەم، ھەمقەلەم بولۇۋاتقان دىلكەش دوستلارغا يىراقتىن سالام يوللايمەن، شۇنداقلا ئۇزۇق يىللاردىن بېرى ئۆزىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى تەمىنلەپ، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان ئەدەبىيات ئاشنالىرىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئۇتۇق ۋە بەرىكەت، تېنىگە سالامەتلىك، ئىشلىرىغا ئاسايىشلىق تىلەيمەن!

بۇ يىل «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغىنىغا توپتوغرا 61 يىل بولدى، ھازىرغا قەدەر 614 سان نەشر قىلىندى. جاھان ئەھلىنىڭ نەزىرىدە، دەۋرىمىز مەتبۇئات مۇنبىرىدە مۆھتەرەم رەھنامەلىق مۇقامىغا يەتكەن ۋە خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە بىردەك ئۇلۇغلىنىۋاتقان مۇبارەك «تارىم» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ شانلىق تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئاجايىپ شەۋكەتلىك نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى، ئۇنتۇلماس ئابىدىلەرنى ياراتتى. شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، «تارىم» ژۇرنىلى يېڭى ئەسىرگە يېڭىچە قىياپەت، دەۋرگە لايىق سالاپەت بىلەن كىرىپ كەلدى. 21-ئەسىرنىڭ كۆز ئالدىمىزدىلا تۇرغان ئاشۇ قايناق يىللىرىدا «تارىم» ژۇرنىلى ئۆزگىچە رەڭ، ئۆزگىچە جۇلا بىلەن خەلقىمىزگە يۈز ئېچىپ، مەزمۇنى ساغلام، شەكلى جەلپكار ئەسەرلىرى بىلەن تەشنا كۆڭۈللەرنى ياشارتتى، خۇشاللىق ئاتا قىلدى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئىللىق ئائىلىسىگە، ئالىي مەكتىپىگە، تەلپۈندىغان قارارگاھىغا ئايلاندى.

«تارىم» ژۇرنىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئىزچىل تۈردە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دانا رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» پىرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيەنى پۇختا ئىگىلەپ، دەۋرنىڭ مۇقامىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي،

ukitap.com

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى ۋە ئالغا سىلجىشىغا ئىلھام بېرىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە نەشر قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن تەقەززاسىز تۆھپە قوشتى، «تارىم» ژۇرنىلى 2011 - يىلى قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىلىرى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۆزىنىڭ ئېپتىخارلىق سالاپىتىنى نامايان قىلدى.

ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە «تارىم» ژۇرنىلىدا تەخمىنەن 400 دىن كۆپرەك ئاپتورنىڭ 650 پارچىدىن ئارتۇقراق تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسىرى ئېلان قىلىندى. ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر مەزمۇن دائىرىسى كەڭ ۋە ساغلام، شەكلى رەڭدار، بەدىئىيلىكى بىرقەدەر يۇقىرى ئەسەرلەردۇر. 2011 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئىككى پارچە ئەسەر «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا، بىر پارچە ئەسەر ئەركىن روزى نامىدىكى «ئەدەبىي ئاخبارات» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ قېتىم 13 پارچە ئەسەر ئۆزىنىڭ مەزمۇن ساغلاملىقى ۋە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالاندى، شۇنداقلا بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى نۆۋەتتىكى ئەمەلىي نەتىجىسى ۋە ئۇزاق يىللىق ئىجادىيەت ئىزچىللىقىغا مۇناسىپ ھالدا «مۇنەۋۋەر ئەدىب» شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى.

بۇ شان - شەرەپ قارىماققا ئاددىي، ئەمما ھەر بىر قەلەم ساھىبى ئۈچۈن ھەرقانداق كاتتا ئاتاققا تېگىشكىلى بولمايدىغان شان - شەرەپتۇر. بۇ بىزنىڭ شان - شەرىپىمىز، بۇ «تارىم»نىڭ شان - شەرىپى، بۇ دەۋرنىڭ شان - شەرىپى، بۇ تالانت - ئىجتىھاتنىڭ، ئەقىل - پاراسەتنىڭ شان - شەرىپى، بۇ ئەل - خەلقنىڭ، يۇرت، مىللەتنىڭ شان - شەرىپى، بۇ ھەممىمىزنىڭ شان - شەرىپى!

پارتىيە، ھۆكۈمەتىمىز «تارىم» ژۇرنىلىغا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلدى ۋە كۆپ غەمخورلۇق قىلدى. 2011 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلى دۆلەتنىڭ «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. نەتىجىدە ژۇرنالنىڭ تىراژى ھەسسىلەپ ئېشىپ، تارقىلىش دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيدى. ئىجتىمائىي تەسىرى ۋە خەلق ئىچىدىكى ئابرۇيى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي ئىناۋىتى ئەمەلىيىتىدىن شۇنداق ھالەت ئايان بولدىكى، ھازىر «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي تىراژى ئەمەلىي ئېھتىياجنى قامدىيالمىدى. «تارىم» مۇشتاقلىرىنىڭ سانى ژۇرنال تىراژىدىن ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى. يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە ژۇرنالنىڭ قەشقەر ۋە ئىلى رايونلىرىدىكى ئەل ئىچىدىكى يەككە باھاسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 30 يۈەن ۋە 50 يۈەن بولدى، بۇنى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 60 يىللىق تارىخىدا كۆرۈلگەن قالتىس ۋەقە دېيىشكە بولىدۇ.

2011 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ غەمخورلۇقىدا، بولۇپمۇ پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يولداش خۇاڭ يۇڭجۇننىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى نەتىجىسىدە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ قەلەم ھەققى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى. دېمەك، ئۆتكەن يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرگە 60 يۈەندىن 100 يۈەنگىچە قەلەم ھەققى تارقىتىلدى، بۇ ھال ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ ئۇلغىيىشىغا تۈرتكە، ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ئىلھام بولدى، بىز قەلەم ھەققىنى ئادىل، مۇۋاپىق ۋە تېز تارقىتىشقا تىرىشتۇق.

«تارىم» ژۇرنىلى ئەسەر تاللاشتا ئاددەمگە، ئەمەل - مەنسەپكە، ساقال - نوپۇزغا، شەخسىي مۇناسىۋەتكە قارىماي، مەزمۇنى ساغلام،

شەكلى رەڭدار، بەدىئىيلىكى يۇقىرى ئەسەرلەرنى تاللاشنى ئاساسىي مىزان قىلدى، ژۇرنىلىمىزدا تۆت تەكشۈرۈش، يەتتە قېتىم كۆزدىن ئۆتكۈزۈش مېخانىزمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ھەر بىر ئۆتكەل چىڭ تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن، 2011-يىلمۇ يېڭى ئەسىر كىرگەندىن بۇيانقى ئېۋەنسىز تارىخىدا يەنە بىر غۇبارسىز يىلنى زېپەر گۈلدەستىلىرىگە پۈركەپ ئۆزىتىپ قويدۇق.

بىز تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئاپتورلار قوشۇنىنى تەشكىللەشنى چىڭ تۇتتۇق. 2011-يىلى 4-ئاينىڭ 23-كۈنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىن 100 نەپەردىن كۆپ يازغۇچى-شائىر ئۈرۈمچىدە «تارىم»غا جەم بولۇپ، شادىمان ئەنجۈمەن تۈزگەن ئىدۇق، شۇ قېتىمقى ئەنجۈمەندە «تارىم» ژۇرنىلى 30 نەپەر قەلەمكەشكە «مۇنەۋۋەر ئەدىب» مۇكاپاتى بەرگەندى، بۇ پائالىيەت يازغۇچىلىرىمىزغا ئىلھام، جاسارەت ئاتا قىلدى.

2011-يىلى 11-ئايدا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 20 نەچچە نەپەر مۇنەۋۋەر ئاپتورنى تاللاپ ئۆمەك تەشكىللەپ، جەنۇبىي جۇڭگو رايونىدا 15 كۈنلۈك زىيارەتكە ئۇيۇشتۇردۇق. مەزكۇر پائالىيەت جەريانىدا ئەدىبلىرىمىز ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغۇ دەريالىرىنى تاماشا قىلدى، تەرەققىيات ئەھۋالىدىن ھاياجانلاندى، ۋەتەنىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىدىن غۇرۇر ھېس قىلدى، پەخىرلەندى. ئىلھامدىن قەلبى گۈلخانغا ئايلانغان ئەدىبلىرىمىزنىڭ لەۋزىدىن ئوتلۇق سادالار ياڭرىدى، قەلىمىدىن دۇردانىلەر تۆكۈلدى. 2011-يىلى مۇھەررىرلىرىمىز داۋاملىق تۈردە كوللېكتىپ ياكى يەككە ھالدا، شارائىت يار بەرگەن دائىرىدە بىر قىسىم ناھىيە، شەھەرلەرگە بېرىپ پارتىيەنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە ئائىت سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدى، نۆۋەتتىكى ئىجادىيەت يۈنىلىشى، دەۋرنىڭ تەلىپىنى ئاپتورلارغا يەتكۈزدى ھەمدە نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات ھادىسىلىرىدىن ئۇچۇر بېرىپ، نەق مەيداندا ئەسەر تەھرىرلەپ، كەڭ ئاپتورلارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىگە ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلدى، ئۇلارغا توغرا ئىجادىيەت يولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

قىسقىسى، 2011-يىلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مول نەتىجىلەر قولغا كەلگەن، «تارىم» ژۇرنىلى بىلەن قەلەمكەشلەر قوشۇنىنىڭ رىشتى مۇستەھكەملەنگەن، ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسى ساغلام تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن ياخشى بىر يىل بولدى.

ھۆرمەتلىك يىغىن ئەھلى، پارلاق ئىستىقبال بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىز ھەممىمىز بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقىدا، ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىق قوينىدا سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرايلى.

(ئاپتور «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

**مۇھەررىر مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياسىن زىلال

# شائىرلىق - باھادىرلىق



ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئۇستازلار، مۆھتەرەم يازغۇچى، شائىرلار، پىداكار مۇھەررىرلەر، قەدىرلىك خانىملار، سىلەرگە يەنە بىر قېتىم سالام!

نورۇز بايرىمىڭلارغا قاتمۇقات مۇبارەك بولسۇن!

بىز بۈگۈن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2012-يىللىق خىزمەت پىلانىغا ئاساسەن، چۈشتىن بۇرۇن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2012-يىللىق «ئاپتورلار سۆھبەت» يىغىنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىۋالدۇق. ھازىر بۇ يىللىق خىزمەت پىلانىمىزنىڭ كۈنتەرتىپى بويىچە، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى، تالانتلىق شائىر، ئالىي مۇھەررىر، ئەدەبىي تەرجىمان ئۇسمانجان ساۋۇتنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىگە بېغىشلانغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپتىمىز.

مەن مۇشۇ پۇرسەتتە «تارىم» ژۇرنىلىغا ۋاكالىتەن، جۈملىدىن ئۆز نامىمدىن تالانتلىق شائىر ئۇسمانجان ساۋۇتنىڭ بۇ كاتتا مەرىكىسىنى چىن قەلبىمدىن قىزغىن تەبرىكلەيمەن، شائىرنىڭ ئىجادىي مۇۋەپپەقىيىتىگە مۇبارەك بولسۇن!

مۆھتەرەم شائىر ئۇسمانجان ساۋۇت ئەپەندى خەلقىمىزگە تونۇلغان شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ 51 يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە بېغىشلىدى. ئۇ خەلقىمىز ئۈچۈن ھارماي تەر تۆككەن ۋە ئەجرىدىن ئەلگە شېرىن مېۋە بەرگەن ھۆرمەت ساھىبىدۇر.

ئۇ ئىجادىيەت ھاياتىدا دەۋرىنىڭ تەلىپىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، توغرا بولغان ئىجادىيەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، سەنئەتنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىگە سادىق بولۇپ، شېئىر — ھايات، ھايات — شېئىر دەپ، ئۆز قەلبىنى تىڭشاپ، ھايات بىلەن سۆزلىشىپ كەلدى.

شائىر ئۇسمانجان ساۋۇت 1945-يىلى ماناس ناھىيەسىدە بىر قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1961-يىلى ساۋەن ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1966-يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ، 1968-يىلى قومۇل ۋىلايىتىگە تەقسىم قىلىنىپ، سۆگەت بۇلاق دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىككى يىل دېھقانچىلىق، ئۈچ يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

1973-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ساۋەن ناھىيەسىگە يۆتكىلىپ، ساۋەن ناھىيەلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1976-يىلدىن 1979-يىلغىچە ساۋەن دارىلمۇئەللىمىندە، 1979-يىلدىن 1983-يىلغىچە ساۋەن ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1983-يىلدىن 1986-يىلغىچە ساۋەن ناھىيەلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ

ئىشلىگەن. ئارىدا 1981 - يىلى لوشۇن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1986 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، ئاۋۋال «ئادەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىدا، كېيىن «تارىم» ژۇرنىلىدا ئىشلەپ، 2005 - يىلى ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانى بىلەن دەم ئېلىشقا چىققان.

شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيتى 1961 - يىلى باشلانغان. ئۆز شېئىرلىرىدا تىل گۈزەللىكى، پىكىر گۈزەللىكى، ئاھاڭدارلىق، ئەۋرىشىملىككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ھازىرغا قەدەر «ئالىمدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ»، «تاڭ لىرىكىلىرى»، «تەڭرىتاغ شامالىرى»، «تۈن تۇيغۇلىرى»، «تاغلار بىلەن سۆزلىشىش»، «گۈللەر سۆزلەيدۇ»، «زېمىن قەسىدىسى» قاتارلىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. «ساقايماس ئاغرىقكەن ۋەتەن ئاغرىقى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

شائىر ئوسمانجان ساۋۇت تىل پاساھىتى ئارقىلىق شېئىردا گۈزەللىك يارىتىشقا تىرىشتى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ دىل ساماسىدا يۇلتۇز قىلىپ چاقناتتى. شائىر ئۆزى ياراتقان شېئىرلىرىدا چىنلىقنى، ئەزگۈلۈكنى، گۈزەللىكنى، ئىنسانىي ئالىيجاناب روھنى مەدھىيەلىدى، ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنىڭ قەلبىگە مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك بېغىشلاپ كەلدى.

شېئىرىي ئۇسلۇبىتىكى ئۆزگىچىلىكى، شېئىرىي تېمىدىكى كەڭلىكى، شېئىرىي پىكىردىكى چوڭقۇرلۇقى، شېئىرىي تىلدىكى رەڭدارلىقى ۋە خاسلىق، شېئىرىي ھېسسىياتتىكى جۇشقۇنلۇقى، قۇرۇلمىدىكى پۇختىلىقى بىلەن ئوسمانجان ساۋۇت داڭلىق لىرىك شائىردۇر. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى ھېسسىياتتىكى ئىزچىللىق، ھايات ھېكمەتلىرىگە تويۇنۇش، تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى خاسلىق، شۇنداقلا شېئىرىي مەزمۇندىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدا ئۇسلۇب ياراتقان مۇنەۋۋەر شائىرغا ئايلاندۇردى.

شائىرنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئىچىدە ئەدەبىي تەرجىمە جەھەتتىكى ئەمگەكلىرىمۇ خېلى زور سەمەرە ھاسىل قىلغان. شائىر ئەدەبىي تەرجىمىگە كىرىشكەندىن كېيىن، جۇڭگو ۋە چەت ئەل يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن 400 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، تۆت پارچە رومان، سەككىز پارچە پوۋېست، 30 پارچىدەك ھېكايە، ئون پارچىدەك ئەدەبىي ئوبزور، ئىككى سىياسىي تارىخىي كىتابنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى.

شائىر يۇقىرىقىدەك ئىجادىي نەتىجىلىرى ۋە ئەدەبىي تەرجىمە جەھەتتىكى ئەمگەكلىرى بىلەن ئىككى قېتىم دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئون قېتىم ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا نائىل بولدى.

شائىر ئوسمانجان ساۋۇت پۈتكۈل ئۆمرىدە ھاياتنى شېئىر دەپ بىلدى. مۇھەررىرلىك ئورنىدا ئىشلىگەندە ياش شائىرلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن يېتەكلىگەن ئىدى. شائىر ئوسمانجان ساۋۇت قەلبىدىكى شېئىرىي يۈكسەكلىككە ئىنتىلگەن، روھىدا غايىۋى مەنزىللەرگە قەدەم قويغان تالانت ئىگىسى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى قالتىس ئالقىشلارغا سازاۋەردۇر.

ئۆز مىللىتىمىزدىن چىققان ئالىملار، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلاردىن ئۆگىنىش خەلقىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە گۈزەل ئەخلاق-پەزىلىتىدۇر. بۈگۈنكى بۇ ئەھمىيەتلىك پائالىيەت ئەنە شۇنداق ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ داۋامىدۇر. ھاياتىمىزدىكى نۇرغۇن ئامەتلىرىمىزگە ئوخشاش، شائىر ئوسمانجان ساۋۇت ئەپەندى بىزگە نېسىپ بولغان يەنە بىر ئامەت.

بىز شائىرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۆڭلىرىگە خاتىرجەملىك، تېنىگە سالامەتلىك، قەلىمىگە بەرىكەت تىلەيمىز.

مۇھەررىر مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نۇرگۈل ئەبەي



# گۇناھلىق سۆيگۈ

(ھېكايە)

ئەتە ئېرىمنىڭ، توغرىسى قىزىمنىڭ دادىسىنىڭ تويى بولاتتى. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەن گۈلدەك ياشلىق چاغلىرىمدىن باشلاپ بۇ ئەرنى سۆيۈپ، ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭدىن بارلىق ئۈمىد-ئارزۇلىرىمنى كۈتۈپ كەلگەنىدىم. ئەمدى بۇ ئەر ئەتىدىن باشلاپ مېنىڭدىن ھەقىقىي ئايرىلىدۇ... ئۇنىڭ خۇددى كۆز-كۆز قىلغاندەك، ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىكى ئاشۇ ھەشەمەتلىك رېستوراندا تويىنى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قاتتىق ئازابلىنىپ كەتتىم. نېمە بولىدۇ؟ توي قىلمىساڭ نېمە بولىدۇ؟! ئىچ-ئىچىمدىن شۇنداق دەپ نالە قىلاتتىم. ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كەتكەن بولسامۇ، مەيلى مەن ياكى ئۇ بۇ نىكاھتا چەكسىز گۇناھكار بولساقمۇ، مەن يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىپ قېلىش، يالغۇز قىزىمىزنى بىللە بېقىپ قاتارغا قوشۇش تەمەسىدە ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈپ يۈرگەن ئىدىم. ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇسكى، ئەمدى ئۇنىڭدىن كۈتكەن بارلىق ئارزۇ-ئارمانلىرىم ئۇنىڭ ئەتىكى تويى بىلەن پۈتۈنلەي بەربات بولىدۇ...

ئېرىمنىڭ تويى ماڭا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن ئۇزۇن يىللىق ھايات، ئاشۇ بارلىق خاتىرىلەر گويا ئەمدىلا ماڭا پۈتۈن ئېغىرلىقىنى ئارتقاندەك تۇيۇلدى. ئىچ-ئىچىمدىن ھارغىنلىق ھېس قىلدىم. گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيتتى، ئۇخلىيالمايتتىم. قەلبىمدە ھەتتا ئاشۇ نەپرەتلىك

ئەرگە قارتا مەجنۇنلارچە سېغىنىش يېڭىباشتىن پەيدا بولۇشقا باشلىدى. خېلى بۇرۇنلا ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بەزى ۋەقەلەر، تويى قىلىشتىن بۇرۇنقى تەلپۈنۈشۇم، ئوتتەك سېغىنىشلار، مۇھەببەتلىك شېرىن كېچىلەر بىرلەپ كۆز ئالدىمغا كەلگىلى تۇردى. قانداقتۇر بىر ئۈمىدسىزلىك يۈرىكىمگە تىكەنلىك چوغدەك ئەلەم بولۇپ يېقىلماقتا ئىدى...

مەن ياتاق ئۆيگە كىرىپ كارىۋىتىمدا جىممىدە ياتتىم. قىزىممۇ ھېچ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ دادىسىنىڭ ئەتە تويى بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەكلا قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مېنىڭ دەردلىك تۇرقۇمغا قانداق قاراشنى، قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەيۋاتقاندەك، ئادەتتە ئۇنچە قولىغا ئېلىپ كەتمەيدىغان تەتىل تاپشۇرۇقلىرىغا قادىلىۋالغان ئىدى. ئۆي ئىچىدىن چىدىغۇسىز بىر مىسكىنلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. مېنىڭ ئۈمىدسىزلىكىمگە گەپ كەتمەيتتى، شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتىم ئالتە ئاي بۇرۇن كۆك تاشلىق ئاجرىشىش خېتىنى قولۇمغا ئالغاندا روھىمدا پەيدا بولغان ئۈمىدسىزلىككە ئوخشايتتى. شۇ چاغدىمۇ قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەنىدىم. شۇ چاغدا ماڭا ئەڭ ئەلەم بولغىنى — ئېرىمنىڭ بارلىق گۇناھلىرى تۇرۇپلا يۇيۇلۇپ تۈگەپ، بىردىنلا مېنىڭ گۇناھكار بولۇپ قالغانلىقىم ئىدى. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز ئەرلەرنىڭ ئەخلاق جەھەتتە سادىر قىلغان بارلىق گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتەلىگەن بىلەن، ئاياللارنىڭ ئانچىكى ئەخلاقسىزلىقىنى كەچۈرەلمەيتتى. ئەرلەر خۇددى مېنىڭ ئېرىمدەك ئاشنا ئوينىسا، ھاراق-شاراب ئىچىپ، قارتا-قىمار ئويناپ، كېچىلەپ ئۆيىنى تاپالماي يۈرسە، ھەر ھالدا ئاياللاردەك ئېغىر ئاقىۋەتكە قالمايتتى. جەمئىيەت ئۇلارنى يەنىلا ئاشۇ چەكسىز گۇناھنىڭ مەنبەسى بولغان ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەلۇم سەۋەنلىك بىلەن ئاقلاپ چىقاتتى. بىر ئەر ئۆيىدىكى بالا باققۇچى بىلەن تۇتۇلۇپ قالغاندىمۇ، كىشىلەر گۇناھنى ئېرىنى تۇتۇۋالغان شۇ بىچارە ئايالغا ئارتىپ قويغانلىقىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغانمەن: «ئۇ ئايالنىڭ يا تىلى يامان، يا خۇيى يامان، يا چېچەن ئەمەس، يا تېتىملىق تاماق ئېتىشنى بىلمەيدۇ. ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئاشۇ بالا باققۇچىچىلىكمۇ ئالالمىغان گەپ... ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئېرى كوچىدا يۈرمەي نەدە يۈرەتتى؟ ئىللىق ئائىلە پەقەت ئاياللارنىڭ قولىدىلا مەيدانغا كېلىدۇ، ئايال كىشى تۇرۇپ ئاشۇ ئىللىق ئائىلىنى ئېرىگە بېرەلمىگەندىكىن، ئەر بولغۇچى سىرتتىن كۆڭۈل خۇشلۇقى ئىزدەيدىغان گەپ شۇ...»

ھالبۇكى، بۇزۇقچىلىق قىلغان ئاياللار ئۇچرىغان تەڭسىزلىكچۇ؟ بىر قوشنام بار ئىدى، ئېرى كۈنبويى ھاراق ئىچىپ، تۈزۈك ئىشلىمەي، باللىرىنى، ئائىلىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئېسىدىن چىقارغانىدى. ھەدېسە ئۆيىدە جېدەل-ماجىرا چىقىرىپ، ئايالى بىچارىنى ئۇرۇپ تىللايتتى. بۇمۇ ئاز كەلگەندەك باشقا ئاياللارنى ھەتتا ئۆيىگىچە ئېلىپ كەلگەن يەرلىرىمۇ بار ئىدى. خوتۇنى بىچارە خورلۇقتىن يېنىمغا كىرىپ ھۆر-ھۆر يىغلايتتى. قوشنامنىڭ چىرايى خېلىلا تۈزۈك ئىدى. بىچارە بىر كۈنى ئىشلەۋاتقان يېرىدە قانداق بولدى، بىر باي بىلەن تونۇشۇپ قاپتۇ. باي بىلەن بىللە يوشۇرۇن بېرىش-كېلىش قىلىپ يۈرۈپتۇ. ئۇستىباشلىرى يېڭىلىنىپتۇ. ئۆيىدە باللىرىغا گۆش يېگۈزەلەپتۇ، باللىرىنىڭ ئوقۇش پۇلىنى غەملىيەلەپتۇ، ئۇستىباشلىرىنى ئوڭشاپتۇ... ئەمما بۇ مۇناسىۋەت ئۇزاققىچە خۇپىيانە بولالماپتۇ. قولۇم-قوشنىلار بىلىپ كېتىپتۇ. بىر «قۇشقاچ» چوكاننىڭ ئېرىگە بۇ سىرنى ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ. ئاقىۋىتى قانداق بولدى دېمەمسىز؟ ئېرى ئايالىغا ئوخشاش

سۈكۈت قىلالمىدى. ھەپتە ئىچىدىلا خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئىككى بالىسىنىڭ چوڭىنى ئېلىپ قېلىپ، كىچىكىنى خوتۇنىغا بېرىپ، ئۇنى ئانىسىنىڭكىگە — يۇرتىغا يولغا سېلىۋەتتى. ھەممە ئادەم: «بەلەن بولدى، بۇزۇلغان خوتۇننىڭ ئاقىۋىتى شۇ بولاتتى» دېيىشتى. ھېچكىم: «ئاشۇ بولۇمسىز ئەر سەۋەبلىك بىچارە چوكان كوچىغا چىقىپ قالدى. خوتۇن-بالىلىرىنىڭ ئۈستىبېشىغا ھېيت-ئايەمدىمۇ دىققەت قىلىشنى بىلمىسە، تاپقان ئىككى تۈك-تۈك پۇلىنى نەدىكى كەلگۈندىلەرگە خەجلەپ تۈگەتسە، يەنە تېخى تاغ يۆتكەپ بېرىۋەتكەندەك نوچىلىق قىلىپ، خوتۇن-بالىلىرىنى ئۇرۇپ-دۆشكەلىسە، خوتۇن بۇزۇلماي كىم بۇزۇلاتتى؟ خوتۇن كىشىنىڭمۇ كىيگۈسى كېلىدۇ، ئېرىگە تاتلىق ئەركىلىگۈسى كېلىدۇ، خەقنىڭ ئاياللىرىدەك موھتاجلىقتىن قۇتۇلغۇسى، كۈلۈپ يايراپ يۈرگۈسى كېلىدۇ. ئېرىنىڭ ئەھۋالى شۇ تۇرسا بۇزۇلماي قانداق قىلاتتى؟» دەيدىغانغا بىرىمۇ ئادەم چىقمىدى. جەمئىيەتنىڭ بۇ ئايالغا دېگىنى شۇ بولدى: «ئايال كىشى بولغاندىكىن ئازراق سەۋر قىلىپ باقسا نېمە بولاتتى؟ ئايال كىشىنىڭ ئەر كىشىگە ئوخشاش ئوينىغىنى نەدە بار؟ ئايال كىشى تۇرۇپ بالىسىنى، ئائىلىسىنى ئويلىيالمىسا، بۇنداق ئايالنى قويۇۋەتمەي ساقلاش ئەر كىشىگە نومۇس!»

ھەقىقەتەن خوتۇننى قويۇۋېتىش ئارقىلىقلا «نومۇس»نى يۇيالايدىغان ئاشۇ ئەر قوشنامۇ ھېچ ئىككىلىنىپ قالماي خوتۇننى ئۆيدىن قوغلىدى. ئۇنىڭ قولىدا قالغان بىچارە بالا ھە دېسە ئاچ، يالىڭاچ، قولۇم-قوشنىلارنىڭ ئىلتىپاتىغا تايىنىپ مىسكىنلىك ئىچىدە چوڭ بولۇشقا باشلىدى.

ئېرىم ئەر قوشنامغا قارىغاندا جىق ياخشى ئىدى، ھېچ بولمىغاندا تاپقان-تەرگىنىنى، مائاشىنى ئۆيگە ئېلىپ كېرەتتى. ئەمما ئۆيۈنى ھېچقاچان تۈگەپ ئۆتمەيتتى. تېلېفونغا باشقا ئاياللار تېلېفون ئۇرۇپ توختىمايتتى. دەسلەپتە بۇ ئىشلار كۆڭلۈمنى خىرە قىلىپ ئازابقا سېلىپ تۇرسىمۇ، چىش يېرىپ بىر نېمە دېمەيتتىم. سوقۇشقۇم كەلدى دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ قولۇمغا چىقىپ قالغۇدەك ھېچ ئىشى يوق ئىدى. كۈنلەر ئۆتىۋاتقاندەك، ئۇ شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان رەڭلىك كېپىنەك ئىدى. كۆڭلى مۇقىم بىرىدە تۇرمايتتى. شۇڭا ئۆيۈنى تۈگىگەندە ئۆينى تاپار، ھېچ بولمىغاندا قېرىپ ھالىدىن كەتكەندىغۇ ھورىغا چۈشەر، دەپ ئۆز - ئۆزۈمنى گوللاپ كۆڭلۈمنى ئۆتكۈزەتتىم. ئۇنىڭدەك كوچىمۇكوچا ئويناپ يايراپ يۈرەلمەيتتىم. تەقدىرنىڭ ئاياللارغا ئاتا قىلغان ھۆكمىگە تىز پۈكمەكتىن باشقا چارەممۇ يوق ئىدى. ئەمما ئەڭ قورقىدىغىنىم ئېرىمنىڭ بىر كۈنى كۆڭلىنىڭ كەينىگە كىرىپ، بىر چىرايلىق ئائىلىمىزنى چۇۋۇۋېتىشى ئىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغقىچە كوچىدىكى مەلۇم بىرىگە كۆڭۈل توختاتماي يۈرگىنى ئۇنىڭغا كۆڭۈل توختاتقۇدەك قىز-چوكانلارنىڭ شۇ كەمگىچە ئۇچرىمايۋاتقىنى بولسا كېرەك، دەپمۇ ئويلاپ قالاتتىم. دەرۋەقە ئويلىغىنىم ھەم ئەنسىرىگىنىمدەك ئىش بولدى...

ئېرىم يېڭىدىن يۆتكىلىپ كەلگەن بىر خىزمەتدىشى بىلەن ئارىلىشىپ قالدى. ئۇ ئېرىدىن يېڭىلا ئاجرىشىپ كەتكەن تۇل چوكان ئىدى. مېنىڭ «قۇشقاچ»لىرىمۇ بۇ ھەقتە خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئۇلار خىزمەتنى باھانە قىلىپ ئۇچۇق-ئاشكارا بىللە يۈرەتتى. كېچىلەپ سىرتلاردا قوناتتى، بۇ چاغدىكى ئازاب ۋە خورلۇقۇم ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن ئىدى. ئېرىم بىلەن سوقۇشاتتىم، ئەمما ئۇ خىزمەتدىشىم دەپ زادىلا تەن ئالمايتتى، ھەتتا ماڭا ئانچە-مۇنچە تاياقمۇ بېرىدىغان بولۇۋال-



www.uyghurkitap.com

غان ئىدى، تاياق يەپ بولۇپمۇ يەنىلا ھېچ ئىش قىلالمايتتىم، ئىلگىرى ئۇنچە روشەنلەشمەيدىغان گۇمانلىرىم شۇ كۈنلەردە ئۇچۇقلا ھەقىقەتكە ئايلانماقتا ئىدى. ئېرىمنىڭ مەندىن، ھەتتا قىزىدىنمۇ بارغانسېرى كۆڭلى قېلىۋاتاتتى...

شۇنداق كۈنلەردە ماڭا ئالاقىلىشىپ باقمىغىلى ئۇزاق بولغان غېنى ئىسىملىك بىر ئوغۇل ساۋاقدىشىمدىن تېلېفون كېلىپ قالدى. ئۇ ئالىي مەكتەپتىكى چاغلىرىمىزدا ھەدېسە ماڭا قانات سۆرەيتتى. مەن بىر يۇرتلۇق بولمىغانلىقىمىزنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆنمەيتتىم. ئۇنىڭ بۇنداق مۇرەككەپ روھىي ھالەتتە تۇرغىنىمدا تېلېفون قىلىپ ئەھۋال سورىشى سوغۇقتا قالغان ئادەمنى قىزىق مەشنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلگەندەك ئىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پات-پاتلا تېلېفوندا مۇڭدىشىدىغان بولۇپ قالدۇق. مەن ئېرىمدىن كۆرۈۋاتقان بارلىق دەرد-پىغانىمنى غېنىغا تۆكەتتىم، ئۇنىڭغا تېلېفوندا يىغلاپ، قاقشاپ بېرەتتىم. ئۇنىڭ تەسەللىلىرى بىلەن خېلىلا يېنىكلەپ قالايتتىم، بارا-بارا بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز بىر-بىرىمىزگە ئىنتىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى، بىز بەزىدە ھەتتا كېچە-كېچىلەپ ئەڭ تاتلىق سۆزلەر بىلەن قايناپ تېشىۋاتقان ھېسسىياتىمىزنى باساتتۇق. غېنى مېنىڭ بىردىنبىر تەسەللىيىم ئىدى، ئۇنىڭ بىر چاغلاردىكى قىياپىتىنى ئەسلەش، ئۇنىڭ تېلېفوندىكى شېرىن سۆزلىرىنى ئاڭلاش مېنىڭ شۇ كۈنلەردە ئېرىمدىن كېلىدىغان خورلۇقۇمنى بېسىپ تۇرىدىغان بىردىنبىر روھىي ئوزۇقۇم بولۇپ قالغان ئىدى. بىز توردا، تېلېفوندا ياكى ئۇچۇر يوللاش ئارقىلىق كۆرۈشەتتۇق، بىر-بىرىمىزنى سېغىناتتۇق، بىر-بىرىمىزگە تەسەللى بېرەتتۇق. ئەمما ھەر ئىككىلىمىز ھازىرقى كۆڭلىمىز يوق ھەمراھلىرىمىزدىن ئايرىلىپ، بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان گەپنى قىلىشمايتتۇق. سەۋەبى بەلكىم بىز بالىلارنى ئويلىغان بولۇشىمىزمۇ، بەلكىم ھەمراھلىرىمىزنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىغان بولۇشىمىزمۇ، قانداقلا بولمىسۇن شۇنچە يىل قىل بىلەن تام قوپۇرغاندەك تىرىشىپ-تىرمىشىپ قوپۇرغان ئۆيىمىزنىڭ تېمىنى چۇۋۇۋەتكۈمىز كەلمىگەن بولۇشىمۇ ۋە ياكى ئىككى ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدا خىزمەت يۆتكەشنىڭ ئاۋارىچىلىكىدىن قورققان بولۇشىمىزمۇ مۇمكىن ئىدى. ئەلۋەتتە ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنىلارنىڭ، ئەھلىمەھەللە، جامائەتنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورققان بولۇشىمىزمۇ مۇمكىن ئىدى، ئىشقىلىپ بىز بۇ توغرىدا ھېچقاچان سۆزلىشىپ باقمايتتۇق، پەقەت بىر-بىرىمىزگە بولغان چەكسىز سېغىنىشىمىزنى ئىپادىلەيتتۇق...

ئېرىم ئويۇنىنى ئويناپ يۈرۈۋەردى. شۇ كۈنلەردە ھېلىقى خىزمەتدىشى ئېرىم بىلەن خىزمەت سەۋەبلىك سىرتقا چىقىدىغاننى باھانە قىلىپ، ئۇنى ھەتتا ئىشىككىچە كېلىپ ساقلاپ تۇرىدىغان، كۆزۈمچىلا چاقىرىپ ئاچىقىپ كېتىدىغان بولۇۋالدى، مەن شۇ كۈنلەردە غېنىنىڭ ماڭا ئاتا قىلىۋاتقان مېھىر-مۇھەببىتى بىلەنلا تەسەللى تېپىپ يۈرەتتىم، بىراق بۇنداق تەسەللىلەرنىڭ بېشىمغا چوڭ بالا بولىدىغانلىقىنى زىنھار ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

بىر كۈنى تېلېفونۇمغا بىرەيلەننىڭ ئۇچۇرى كىرىپ قالدى. ئۇچۇر مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«مەن بىلەن تونۇشۇشنى خالامسىز؟»

مەن دەرھال ئۇچۇر قايتۇردۇم: «سىز كىم؟»

«مەن غېنىنىڭ ئايالى، ئۇقۇپ قېلىڭ، غېنىنىڭ!!! سىز ئېرىمنىڭ دوستى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى مېنىڭ دوستۇم بولسىڭىز بولمامدىكەن؟!» يۈرىكىم سېلىپ ھوشۇمدىن كېتىدى-

غاندەكلا بولۇپ قالدىم. غېنى ماڭا دائىم ئىشخانىسىدا، ئۆيدىن سىرتقا چىققاندا، كېچىلىرى ئىدارىسىدە نۆۋەتچىلىكتە تۇرغاندا تېلېفون قىلاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە قايتقان چاغلىرىدا ھېچقاچاق تېلېفون قىلىپ باقمىغان ئىدىم، ئەمما ئىككىمىزنىڭ ھەر كۈنى تېلېفوندا ئاز دېگەندىمۇ ئىككى-ئۈچ قېتىم كۆرۈشىدىغانلىقىمىز، توختىماي ئۇچۇر يوللىشىدىغىنىمىز راست ئىدى. شۇنداق تۇرۇپ ئۇ نەدىن ئۇققاندۇ ئىككىمىزنىڭ مۇڭدىشىۋاتقىنىمىزنى؟

«كەچۈرۈڭ، غېنى مېنىڭ ساۋاقدىشىم، ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟» مەن بۇ ئۇچۇرنى يۈزۈم كۆيگەن، تىلىم قىسىلغان ھالدا قايتۇردۇم.

«شۇنداق، سىز غېنىنىڭ ساۋاقدىشى، ئەمما قانداق ساۋاقداش باشقىلار ئايالى بىلەن كېچىنىڭ راھىتىنى كۆرۈۋاتقاندا تېلېفون قىلىدۇ؟ ئۇچۇر يوللايدۇ؟»

مەن ئۇچۇرنىڭ مەزمۇنىنى كۆرۈپ، ھەتتا ئورنۇمدا راۋۇرۇسمۇ تۇرالمىدىم، قارىسام يۈرىكىم سېلىپ سافادا ئارانلا ئولتۇرۇپ قاپتىمەن.

«ئەگەر سىلەرگە شۇنداق مالاللىق يەتكۈزگەن بولسام، كەچۈرۈڭ، سىزدىن ئەپۇ سورايمەن.»

«سىز بىر ئېغىزلا ئەپۇ سوراش بىلەن مېنىڭ ئالتە ئايدىن بۇيان تارتقان ئازابلىرىمنى يوق قىلىۋېتەلەمسىز؟ مەن ئىككىڭلارنىڭ تېلېفون خاتىرەڭلەرنى قولغا چۈشۈردۇم، سىلەرنىڭ سائەت - سائەتلەپ پاراڭلاشقىنىڭلار ماڭا ئايان بولماي، ئېرىڭىزگىمۇ ئايان بولسا، ئاندىن ئادىل بولىدىغۇ دەيمەن؟!»

مېڭەم قوچۇلۇپ كەتتى، مەن يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان بۇ بەختسىزلىكنىڭ سالمىقىنى ئېنىق ھېس قىلالىۋاتاتتىم. مۇبادا ئېرىم مېنىڭ غېنى بىلەن كېچە-كېچىلەپ، سائەت-سائەتلەپ سۆزلىشىدىغىنىمنى بىلىپ ئاشۇ ئىسپاتنى قولغا چۈشۈرۈپلىۋالسا تۈگەشكىنىم شۇ ئىدى. مەن ئۆز-ئۆزۈمنى، ئۇنى گوللاپ ئولتۇرالمايتتىم. ئۇدۇللا كوچىغا ھەيدىلەتتىم، قىزىمنىڭ دادىسىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ تۇتۇپ تۇرالمايتتىم. ئاھ خۇدا! مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ شۇ دەقىقىدە ئېرىمگە، قىزىمغا، ئون يىلدىن بېرى جان كۆيدۈرۈپ تۇتقان مۇنۇ ئۆيۈمگە، ھەر بىر تال چوكا، چەينەكلەرگىچە نەقەدەر چىدىمايدىغانلىقىمنى بىردىنلا ھېس قىلدىم. شۇڭلاشقا جان - جەھلىم بىلەن غېنىنىڭ ئايالىنىڭ ئاغزىنى ئېتىشىم، ئۆزۈمنىڭ «بۇزۇق»لۇقۇمنى ئېرىمگە ئۆلۈپ كەتسەممۇ بىلدۈرمەسلىكىم كېرەك. غېنى بىلەن تېلېفوندا پاراڭلاشمىغىنىمغا نېمە بوپتۇ؟ ھەل قىلغۇچ يېرىگە كەلگەندە، غېنى قىزىمنىڭ دادىسى ئەمەس، ھەتتا مېنىڭ ھېچنېمەم ئەمەس. ئۇنىڭ تېلېفونى بولمىغاندىمۇ ھەممىگە چىدىغانمەن. ئەمما ئېرىمدىن ئاجرىشىپ كېتىشكە چىدىيالمايمەن. مەن ئۆزۈم ئۈچۈن نېمىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا بىردىنلا ھېس قىلدىم.

«سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن، مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ ھالى بىلەنلا بولۇپ سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىزنى ئويلاشماپتىمەن، كەچۈرۈڭ... ئەمدى ئىككىنچىلەپ غېنىغا تېلېفون قىلمايمەن، سىزگە ۋەدە بېرەي.» «قورقۇش ئەمدى سىزگە ئۆتتىمۇ؟ ھا ھا ھا... سىزنى ئەمدى بوش قويمايمەن! ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ، ئەمدى نېمىلا قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلىمەن!»

مەن دىرىلدەپ تىترىگەن ھالدا غېنىغا تېلېفون قىلدىم، ئەمما شۇ نەس باسقان مىنۇتتا غېنى تېلېفوننى زادىلا ئالمىدى. ئۇنىڭ تېلېفوننى ھەدېسىلا ماشىنىسىغا تاشلاپ قويىدىغان ئادىتىنى بىلىۋالغان ئىدىم، بۈگۈنمۇ ئۇ چوقۇم يەنە تېلېفوننى ماشىنىغا تاشلاپ قويغان گەپ. شۇ دەقىقىدە پەقەت غېنىلا ماڭا

www.uyghurkitap.com

كېلىدىغان بەختسىزلىكنىڭ ئالدىنى ئالالايتتى، ئەمما ئۇ تېلېفونۇمنى زادىلا ئالمايۋاتاتتى.

غېنى تېلېفوننى ئالمىغاندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا ئۆتتۇم. ئەمدى غېنى بىلەن زادىلا ئاللاقىلەشمەسلىككە قايتا - قايتا ۋەدە بەردىم، لېكىن ئۇ زادىلا گەپ يېمەيتتى، خۇددى غېنى ئىككىمىزنىڭ تېلېفون خاتىرىمىزنى ئېرىمگە بەرسىلا پۇخادىن چىقىدىغاندەك قىلاتتى، ئۇ ئېرىمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ قاچقان مەندەك ئىپلاس ئايالدىن ئۆچ ئېلىشقا تولۇق ھازىرلىنىپ بولغاندەك قىلاتتى، ئۇ بۇ يولدا ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە رازى ئىكەنلىكىنى ئەڭ سېسىق تىللار بىلەن ئاشكارىلايتتى.

«سىز ئېرىمنىڭ نومۇرىنى، ئادرېسىنى بىلەمسىز؟...» مەن قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە پاتقان ھالدا، ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۈمىد بىلەن ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ ئۇچۇر يوللىدىم. مىنۇت ئۆتمەيلا ئۇ ئېرىمنىڭ خىزمەت ئادرېسىدىن تارتىپ، يانفونىنىڭ نومۇرىغىچە ماڭا ئەۋەتىپ بەردى. ئوق تەگكەن كېيىكتەك ئىختىيارسىز يۇلقۇنۇپ كەتتىم. ئاھ خۇدا، بۇ ئايالنىڭ قولىدىن ھەر بالا كەلگۈدەك! ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىممۇ يوققا چىققان ئىدى. مەن يالۋۇرىدىغانىمنى يالۋۇرۇپ بولدۇم. غېنى تېلېفوننى يەنىلا ئالمايتتى... ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانلارغا شۇنداق قولايلىق يارىتىپ بەرگەن ھازىرقى ئۇچۇر دەۋرىدىن قاتتىق نەپرەتلىنىپ كەتتىم. مۇبادا تېلېفون، كومپيۇتېر، ماشىنا... غا ئوخشاش ئىلغار تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى بولمىغان بولسا، ئېرىممۇ ئۆيدە ئولتۇرغان بولاتتى. مەنمۇ غېنى بىلەن قايتا تېپىشىپ قالمىغان بولاتتىم، يۈرىكىم قىسىلغان ھالدا ئېرىمنىڭ ئاشۇ تېلېفون خاتىرىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كۆزۈمگە تىقىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتىن باشقا ئامالىم قالمىدى. يەنە ئۈمىدىم يوقمۇ

ئەمەس ئىدى. بەلكىم غېنىنىڭ ئايالى نىيىتىدىن يېنىپ قېلىشىمۇ، ئۇ نەرسىلەرنى ئېرىمگە ئەۋەتىپ بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىن، غېنى ھېلىلا ماڭا تېلېفون قايتۇرۇشى، بولغان ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولۇپ، ئايالىغا توغرا چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن... ۋۇجۇدۇم تۇزاققا چۈشكەن ئىمجان قۇشتەك تىترەيتتى، ئەمدى ھەممىنى خۇداغا تاپشۇرماقتىن باشقا چارىمۇ يوق ئىدى.

ھېلىقى ئايال تېلېفونۇمغا توختىماي ئۇچۇر يوللايتتى. بىردەم غېنى بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتىدىغانلىقىنى دېسە، بىردەم ئۆزىنىڭ غېنىدەك ئادەم بىلەن ئاجرىشىپ كېتىدىغانلىققا پەرۋا قىلمايدىغانلىقىنى دەيتتى، ھەتتا غېنى بىلەن كېچىلەرنى قانداق شېرىنلىك ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى شۇنچىلىك يالىڭاچ سۆزلەر بىلەن ئۇچۇر قىلىپ يوللايتتى، مەيلى ئۇ قانداقلا سۆزلەرنى يازسۇن، ھەممىسىدە ئاشۇ تېلېفون خاتىرىسىنى ئېرىمگە چوقۇم ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىقىنى، مەندەك بۇزۇق ئايالدىن ئۆچ ئالماي قويمايدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. مەن ئىلىشىپ قالايلا دېدىم، بۇ ئايالغىمۇ، غېنىغىمۇ، ئېرىم ھەم ئۆزۈمگىمۇ قاتتىق ئۆچلۈكۈم كېلىپ كەتتى. يۈزلىرىمنى چىمداپ، ئېڭەكلىرىمنىمۇ كاچاتلاپ كېتىپتىمەن. ئاخىر ئۇ ئايالغا زادىلا گەپ ئۇقتۇرالمىدىم، غېنىنىڭمۇ تېلېفون ئالالمىدىم، سەۋر - تاقىتىم چېكىگە يەتكەنىدى. ئايالنىڭ ئۇچۇرلىرىنى داۋاملىق كۆرۈش، داۋاملىق ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشمۇ ئەسقاتمىدى. زادىلا بولالماي تېلېفونۇمنى ئېتىۋەتتىم. مەن خۇددى پۇتلىرى چۈشەلگەن قۇربانلىق قويغا ئوخشاش، بوغۇزلىنىپ تېرەمنىڭ تەتۈر سويۇلىدىغان شۇ سائەتنى كۈتۈپ ئۆيدە ئولتۇراتتىم.

كەچمۇ كىردى، ئەگەر كۈنلەر نورماللا بولسا، ئېرىم يېرىم كېچىدە ياكى ئەتە كېلەت-

www.uyghurkitap.com

تى. چۈنكى ئۇ ئەتىگەندە ئىدارىسىگە يۈگۈرۈ-دىن خىزمەت تەكشۈرۈپ باشلىقلار كېلىدىغان-لىقىنى ئېيتقانىدى. ئادەتتە ئۇ: «يۇقىرىدىكى باشلىقلارنى كۈتۈپ كۆپ ئىچىپ قويغاچقا، ماشىنا ھەيدىيەلمەيدىغانلىقى، ئۆيگە كېچىچە قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقى»تەك ياخشى پۇرسەت-نى ھەرگىز قولدىن بەرمەيتتى. باشقا كۈنلەردە مەن ئۇنىڭ بالدۇرراق ئۆيىنى تېپىۋېلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولسام، بۈگۈن دەل ئەكسىنى ئارزۇ قىلاتتىم، يۈرىكىم پوكۇلدايتتى.

شۇ تەرىقىدە بىر كېچە ئۆتۈپ كەتتى، بۇ كېچىدە تالاي قېتىم بىر ئۈمىد بىلەن تېلېفون-نى ئېچىپلا غىڭىنغا تېلېفون قىلاتتىم، ئەمما ئۇ تېلېفوننى ئوخشاشلا ئالمايتتى. ئەمما تېلېفون-نى يەنە قايتا ئېتىپ بولغۇچە ھېلىقى نەپرەت-لىك خوتۇننىڭ ئۆچۈرلىرى قارا ھەرىنىڭ بوغۇق نالىسىدەك غوڭۇلداپ، ئارقا-ئارقىدىن كىرەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىمنى مۇجۇپ زەرداب قىلىدىغان ئۆچۈرلىرىنى ئوقۇماي دەپمۇ ئويى-لايتتىم، ئەمما ئۇنىڭ نىيىتىدىن يېنىپ قالغان بولۇشىنى تىلەپ، ئۆچۈرلىرىنى يەنە ئوقۇيت-تۇم. ئەمما ئۆچۈرلار ئوخشاشلا مېنى قورقۇ-تۇش بىلەن باشلىنىپ، زەھەردەك ئاچچىق سېسىق سۆزلەر بىلەن ئۇلىنىپ كېلىۋېرەتتى. مەن زادىلا چىداپ بولالمىدىم، تاپشۇرۇۋالغان ئۆچۈرلىرىمنىڭ سانى ۋە ۋاقتىغا قارىسام، بۇ ئايال تۈنۈگۈندىن باشلاپ ئاش-نان يېمەي، ھېچقانداق ئىش قىلماي، ماڭا ئۆچۈر يوللاش بىلەنلا بولۇۋاتقاندەك ئىدى. ئەگەر ئۇ مۇشۇن-داق قىلىۋېرىدىغان بولسا، ئۇ ئېرىمگە ھېلى-قى خاتىرىنى بېرىپ مېنى پاش قىلغۇچە، ئۆ-زۈملا كوچىغا: «مەن ساراڭ!...» دەپ چىقىپ كېتىدىغاندەكلا ھالغا يەتكەنىدىم.

ئاخىر كۈتكەن، قورققان ئىش يۈز بەردى. ئېرىم ئەتىسى چۈشكە قالماي قاپىقى ساڭگىلى-غان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى-دە، ھېچنېمە دېمەيلا يۈزۈمگە ئىككى ۋاراق قەغەزنى ئاتتى. مەن گاڭگىرىغان، قورققان ھالدا ھېلىقى قە-غەزلەرگە بىرمۇبىر قاراپ چىقتىم. بۇ ھەقىقە-تەن مەن تۈنۈگۈندىن بېرى يالۋۇرۇپمۇ، ۋەدە بېرىپمۇ توسۇپ قالالمىغان «بوزۇقچىلىقىم»-نىڭ خاتىرىسى ئىدى.

— بۈگۈندىن باشلاپ ئىككىمىزنىڭ ئىشى ۋەسسالام! شۇ سائەتتىن باشلاپ سەن مېنىڭ خوتۇنۇم ئەمەس! ئەمدى بېرىپ ئاشۇ ئاشىقىڭ-نى تېپىۋال! — ئۇنى ماڭا نەپرەتلەنگەندى، مەندىن يىرگەندى دېگەندىن كۆرە، مەقسىتىگە يەتتى، كۈتكەن ئارمانلىرى ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى، دېگەن تۇيغۇ ئىدى. دەرۋەقە مەن ئۇنىڭ ئاشۇ پارقىراق يۈزلىرىدىن ئەرلەردە خو-تۇننىڭ ئەخلاقسىزلىقى سەۋەبلىك پەيدا بولى-دىغان نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكنى كۆرەلمىدىم. ئۇنىڭ قېلىن كالپۇكلىرى ھەرقانچە تىترەپ، ئاچچىق سۆزلەرنى قىلىشقا ئۇرۇنسىمۇ، ئەمما مەلۇم بىر خىل قانائەت ھەم مەمنۇنىيەت بىلەن ھېچ تىترىيەلمەيتتى. ئۇ ئاغزىدىن چىقىرىلى-غان سۆزلەرنى خۇددى باشقىلارغا ئېيتىۋاتقان-دەك، ئۆزىدە ھېچقانداق قەھىر ۋە غەزەپ پەيدا قىلالمايتتى.

— بۇنى سىزگە چۈشەندۈرۈپ قوياي... بۇ مۇنداق ئىش ... سىز ئويلىغاندەك ئەمەس... بىلىسىز، مەن ئۇنداق ئايال ئەمەس... — غايەت زور تىترەكتىن ئاۋازىم گويا جىنايىتىنى يو-شۇرۇپ، ساقچىلارنى قايمۇقتۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋات-قان ئوغرىنىڭ ئاۋازىدەكلا چىقىپ كەتتى.

— ساڭا فاكس كەپتۇ دېسە، بىلمەيلا غەي-رەتنى ئالغاچ كىرگىن دەپتىمەن، بۇنداق نو-مۇسلۇق شەرمەندە ئىشنى بىلگەن بولسام، ھېچ بولمىغاندا ئۆزۈم ئەكىرمەسمىدىم؟ ئۆزى-مىز بىلىشىپ، يولىمىزغا ماڭماسمىدۇق؟ شەرمەندىلىكنىڭ شۇ تاپتا بىزنىڭ ئىدارىنىڭ ئىچى-تېشىغىمۇ پۇر كېتىپ بولدى!

— ماڭا سوئال قىلماڭ، مەن ھېچ ئىش قىلمىدىم، غېنى مېنىڭ ساۋاقدىشىم. ئۇنىڭ ئايالى ئىلىنىشىپ قاپتۇ، بىز ھېچ ئىش قىلمىدۇق! بىز بىر-بىرىمىز بىلەن كۆرۈشمىگىلى 15 يىل بولدى. مېنى ئۆزىڭىزگە ئوخشاتماڭ! مەن ھازىرغىچە بۇ ئۆيدىكى ھېچقانداق ئادەمنىڭ يۈزىگە قارا بولغۇدەك ئىش قىلغىنىم يوق! — ئۆزۈمنى خېلى تۇتۇۋالغانىدىم، ئەمما ھەر قانچە تەمكىن بولۇۋالغىنىم بىلەن خىيالىمدا ئاللىبۇرۇنلا بىر جىنايەتچى بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ، ئەخلاقنىڭ سوتىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەنىدىم. بۇنداق سوتتا يېڭىپ، مەيدىسىنى كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالىغان ئاياللار تېخى يوق. قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتىم.

— ماڭا ئۇنداقتى، مۇنداقتى دەپ چاپلىشىۋېلىپ، يۈزۈمنى يەنە تۆكۈۋېرىمەن دەپ ئويلىغان بولساڭ، قاتتىق خاتالىشىپسەن ئامىنە! ئەرلەرگە خوتۇننى قويۇۋېتىش بەكلا ئاسان، ھازىرلا سېنى تالاق قىلىۋەتسەم ئىش بىردەمدىلا تاماملىنىدۇ. ھەر ئىككىمىزگە كېيىن دەپ تارتىشىدىغانغا ھېچقانداق يول قالمايدۇ. ياق، بولدى ئاجرىشاي دېسەڭ، بىز بىر مەزگىل ئايرىلىپ تۇرايلى، ۋاقىت بىر نېمە دېسۇن. بالىغا ھازىر قانداق قىلىۋاتقان بولسام، يەنە شۇنداق قىلىمەن. ئۆيمۇ ساڭا قالسۇن، ياق دەيدىكەنسەن، ساڭا جاۋابىم ھازىرلا تەييار! ئىشىمىز بىردەمدىلا پۈتىدۇ!

— نېمىشقا ماڭا ئىشەنمەيسىز؟ مەن شۇنداق ئىشەنچسىزما؟ شۇ چاغقىچە سىزگە قارا بولغان يېرىم بارمۇ؟ يۈزىڭىزنى تۆككەن يېرىم بارمۇ؟ نېمىلا قىلسىڭىزمۇ، نەلەردە يۈرسىڭىزمۇ غىڭ قىلمىدىم، سىزگە ئىشەندىم. ئەجەبا ماڭا كەلگەندە سىز ئەجەب ئىشەنمىدىڭىزا؟ ھېچ بولمىغاندا رەئىسەنىڭ يۈزىنى قىلىڭ! — مەن يىغلاپ كەتتىم. جەمئىيەتتە، دوست-ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئىچىدە بۇزۇق، ئەخلاقسىز ئايال بولۇپ يۈرگىنىمدىن، ھەرقانداق بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ، خورلىنىپ ئۆلۈپ كەتسەممۇ، ئۆز ئۆيۈمدە، ئېرىمنىڭ يېنىدا تۇرغىنىم ياخشى ئىدى. ئەمما...

— سېنى ماڭا قارا سۈركىمەيدۇ، دەپ ئىشەنگەچكىلا شۇ كۈنگىچە بۇ ئۆيگە، قىزىمغا تارتىشىپ كەلدىم. ئېيتقىنا، ئەمدى مېنى تۇتۇپ تۇرىدىغان نېمەڭ قالدى؟ نە چىرايىڭ، نە ئىسكەتىڭ قالمىدى. خۇددى سېسىپ كېتىۋاتقان ئالمىنىڭ ئۆزىلا. بىزنىڭ ئىشىمىز تۈگىدى، ئامىنە! چاۋاڭنىڭ شۇنچىلىك يېيىلغان ۋاقتىدا، جىممىدە بېرىپ خېتىڭنى ئېلىۋالغىن. قارا، تېلېفونۇڭ يەنە سايراۋاتىدۇ، ئاشىقىڭغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگىن، بۈگۈن ساڭا تەبرىكلەشكە ئەرزىگۈدەك بىر كۈن بولىدىغان بولدى!

نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟ ئۇنىڭ رەھىمسىزلىكى ئالدىدا نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ ھەممە ئىش ئايدىڭ بولدى، ھەممە گەپ دېيىلىپ بولدى. تېلېفونغا قارىدىم، تېلېفون راستىلا غېنىدىن كەلگەن ئىكەن. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاننىڭ نېمە پايدىسى؟

بولىدىغان ئىش بولدى. ئۇنىڭغا مىڭ دېگەن بىلەنمۇ ئۇ ئەمدى خوتۇنىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىپ كەتكەن گەپنى تۇتۇۋالالمايدۇ. فاكس بولۇپ دەل جايىغا يەتكەن ئىسپات قەغەزنى قايتۇرۇۋالالمايدۇ. غېنىغا، ئۇنىڭ خوتۇنىغا شۇنچىلىك ئۆچلۈكۈم كېلىپ كەتتى. تېلېفوننى غەزەپ بىلەن تامغا قارىتىپ ئېتىۋەتتىم-دە، بوقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم. ئېھ، ئاياللارنىڭ ئاجىزلىقىغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئېرىم مەن ھۆڭرەك ئېتىپ يىغلاپ تۇرغان ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، بەلكى مەڭگۈلۈك يوقالدى.

ئەمەلىيەتتە ئېرىم ئۈچۈن بۈگۈن ھەقىقەتەن تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان كۈن. ئۇ ئۆزى تەلپۈنىدىغان پارلاق يولدىكى مېنىڭدەك توسالغۇنى ئۆزۈمنىڭ قولى بىلەن كۆچىمەيلا

ئۆرۈۋېتەلىدى. ئەمما بۈگۈن مەن ئۈچۈن تۇرمۇش دەرۋازىسى مەھكەم تاقالغان، ئۆزۈم بۇ گۈزەل ھايات تېمىنىڭ ئارقىسىغا ئىرغىتىپ تاشلانغان بىر كۈن.

مەنمۇ شۇ كۈنگە قالغانىدىم. ماڭا ئەلەم بولىدىغىنى مەنمۇ ئېرىمگە ئوخشاش، ھېچ بولمىغاندا ئاشۇ ياۋاش قوشنامغا ئوخشاش بىر قېتىم بولسىمۇ يولدىن چىقىپ باقمىغىنىم ئىدى. ۋاھالەنكى، مەن ھېچقاچان بىر ئەر كىشى بىلەن قوشنامدەك يولدىن چىققۇدەك ھەرىكەتتە بولمىغانىدىم، پەقەت بىر ئەر كىشىگە دەرد تۆككەن، ھەسرىتىمنى بىللە ئورتاقلاشقانلا ئىدىم...

بىز شۇ ئىش بولۇپ بىر ئاي بولمايلا ئاجرىشىپ كەتتۇق. ھەممە ئىش ئېرىمنىڭ رايى بويىچە بولدى. بەزىلەر ماڭا ئۇچۇقتىن ئۇچۇقلا ئېرىمنىڭ كەڭ قورساقلىقىنى، مەندىن ئۆچ ۋە بىساتتالاشمىغىنىنى ئېيتىشتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يولدىن چىققان ئۇ ئەمەس، مەن ئىدىم. ئېرىمنىڭ مېنى قويۇۋېتىشىمۇ ھەقلىق ئىدى. ھېچكىم بىز ئاجرىشىپ كەتمەستە ئۇنىڭ ھېلىقى خىزمەتدىشىنى خۇددى خوتۇنىدەك كەينىگە سېلىپ يۈرگەنلىكىنى ئەسلەپ قويمايتتى. ھېسداشلىققا ئېرىشكۈچى مەن ئەمەس، ئېرىم بولۇپ قالغانىدى.

بۇ جەمئىيەتتە ھەقىقەتەن بەزىدە ساق كىشىلەر ئاغرىق، ئاغرىق كىشىلەر ساق دەپ قارىلىدىكەن. بەزى ئەرلەر بۇزۇلۇپ، ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالسا، ئۆزىنىڭ ئەرلىك مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلالمىسا، باللىرىنى يېتىم-خار قىلسا، كۈنبويى لاغايلاپ، بىر تىيىن تاپماي، خوتۇنىنىڭ جاپالىق تاپقان پۇلىغا تەلمۈرۈپ ياتسا بولىدىكەن. ئۇلارنى كىشىلەر بىر ئاماللار بىلەن توغرا چۈشىنىدىكەن. ھالبۇكى، ئاياللارنىڭ مۇنداقلا بىر قېتىم ئايىنىپ قېلىشىنى ھەرگىزمۇ كەچۈرمەيدىكەن، چۈشەنمەيدىكەن. ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا جەمئىيەتتە كەچۈرۈم ھەم توغرا قاراشقا تەشنا نورمال ئادەم ئىكەنلىكىنى ئەسلا ئويلاپ قويۇشمايدىكەن.

شۇ كۈنى پۈچىلانغان ھالدا تۈنجى قېتىم كۆز ياشلىرىمنى ئەركىنگە قويۇۋەتتىم. تۈنجى قېتىم ئۆزۈمنىڭ چەكسىز بەختى قارىلىقىمدىن زارلىنىپ ۋارقىراپ يىغلىدىم. كۆز ياشلىرىمدا چەكسىز دەرد ھەم ئەلەم بار ئىدى. شۇنداق، قانداقلا بولمىسۇن مۇھەببەت ۋە ئارزۇ-ئۈمىدىنىڭ ھىدلىرى تولغان كۈنلەر ئەمدى تۇرمۇشۇمدىن پۈتۈنلەي غايىب بولغانىدى.

ئېرىمدىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، بەختسىزلىك ۋە قايغۇ-ھەسرەت ماڭا تۆپە-تۆپىلەپ چۈشتى. مېنىڭ: «مەلۇم بىر ئەر بىلەن تېپىشىۋالغىنىم، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ شۇ ئەر كىشى بىلەن كېچە-كېچىلەپ كۆڭۈل ئاچىدىغانلىقىم، شۇ سەۋەبتىن ئېرىمنىڭ خېتىمنى بېرىۋەتكىنى، ئاشنامنىڭ تېلېفون خاتىرىسىنى ئېرىمگە ئەۋەتىپ بەرگىنى» كۆپتۈرۈلۈپ، قانات-قۇيرۇق چىقىرىلىپ، بىز تۇرۇۋاتقان بۇ كىچىككىنە ناھىيە بازىرىغا پۇر كەتكەنىدى. شۇڭىمۇ بەزى ھاياسىز ئەرلەر خۇددى سېسىغان ئالمىغا چىۋىن ئولاشقاندەك چۈشىنىكسىز بىر تېتىقسىزلىق بىلەن ماڭا تۇرۇپلا تېلېفون قىلاتتى، يېقىنلىشاتتى. ئاياللار ئەرلىرىنى مەندىن قەستەن قورۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ھەتتا يېقىن ئۆتىدىغان دوستلىرىممۇ مېنىڭدىن خۇددى ۋابادىن قاچقاندەك قاچاتتى، ئەرلىرىنىڭ ماڭا مۇنداقراق قاراپ قويۇشىغىمۇ چىدىمايتتى. مەن تۈنجى قېتىم ئېرى بولمىغان ئاياللارنىڭ پاناھسىز، يۆلەكسىز تۇرمۇش كەچۈرۈپلا قالماي، يەنە دەككە-دۈككە، خورلۇق ۋە چۈشەندۈرۈش تەس بولغان بىر قىسىلچىلىق ئىچىدە ئەلەم بىلەن ئۆتىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىۋاتاتتىم. تۈنجى قېتىم «پايتىمىسى



www.uyghurkitap.com

سۆرىلىپ تۇرسىمۇ ئۇ دېگەن بىر ئەر» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىۋاتاتتىم. نۇرغۇنلىغان ئاياللارنىڭ ئاشۇ «پايتىمىسى سۆرىلىپلا تۇرۇشتىن باشقىغا يارىمايدىغان» سۆرەلمىلەر بىلەن نېمىشقا جان ئۇپىرىتىپ كۈنلىرىنى بىللە ئۆتكۈزىدىغانلىقىنىڭ تېگى-گە يەتكەندەك بولدۇم. شۇنداق، پايتىمىسى سۆرىلىپ تۇرسىمۇ، ئاياللارغا يەنىلا بىر ئەرنىڭ بولغىنى ياخشىكەن.

باشقىلارنىڭ خاتا چۈشىنىشىگە قالغاندى-مۇ ئېغىر ئازاب بولمىسا كېرەك. بۇ خۇددى گال پىچاقتا ئاستا-ئاستا قىينىلىپ بوغۇزلى-نىۋاتقان قوينىڭ پاجىئەسىگىلا ئوخشاش ئىش ئىدى. مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق چىدىغۇسىز روھىي زەربىگە ئۇچراپ باقمىغان، بۇنداق زور بەختسىزلىكنى ھېس قىلىپ باقمىغانىدىم. ھە دېگەندىلا بېشىم ئايلىنىپ، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالغانىدىم. خاتىرجەملىكىم بۇزۇلغا-نىدى. ھەتتا كىتابمۇ كۆرەلمىدىم، كاللامدىكى ئازابلىق كەچمىشلەرنى زادىلا نېرى قىلالمى-دىم. قولۇم ھېچ ئىشقا بارمايتتى.

غېنىنىڭ تېلېفونىنى زادىلا ئالمايتتىم. ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ، راستلا پۇخادىن چىقىۋالغاندەك، ئۇچۇرمۇ يول-لىماي، تېلېفونمۇ قىلماي جىمجىتلا تۇگۈلۈ-ۋالغانىدى. ئۇ ئايالغا بولغان نەپرىتىمنىڭ تېگى يوقتەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئاغزىمنى بۇزۇپ، بىشەم كوچا خوتۇنلىرىدەك تازا تىل-لاشقۇم، غېنىغاچىقىشتۇرۇپ تازا ئەدىپىنى بەر-گۈزگۈم كېلەتتى. ئەمما مەن نېمە دەپ تىللاي-مەن؟ ئۇنىڭ ئەۋەتكىنى ساختا نەرسە ئەمەس، ھەقىقەتەن مەن سادىر قىلغان راست ئىشلار. ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ئېگىز-پەس قىلىۋەتكەن، ئۇنى كۈنداشلىقنىڭ ئازابىدا قىلدەك تولغىنىت-ۋەتكەنمۇ مەن. ئۆزۈممۇ ئۇلۇغ ئوتنىڭ ئېچى-گە كىرىپ، چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان قۇرۇق ئوتۇن بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇق، بىر ئايالغا يەنە نېمە-دەپ ئۇنداق-مۇنداق دېگۈدەكمەن؟ يەنە كېلىپ ئۇ ئايالنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئېسىمدە ساق-لىۋالماپتىكەنمەن. كەلگەن ئۇچۇرلارنى دەرھال ئۆچۈرۈپ تاشلىۋەتكەچكە، ئۇنىڭ بىلەن تازا تىللاشقۇم كەلگەن كېيىنكى كۈنلەردە، تېلېفون نومۇرىنى بىلمىگەچكە، توختاپ قالغان ئىدىم. نىكاھ ئىشلىرىم، تۇرمۇشۇمدىكى بەختسىز-لىكلەرنى غېنىغا نېمىشقىدۇر زادىلا دېگۈم كەلمىدى. ئىلگىرى ئېرىمنىڭ نېمەدېگەن، نېمە قىلغانلىرىدىن تارتىپ ھەممىنى ئۇنىڭغا دوكلات قىلاتتىم، لېكىن ئاشۇ نەس ئۇچۇر ھەم تېلېفون خاتىرىسىدىن كېيىن غېنىغا ھېچنېمە دېگۈم كەلمىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب بەكمۇ مۇ-رەككەپ ئىدى. مەن بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ ئايالى بىلەن ئېرىم ئىككىمىزدەك ئاجرىشىپ كېتە-شىنى خالايتتىم. يەنە بىر تۇرۇپ ئۇنداق ئەمەس ئىدى. يۈرىكىمگە كىرىپ چىقسام، مەن يەنىلا ئېرىمنىڭ مېنى توغرا چۈشىنىپ ئۆيگە قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتاتتىم. شۇڭا ئېرىم بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىم دەپ غېنىنىڭ خىيا-لىغا قانات چىقىرىشنى خالىمىدىم، ئۇمۇ كەينى-كەينىدىن ئۇرغان تېلېفونلىرىنى ئالمى-غانلىقىمدىن خورلۇق ھېس قىلدىمۇ، كېيىن قايتا تېلېفون قىلمىدى، بىز شۇ ھالدا ئۆز ھا-لىمىز بىلەن بۈگۈنكى كۈنگە كەلدۇق.

مەن شۇ كەمگىچە ئېرىمدىن يەنە ئۈمىد كۈتۈپ كەلگەن ئىدىم. خىيالىمدا سەۋر قىلىپ كۈتۈپ تۇرسام، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارلىق ئۇقۇشماسلىقلار تۈگەپ، تۇرمۇش يېڭى-دىن باشلىناتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا پات-پات تېلې-فون قىلىپ، قىزىمنى دادىسىنىڭ يېنىغا ئېتتى-رىپ تۇراتتىم، ئەمما ئۇ مېنىلا ئەمەس، قىزى-نىمۇ ئۇنتۇپ كېتىۋاتاتتى. خۇددى بۇ دۇنيادا قىزى ۋە مەندەك بىر ئايالى ئەسلا مەۋجۇت بولۇپ باقمىغاندەك، شۇ كۈنلەردە ۋاقىتنى

چىڭ تۇتۇپ، ياشلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈشكە چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ھېلىدىن-ھېلىغا قىز دوستلىرىنى يەڭگۈشلەيتتى، ھېلىقى خىزمەتدىشىمۇ ئۇنىڭغا ئېتىماي قالغانىدى. چۈنكى ئۇ نېمىلا دېگەنبىلەن بىر ئەردىن چىققان جۇۋان ئىدى. ئالدى-كەينىدە ھېچنېمىسى يوق ئۇنىڭدەك قاملاشقان بىر ئەر ئەلۋەتتە يۈزى ئېچىلمىغان كىچىك قىزلارغا بەكرەك تەلپۈنەتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ تۇراتتىم، مەن ئاڭلايدىغان خەۋەرنىڭ بىرىمۇ مەن خۇشال بولغۇدەك خەۋەر ئەمەس ئىدى، ماڭا خەۋەر بەرگۈچىلەر كۆپ ئىدى. ئادەم بېشىغا كەلگەندە ئاندىن بىلىدىكەن، نېمە ئۈچۈندۇر مەندەك خوتۇن ئۈچۈن بۇنداق خەۋەرنى يەتكۈزىدىغانلار تەبىئىي ھالدا كۆپ بولىدىكەن. ئۇلار ئېرىم ئېتىپ تەگكۈزەلمىگەن ئازابنىڭ ئوقىنى يەردىن ئېلىپ يۈرىكىمگە سانجىپ قويغۇچىلار ئىدى.

ئېرىم ئاخىر ئۆزىدىن نەق 12 ياش كىچىك بىر قىز بىلەن توي قىلىدىغان بوپتۇ. توي مۇشۇ ھەپتىگە توختاپتۇ. قىزنىڭ خىزمىتى شەھەردە بولغاچقا، قىز تەرەپ ئېرىمنى شەھەرگە يۆتكەپ كەتكۈدەك...

بۇ خەۋەرلەر گويا ئەجەللىك ئوقتەك يۈرىكىمگىلا تېگەتتى.

ئېرىمنى كۈتۈش، ئەسلەش، سېغىنىشنىڭ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن خۇشال-خۇرام كۈنلەرنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئۇرۇنۇشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنىدى. ئۇنى يەنە قايتۇرۇپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، بۇنىڭ قىزىم ئىككىمىزگە قانچىلىك رولى بولار؟

شۇ تاپتا قەلبىم ئەلەمدىن، ئۈمىدسىزلىكتىن پۇچىلىناتتى. ئەمەلىيەتتە قەلبىم ئاللىبۇرۇنلا دەرد-ئەلەمنىڭ ئوچىقىغا ئايلانغانىدى. مەن تاكى ئۇنىڭ تويى بولىدىغان كۈنگىچە قايغۇ-ئەلەم ۋە چۈشكۈنلۈك قاپلىغان ئۆيۈمدىن خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ھېچنەگە چىقماي ئولتۇرغانىدىم. قىزىمنىڭ تەتىل ۋاقتى ئىدى. بىز بىر-بىرىمىزگە زورلاپ كۈلۈپ، زورلاپ تاماق يەپ، ھەر بىر كۈننى ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ كەلگەندۇق.

ھەقىقەتەن ۋۇجۇدۇمنى بىردىنبىر ئىللىتىپ تۇرۇۋاتقىنى يەنىلا قىزىم ئىدى. پەقەت قىزىملا بۇ بەختسىز ئائىلىدە ئۆسۈۋاتقان بىر تال ئەتىرگۈلگە ئوخشايتتى. بىز بىر-بىرىمىزگە تاغدەك يۆلەنچۈك ئىدۇق. پۈتكۈل خالايىق ماڭا نەپرەتلەنگەن، مەندىن يىراقلاپ كەتكەن، مېنى قارىلاپ قىپقىزىل بۇزۇققا چىقىرىۋەتكەندىمۇ، قىزىم مەندىن ئايرىلمايتتى، ماڭا تەسەللى بېرەتتى. مانا مېنىڭ يەنە يەپ-ئىچىپ ياشاپ يۈرۈۋاتقىنىمنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى ئىدى.

«نېمىشقا تېلېفونۇمنى ئالمايسەن؟ ساڭا زادى نېمە بولدى؟» دەرد-ئەلەمدىن پۇچىلىنىپ، ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي بوغۇلۇپ ياتقىنىمدا، تېلېفونۇمغا غېنىدىن تۇرۇپلا شۇنداق ئۇچۇر كىرىپ قالدى. ئۇچۇرنى كۆرۈپ ياشلىرىم تۆكۈلۈپ كەتتى.

«مېنىڭ كۆڭلۈم بەكلا يېرىم، غېنى ... دېگىنە، سەن كۆڭلۈڭ ئەڭ يېرىم بولغاندا نېمە ئىش قىلىسەن؟ مەنمۇ شۇنى قىلاي.»

«كۆڭلۈم يېرىم بولغاندا، ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىمنىڭ يېنىغا بېرىپ قانغۇدەك مۇڭدىشىشنى ئارزۇ قىلىمەن. شۇنداق قىلالىسام، دەردلىرىم يېنىكلەپ قالاتتى، ئەمما بۇ ئارزۇيۇم ھېچقاچان ئەمەلگە ئېشىپ باقمىدى، شۇڭا دەرلىرىممۇ يىغىلىپ تاغ بولدى، ئامىنە...»

شۇ چاغدا ماڭا ئۆزۈمنى ئېرىمنىڭ تويىدىن ئېلىپ قاچىدىغان، رېئاللىقنى قايرىپ قويۇپ، كۆڭلۈمنى ئەركىنگە قويۇۋېتىدىغان شۇنداق بىر باھانە-سەۋەب لازىم ئىدى. شۇ ئارقىلىق ئېرىمدىن كەلگەن بارلىق ئۇۋالچى-



www.uyghurkitap.com

لىقلىرىمدىن ئازراق بولسىمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلەيتتىم. مەندە غېنى تۇنجى قېتىم تېپىفون بەرگەندە پەيدا بولغان خۇشاللىق ھەم ئۈمىد يەنە قايتا پەيدا بولدى.

«مېنىڭمۇ شۇنداق قىلغۇم بار غېنى. ھازىرلا مۇشۇ تاپتىلا سەن بىلەن كۆرۈشكۈم بار...»

«ئەمىسە مەن بارايمۇ؟ ھېلىلا ماڭالايمەن، ئىشىنەمسەن؟»

يۈرىكىم بىر خۇشاللىقتىن، ھاياجان ۋە قورقۇنچتىن تېپچەكلەپ كەتتى.

«ياق، غېنى، مەن باراي...»

«راستمۇ؟ يالغان ئېيتساڭ ئەمدى ھېچ بەرداشلىق بېرەلمەيمەن».

«مەن يالغان ئېيتمىدىم، ئەتىلا سەن بار يەردە پەيدا بولىمەن.»

مەن ۋاقىتنى بىر مىنۇتمۇ ئىسراپ قىلىشنى خالىمىدىم، كۆڭلۈمنىڭ نېمىدە خۇش بولىدىغانلىقىنى بىردىنلا ھېس قىلدىم، غېنى ... مېنى باشتىن-ئاياغ ياخشى كۆرۈپ، ماڭا مېھىر بېرىپ كەلگەن ئەر! ۋۇجۇدۇم شىددەت بىلەن دولقۇنلاندى. ئېرىم مېنى سېيىپ كەتكەن ئالما، دەپ تاشلىۋەتكەن مۇشۇنداق پەيتتە، ئۆزۈمنىڭ يەنە بىر ئەر تەرىپىدىن گويا بىر پەرىشتىدەك گۈزەل، غۇبارسىز، پاك بولۇپ ئەتىۋارلىنىۋاتقىنىم ماڭا ھېچ ئويلىمىغان بەختنى ھېس قىلدۇرۇۋاتاتتى. ئاياللارغا، بولۇپمۇ يېشى توختىغان، ئۆزىنى پۈتۈنلەي تۇگەشتىم، دەپ قاراۋاتقان بىر چۈشكۈن ئايالغا، ئۆزىنى يەنىلا ئوتتەك سېغىنىدىغان بىر ئەر كىشىنىڭ بولغانلىقى، شۇ ئەرنىڭ ھېلىمۇ ئۇنىڭغا تەلپۈنۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بولمىسا كېرەك؟... بۇ خىل بەختىيارلىق ھېسسىياتى ئىچىدە يەنە بىر ھېسسىياتمۇ لاۋۇلدايتتى. بۇ ھېسسىيات قەساسكارلىق ئىدى! غېنىنىڭ ئايالىغا نىسبەتەن ئىچ-ئىچىمدىن پۇرۇقلاپ تېشىپ تۇرغان بىر خىل دۈشمەنلىك پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمغا يامراپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن دىرىلدەپ تىترەپ كەتتىم. شۇنداق، مېنىڭمۇ پۇخادىن چىققىدىغان ۋاقتىم كېلىش ئالدىدا تۇراتتى.

غېنىنىڭ خوتۇنى ... دەل ئاشۇ خوتۇن ! مېنى مۇشۇ كۈنگە قويغان دەل شۇ خوتۇن ئىدى، مېنىڭ ئانچىكى خاتالىقىمنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، مېنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلغان ئاشۇ بىغەرەز ئەمەسمۇ؟ شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا قانچىلىك يالۋۇردۇم، ئالدىدا گۇناھىمنى قانچىلىك تونۇدۇم-ھە؟ ئۇ «ئىنتىقام ئالىمەن، سېنى ۋەيران قىلىمەن!» دەپ ئالەمنى مالەم قىلىۋەتتى. قىزىم بىلەن ئىككىمىزنى پاناھسىز قويدى. مېنى پۈتۈن خەلقئالەم ئالدىدا باش كۆتۈرەلمىگۈدەك ھالدا شەرمىسار قىلدى ! ئېرىم بار چاغدا گەرچە ھېسسىيات جەھەتتە خورلانساممۇ، ھېچ بولمىغاندا قىيىنچىلىق تارتمايتتىم، قىزىمنى ئىقتىسادتا زادىلا قىسمايتتىم، ئەمما ھازىرچۇ؟ شىركەتتە ئىشلەپ تاپقان تۆت تال پۇلۇم ھېچنېمىگە دال بولالمايدۇ، يەنىلا ئېرىمنىڭ قىزى ئۈچۈن بەرگەن سەدىقىسىگە تەشنا بولۇپ يۈرگىنىم يۈرگەنىدى. مېنى مۇشۇ كۈنگە قويغان ئاشۇ گالۋاڭ ئەمەسمۇ-ھە؟ ھۇ ئەقىلسىز، ئەمدى ئىنتىقامنى مەن سېنىڭدىن ئېلىپ باقسام نېمە بوپتۇ؟ نېمە دەپ مەن بىرلا ئادەم تارتقۇدەكمەن بۇ دەردنى؟ نېمە دەپ يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ يۈرگۈدەكمەن-ھە؟ مەن مۇنداقلا قىلىپ قويغان بىر خاتالىقىم بىلەن ئائىلەمدىن، ئېرىمدىن ئايرىلدىم. ئەمدى ئېرىدىن، ئائىلىسىدىن ئايرىلىدىغان نۆۋەت ساڭىمۇ كېلىپ باقسۇن. سەنمۇ ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن گەپنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشتا ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ شەيتان ئىكەنلىكىنى بىلىپ قال!

www.uyghurkitap.com

مەن ئەينەكنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەينەكتىكى ئەكسىمگە ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتىم. يەنىلا شۇنداق چىرايلىق ئىدىم، تەڭتۇشلىرىمغا قارىغاندا شۇنداق ياخشى تۇرغانىدىم. ھەر ۋاقىت ئېرىمدىن ئايرىلىپ قېلىش ۋەھىمىسى يۈرىكىمنى قىسىپ تۇرغاچقىمۇ، ھېچقاچان كىيىنىش، ياسىنىشتا ئۆزۈمنى تاشلىۋەتمىگەنىدىم. ئەمما سارغايغان مەڭزىلىرىم، ئولتۇرۇشۇپ نۇرسىزلىنىپ كەتكەن شەھلا كۆزلىرىم، ئورۇقلاپ كەتكەن زىلۋا قامىتىم دەرد تارتقۇاتقانلىقىمنىڭ، پاناھسىز غېرىبلىقىمنىڭ دەلىلىدەك، سىنچىلاپ قارىغۇچىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايتتى. پۈتۈن تۇرقۇم گويا دەسسىۋېتىلگەن ئاق نېلۇپەرگىلا ئوخشايتتى. شۇنداق، نېلۇپەر دەسسىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈنلا كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشەلەيتتى. مەن غېرىبنىڭ ھېسداشلىقىغا چوقۇم ئېرىشەلەيمەن.

ئۆزۈمگە ئەڭ يارىشىدۇ دەپ قارىغان كىيىملىرىمنى ئېلىپ چامادانىمغا سېلىشقا باشلىدىم. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا سۆزۈك، ئاق ياكى ناۋاترەڭ كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈشكە ئامراق ئىدىم. بۇ رەڭدىكى كىيىملەر مېنى يەنىمۇ ئاق، سۈزۈك كۆرسىتەتتى. غېنى بىر يىغىلىشتا كىيۋالغان ئاپپاق كۆڭلىكىمگە قاراپ: «سەن پەرىشتىگىلا ئوخشايسەن، پەقەت پەرىشتىلا ساڭا ئوخشاش كىيىملەرنى كىيىدۇ. سەن مېنىڭ ئىچىمۇ-تېشىمۇ كىيىۋالغان كىيىملىرىدىكىدەكلا پاك پەرىشتەمسەن...» دېگەنىدى. كېيىنمۇ سۈزۈك رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىدىغان ئادىتىمنى تاشلىمىدىم. ئەمما ئېرىمگە تېخىمۇ جۇلالىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن شوخ رەڭلىك كىيىملەرنىمۇ كىيىدىغان بولغانىدىم... ئېرىم تويىمىزدا ئېلىپ بەرگەن قىممەت باھالىق زىبۇ-زىننەتلىرىمنى ئالدىم. ئەمدى مەن بۇلارنى باشقا بىر ئەرگە چىرايلىق كۆرۈنۈش، ئۇنى ئۆزۈمگە مەھلىيا قىلىش ئۈچۈن تاقايمەن، ــ دەپ پىچىرلىدىم ئۆزۈمچە. بىر كۈنلەر كەلگەندە، گۈللەر سولۇپ، تەنلەر ئاجىزلىغاندا، ئېرىم قايسى يەردە يۈرەر؟ قايسى قىسمەتكە قالار-ھە؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ كېتىپتىمەن تېخى. دېمىسىمۇ ئۇ مەڭگۈ ھازىرقىدەك گۈلدىن گۈلگە قونۇپلا يۈرۈۋېرەلمەيدىغۇ ئاخىر؟ بىر كۈنلەر كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆڭلى تويۇنالمىغان مەلۇم بىر چوكان ئۇ ئېلىپ بەرگەن زىبۇ-زىننەتلەرنى ھازىرقى ماڭا ئوخشاش تاقاپ كوچىغا چىقىدۇ. تىلىمغا تۇرۇپلا: «يۇمشاقباش» دېگەن سۆز كەلدى. ئاشۇ چاغدا ئېرىمگە تۇرۇپلا ئىچ ئاغرىتقاندەك بولۇپ قالدىم. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭغا قارىتا دىلىمدا ھېچقانداق ئاداۋەتنىڭ قالمىغانلىقى شۇنچىلىك غەلىتە ئىش ئىدى. بەلكىم غېنىنى ئۆزۈمگە پۈتۈنلەي قارىتالايدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىلدۇ...

شۇ كۈنىلا قىزىمنى ھەدەمنىڭكىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، غېنى تۇرۇۋاتقان شەھەرگە بارىدىغان ئايروپىلانغا چىقتىم. ئەسلى ماشىنىدا ماڭىمەن دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما سۈرۈشتۈرۈۋېدىم، ئېتىبارلىق ئايروپىلان بېلىتى بار بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى سائەت ئىچىدىلا غېنىنىڭ يۇرتىغا چۈشۈپ، خېلىلا ئېسىل مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتىم. شۇ چاغقىچە غېنى ماڭا ھېلىدىن ھېلىغا تېلېفون ئۇرۇپ تۇردى، مەن: «مانا مېڭىۋاتىمەن، كېتىۋاتىمەن» دەپ، ئۇنىڭغا ئايروپىلانغا چىققانلىقىمنى دېمىدىم، خىيالىمدا ئۇنىڭ يۇرتىغا بېرىپ، كەچ بولۇپ كەتسىمۇ ئۇنى قالتىس بىر ھەيران قالدۇرۇشنى ئويلايتتىم.

مەن غېنىنىڭ خىزمەت ئورنىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، ئۇ بىر بۆلۈمنىڭ باشلىقى ئىدى. شۇڭا رۇخسەت سوراش رەسمىيىتى بولمايتتى، بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە خىزمەت سەۋەبلىك بۆلۈم باشلىقىنى ئىزدەيدىغانلار ياكى

بولۇم باشلىقى ساۋاقدىشىنى ئىزدەيدىغانلار سامانىدەك ئىدى. مېنىڭ غېنىنى تۇيۇقسىز ئىزدەپ كىرىشىم باشقىلارغا ھېچقانداق غەيرىي تۇيۇلمايتتى. بۇلارنى ئويلاپ ھېچ ئىككىلەنمەي قالمايلا غېنىنىڭ ئىدارىسىگە كىردىم. بۇ خىزمەتچىلەر ئىشتىن چۈشۈۋاتقان چاغ ئىدى. غېنىنىڭ ئىشخانىسى 2-قەۋەتتە ئىكەن، بىرى ماڭا ئۇنىڭ ئىشخانىسىنى كۆرسىتىپمۇ قويدى، ئەمدى غېنىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپلا كىرسەم بولاتتى. كۆلكەم قىستىغان ھالدا ئۇنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى يېنىكلا چەكتىم.

— كىرىڭ!

ئىشىكنى ئاچتىم. ئۇ ئورنىدىن تىرىككىدە تۇرۇپ كەتتى، مېنى ھېلىمۇ يولدا دەپ ئويلىغان بولغاچقىمىكىن، ئۇ ماڭا دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمەي، ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولغان ھالدا قاراپ كەتتى. ئۇ ئازراق سەمرىپ قالغاندى، سالاپەتلىك، كۆزلىرى بۇرۇنقىدەكلا نۇرلۇق ئىدى.

— توۋا؟ سەن راستىلا ئامىنە كەنسەن-ھە؟ سېنىمۇ كۆرگىلى بولىدىكەن! — ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك ئالدىمغا كېلىپ قوللىرىمنى قىستى، — شۇنداق ياخشى تۇرۇپسەن، خۇددى مەكتەپتىكى چاغلىرىمىزدىكىدەكلا...

ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ ھارارىتى بىردىنلا مېنى سىرلىق، شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمدۈرۈۋەتتى. يۈزلىرىم ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

— تولا مازاق قىلمىغىنە، مەن قېرىپ كەتتىم، — دېدىم نازلىنىپ، ئۇنىڭ مېنى خۇددى ئاشۇ مەكتەپتىكى چاغلىرىمىزدىكىدەك بىر تەلپۈنۈش بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى، ماڭا باشتىن-ئاياغ قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىنىمدا، ئۆزۈمنى شۇنچىلىك بەختلىك ھېس قىلدىم. گويا مەكتەپتىكى قىز چاغلىرىمغا قايتقاندەك، توي قىلىپ باقمىغاندەك، بىر قىزنىڭ ئايپىسى بولۇپ باقمىغاندەكلا خۇشاللىققا چۆمدۈم. مۇشۇنداق بىر ئەر كىشىنىڭ ئالىقىنىدىن چۈشۈپ قالغانلىقىم ئۆز ۋاقتىدا قانداق ئېچىنىشلىق بولغان-ھە؟ غېنى ئېرىمدىن قېلىشقۇسىز دەرىجىدە قاملاشقاندى. شۇ تاپتىكى سالاپىتى ھېچقانداق ئەرلەردىن قېلىشمايتتى، قاپقارا كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرسا، كىشىگە شۇنچىلىك يېقىملىق تۇيغۇ بېرەتتى.

— راستىلا شۇنداق چىرايلىق تۇرۇپسەن، توۋا، سەن يەنە 30 يىلدىن كېيىنمۇ قېرىمىغۇدەكسەن جۇمۇ!

— نەدىكىنى... ئادەمنى مازاق قىلمىغىنە، مەن راستىلا قېرىپ كەتتىم.

— ھەي، ئېقىپ كېتىۋاتقان يۇلتۇز چېغىدا زۇلمەتنى يېرىپ كائىناتقا ئاپپاق نۇر سېپەلەيدۇ. سەن نېمە دەپ ئۇن گۇلۇڭنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ، كەچكىچە مەن قېرىپ كەتتىم دەۋېرىسەن؟ ئۆزۈڭگە ئىشەن، قىزچاق!

— ھە... ۋاي خۇدايىم، ئەمىسە رەھمەت-ھە!

— ھە، ماۋۇ گېپىڭ قاملاشتى، ھەي، سەن ئايروپىلان بىلەنلا كەپسەن-ھە؟ — دېدى ئۇ يىگىت چاغلىرىدىكىدەكلا بىر خىل تەلەپپۇزدا. ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتى بەكلا يېقىشلىق ئىدى، توۋا، ئۇ ئاشۇ مەن ياقتۇرىدىغان سۆز قىلىش ئادىتىنىمۇ تاشلىمىغانىدى.

— ھەئە، ئاپتوبۇسنىڭ بېلىتى بىلەن پەرقلەنمەيدىغان ئېتىبارلىق بېلەت ئۇچراپ قالدى، ئاسانلا كېلىپ قالدىم.

— قارا، خۇدا بۇگۈن كېچە يولۇڭغا قاراپ ئۇيقۇسىز قالىدىغانلىقىمغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ! ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە ئىشلار ئۆزلۈكىدىنلا شۇنداق راۋانلىشىپ كېتىدىكەن. ئارىلىقىمىز ئىككى سائەتلىكلا يول ئەنە.

— شۇنداقتۇ بەلكىم...

— توۋا؟ يەنە قىزىرىۋاتىسەن-ھە، ئامىنە؟

سەن ۋىلىلداپ قىزىرىپ تۇرىدىغان ئاشۇ ۋا
قىتلىرىڭدەكلا تۇرۇپسەن! مېنىڭ پەرىشتەم ــ
ھە سەن...

ــ بولدى قىلغىنە، غېنى... ــ تېخىمۇ ئۇۋ-
يىلىپ كەتتىم، يۈزلىرىم بويۇنلىرىمغىچە قى-
زىرىپ كەتتى.

ــ بولىدۇ، بولىدۇ... ھېچ يېرىڭ ئۆزگەر-
مەپتۇ، ھېچ يېرىڭ. قارا، كىيىنىشلىرىڭمۇ.
مەن ساڭا ئوخشاش كىيىنىپ يۈرىيدىغان ھېچ-
كىمنى كۆرۈپ باقمىدىم.

مەن كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە شۇنداق ئازاد-
لىنىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم.
بۇنداق ئازادە ھېسسىياتلارغا پەقەت غېنى بى-
لەنلا چۆمۈلەلەيدىكەنمەن، ئۇنىڭغا تېخىمۇ بې-
رىلىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى، شۇ تاپتا خۇددى
ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقاندەك
تۇيغۇغا كېلىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

ــ سېنى ئەڭ ئېسىل مېھمانخانىغا ئورۇن-
لاشتۇراي ـ ھە؟ ــ دېدى ئۇ خۇددى كىچىك با-
لىلاردەكلا كۆزلىرىنى قىسىپ.

ــ بولدى قىل، سېنى چىقىمدار بولۇپ كەت-
مىسۇن دەپ، كېلىپلا ياتاققا ئورۇنلىشىپ
بولدۇم، ــ دېدىم كۈلۈپ.

ــ ئەخمەق قىز، سەن ئۈچۈن شۇنچىلىك
چىقىم قىلىۋالالىسام بېشىم كۆككە يېتەتتى
ئەمەسمۇ؟ دېگىنە، قايسى مېھمانخانىغا
چۈشتۈڭ؟ ــ دېدى ئۇ سەل رەنجىپ. مەن مېھ-
مانخانىنىڭ ئىسمىنى دەپ بەردىم.

ــ ھە... ئەمىسە، تاماق يەۋالامدۇق؟ تاماق-
نىغۇ يەۋېلىپ كىرمىگەنسەن؟ ــ دېدى ئۇ يەنە
قىزىقچىلىق قىلىپ.

ئىشخانىسىدىن چىقىۋاتقاندا، ئۇ قوللى-
رىمنى چىڭڭىدە بىرنى سىقىپ قويۇۋەتتى.
شۇئان سىرلىق بىر تۇيغۇ ۋۇجۇدۇمنى يېنىك
سىلكىدى. غېنى، پەقەت غېنىلا مېنىڭ روھىي
دۇنيايىمدىكى بارلىق زېرىكىش، يالغۇزلۇق،
تېڭىرقاش ۋە ئازابلارنى تازىلىيالايتتى. ئۇنىڭ
ھەرقانداق ھەرىكىتى قەلبىمدىكى نازۇك تۇي-
غۇلىرىمنى ئويغىتىپ، ۋۇجۇدۇمغا يېڭى-يېڭى
لەززەت بېغىشلىيالايتتى. مانا بۇ مۇھەببەت،
ئۇزاق يىللىق ھىجران ئىچىدىمۇ يوقالمىغان
چىن مۇھەببەت ئىدى. بۇ خىل تۇيغۇمۇ مۇ-
ھەببەت ھېسابلانمايدىغان بولسا، مۇھەببەت
دېگەن زادى قانداق بولىدۇ؟... شۇنداق، غېنى
قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ماڭا يول كۆرسىتىپ تۇرۇ-
ۋاتقان بىردىنبىر ماياك. مەن چوقۇم بۇ ماياكقا
مەھكەم ئېسىلىۋېلىشىم، روھىمدىكى بارلىق
ئارىسالدىلىق، غەم-غۇسسە ۋە ئازابلارنى پۈ-
تۈنلەي ئۇنتۇشۇم كېرەك. شۇ تاپتا بىردىنلا
غېنى بىلەن بولىدىغان خاتىرجەم، ئىللىق ئائى-
لەم، ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان
شېرىن مۇھەببەت كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى.

بىز خۇشال ھالدا ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن
چىقتۇق، ئىدارىنىڭ ماشىنا توختىتىش ئورنى-
غا قويۇپ قويغان قارا رەڭلىك ماشىنا غېنى-
نىڭ ئىكەن. مەن ماشىنىغا چىقىۋاتقان ئاشۇ
دەقىقىدە، غېنىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئالدى دەرۋازى-
دىن كىرىۋاتقان ئايالغا مىختەك قادىلىپ قال-
غانلىقىنى سېزىپ قالدىم. بىز تەرەپكە قاراپ
بىر چوكان كېلىۋاتاتتى. ئۇ 30 ياشلار چامىسى-
دىكى ۋىجىك چوكان ئىدى...

ــ ئايالىم... ــ دېدى غېنى. كاللامغا بۇ ئا-
يالنى تولۇقى بىلەن ئەكېلىپ بولغۇچە ئۇ ئال-
دىمىزغىلا كېلىپ قالدى. ئىختىيارسىز پۈتۈن
بەدەنلىرىمگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى.

ــ ۋىلايەتتىن خىزمەت ئۈچۈن چىققان مۇ-
نەۋۋەر، ــ دېدى ئۇ خوتۇنىغا ئىسمىمنىمۇ، ئاد-
رېسىمنىمۇ يالغان ئېيتىپ. ئۇنىڭ مېنى
شۇنداق يالغان تونۇشتۇرۇشلىرىغا ئىچىمدە
خۇش بولغان بولسامۇ، شۇنچىلىك بىئارام-
چىلىقتا قالدىم.

ــ ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ باللار تېچلىق-

مۇ؟... — دېدى ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈشۈمگە كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە بىر قىسما سوغۇق تىكىلىپ. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى ماڭا ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىدە بىر خىل خۇدۇكسىرەش باردەك، مۇئامىلىسىمۇ سۇنئىيدەك، ئىچ-ئىچىدىن كۇنداشلىق قىلىپ قىلدەك تولغىنىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

— ياخشى، سىزچۇ؟ بالىلارمۇ ياخشى كېتىۋاتقاندۇ؟ — دېدىم مەنمۇ قولاشمىغانلا ياسالمىلىق بىلەن خۇددى ئۇنى دوراۋاتقاندەك.

— ھەئە... — دېدى ئۇ يىغلىۋېتىدىغاندەكلا كۈلۈمسىرەپ، ئاندىن ئېرىگە بۇرۇلدى، — سىلەرنىڭ ئىدارىدىكى رازىيەدە ئىشىم بار ئىدى، بالدۇرراق تېلېفون قىلىپ قويماپتىمەن يا... دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە مەن ئىدارىدە يوق دەيدۇ، سىزنى بولسا بىللە قايتايلىمىكىن دەپ مېڭىشىمتى.

— مۇنەۋۋەر تېخى بايىلا كەلدى، بەك كەچ بولۇپ كەتكەچكە ئىدارىدە باشقىلارمۇ يوق، شۇڭا ئۇنى ئۆزۈملا تاماققا ئورۇنلاشتۇراي دەپ ماڭغان، — دېدى غېنى خوتۇنىغا چۈشەندۈرۈپ. ئۇ شۇنچە كۆپ يالغاننى سۆزلەۋېتىپ چىرايىنى مىتمۇ قىلىپ قويمىدى، ئاۋازى شۇنداق تەبىئىي چىقىۋاتاتتى.

— جۇرۇڭ، بولمىسا بىللە يەيلى، — دېدىم ئىختىيارسىز ئۇنىڭ يەڭلىرىدىن تارتىپ.

— بۇ مېھماننى ئۆيگىلا باشلىساق قانداق؟ ئاشخانىنىڭ تامىقى يا ئىسسىق باسمىسا. بالىلارمۇ ئىسسىقسىز قالمايدۇ، — دېدى ئايال.

غېنى تەڭقىسلىقتا قالغاندەك ماڭا لەپپىدە قارىدى، خۇدا، بۇ ئايالنىڭ ئەقىللىقلىقىغا قارا!

— ئۇنداق قىلساقمۇ بولىدۇ، سىزگە ئېغىرچىلىق سېلىپ قويمىساملا، — دېدىم غېنىگە قارىماسلىققا تىرىشىپ. ئەمەلىيەتتە قاتتىق يىغلىغۇم كېلىپ كەتتى. توۋا، مەن شۇنچە ئۇزاق يول بېسىپ غېنىنىڭ ئۆيىنى كۆرگىلى كەلدىممۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ — مېنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان دۈشمىنىمنىڭ ئېتىپ بەرگەن تامىقىنى يېگىلى-ھە؟ شۇنچىلىك بىئارام بولۇپ كەتكىنىمگە قارىماي، چىرايىمنى ھەدەپ كۈلكىگە زورلايتتىم.

بىز ئاسفالتلىرى كونىراپ، بىر نەچچە يەرلىرى ئويۇلۇپ كەتكەن، ئادەم بەكمۇ كۆپ بىر كوچا بىلەن خېلى ئۇزاق مېڭىپ غېنىنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق. ئۆيىنىڭ سېلىنغىنىغا خېلى ئۇزاق يىللار بولغان بولسا كېرەك، بەك ھەشەمەتلىك دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا خېلىلا كۆركەم ئۆيلەردىن ئىكەنلىكى ئېگىز، پۇختا سېلىنغان قېلىن خىش تاملىرىدىن، سىرلىرى ئاپتاپتا ئۆڭگەن ھەيۋەتلىك دەرۋازىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— يازنىڭ كۈنىدە بىنا ئۆي بەك تىنچىق بولۇپ كېتىدىكەن، شۇڭا بۇ ئۆيگە ياز كىرىشى بىلەنلا كۆچۈپ چىقىۋالغانتۇق دەڭا، — دېدى غېنى ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن مېنى بىردىنلا سىزلەپ. ئۇنىڭ بۇنداق ئاتىشىنى ئاڭلاپ غېنىنى بايا كۆرگەندىكى خۇشاللىقلىرىم، قىزغىنلىقلىرىم بىردىنلا يوقاپ كەتتى، — چېقىلىپ كېتىدىغان بولغاچقا يا يېڭىلاپ سالغىلى بولمىدى، شۇڭا مۇشۇنداق ۋەيرانە تۇرۇۋاتىدۇ.

مەن خۇددى مەڭدەپ قالغاندەك غېنىنىڭ ئايالى مىڭ تەكەللۇپ بىلەن سېلىپ بەرگەن قېلىن يېكەندازنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتىم. خىياللىرىم ھېچ بىر يەردە ئەمەس ئىدى، ئىختىيارسىز غېنىنىڭ ئايالىغا، مېنى خۇددى مالايدەك كۈتۈۋاتقان بۇ ئايالغا قارايتتىم.

ئايال شۇنداق ياداڭغۇ، ئۆز يېشىدىن بەش-ئالتە ياش چوڭ كۆرۈنەتتى. تېگى-تىگىدىن سېرىق كۆرۈنىدىغان ئاۋاق چىرايىغا يىللار قالدۇرغان ئىزلارلا ئەمەس، ئۇزاق يىللىق قايغۇ-ھەسرەت، خۇدۇكسىنىش، ئىشەنچسىز-

لىكنىڭ يالدامىلىرىمۇ چوڭقۇر سىڭگەنىدى. بۇ ئايالنى ئۆز ۋاقتىدا غېنىدەك قاملاشقان، ھېسسىياتلىق، شوخ، كەپسىز يىگىتنى كۆيدۈرگەن دېسە ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ قىياپىتىنى كۆرۈپ ئۆزۈمچە ئېچىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن كۆزلىرىمىز بىر قانچە قېتىم ئۇچرىشىپ قالدى. ئەمما مەنمۇ، ئۇمۇ كۆزلىرىمىزنى بىر-بىرىمىزدىن دەرھاللا ئېلىپ قاچاتتۇق.

بىر چاغدا بىر-بىرىگە شۇنداق ئوخشايدىغان ئوماققىنە ئىككى بالا ئۆيگە ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلدى. بالىلارنىڭ چوڭى 11 ياشلاردا، كىچىكى توققۇز ياشلاردا ئىدى.

— دادا، ئەتە مەكتەپتىن قويۇۋەتتى، ئەتە چوڭ ئانامنىڭكىگە ئاپىرىپ قويۇڭ، شۇ يەردە ئاكام ئىككىمىز ئوينايمىز، — دېدى كىچىكى سومكىلىرىنى ئۆتتۇر كەلگەن يەرگە تاشلاپ، ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. بىراق چوڭى ماڭا غەلىتىلا بىر سوغۇقلۇق بىلەن نەچچە دەقىقە قارىۋەتتى.

— مېنىڭ ئوغۇللىرىم، — دېدى غېنى چوڭ ئوغلىنىڭ ماڭا قارىغان سوغۇق كۆزلىرىدىن نومۇس قىلغاندەك، — «ئەسسالام»مۇ دېمەيسەنغۇ-ھە؟ ئۆيگە كەلگەن مېھمانغا سالام بېرىش كېرەك جۇمۇ. قارا، بۇلارنىڭ قاراپىلا تۇرغىنىنى!

— ئۇ مېھمان تۇرۇپ ئۆزى ئاۋۋال سالام قىلىشى كېرەكتۇ؟ — دېدى بالىلارنىڭ كىچىكى ماڭا خۇددى ئاكىسىدەكلا يەۋەتكۈدەك قاراپ. يۈزلىرىم شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. شۇنچىلىك بىئارام بولدۇمكى، ئۆزۈمنىڭ بۇ ئۆيگە، توغرىسى غېنىنىڭ يېنىغا كېلىپ تولىمۇ ساراڭلىق قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

— ھەي، ماۋۇ بالىنىڭ دېگەن گېپىنى قارا؟ بۈگۈن نېمە بولدى بۇلارغا؟ نېمانچە ئەدەپسىزلىك بۇ؟ — غېنى شۇنداق دەپ بالىلىرىغا ئالايدى.

— ۋاي مەيلىغۇ، بالا ئەمەسمۇ، بالىلارنىڭ كەيپىياتى تۇراقلىق بولمايدۇ، ھېچقىسى يوق... — ئاغزىمدا شۇنداق دېگىنىم بىلەن، بالىلارغا قايتا قاراشقا جۈرئەتمۇ قىلالمىدىم. ئۇلارنىڭ تۇيغۇن كۆڭلى دادىسى بىلەن ئىككىمىزنىڭ ھەممە سىرلىرىمىزنى بىلىپ قالغاندەك ماڭا ئۆچمەنلىك ھەم بىزارلىق بىلەن تىكىلەتتى. ئاپامنىڭ: «بالىلارنىڭ كۆڭلى بەكلا تۇيغۇن ھەم سەزگۈر كېلىدۇ» دېگەن سۆزلىرى بىردىنلا يادىمغا كەلدى.

— قوللىرىڭلارنى يۇيۇۋېلىڭلار، بالىلىرىم، — دېدى ئۇلارنىڭ ئاپىسى كۈلۈمسىرەپ. ئۇ خۇددى بالىلار بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا بولغان بايىقى كۆڭۈلسىز ھالەتتە ھېچقايسىسىنى بىلمىگەندەك بولۇۋالغان بىلەن، ئەمما چىرايىدىكى مەمنۇنلۇق، ئۈستۈنلۈكنى يوشۇرالمايلا قالغانىدى.

— بۇلارنىڭ ئاپىسى ھە دېسىلا مېنى قالايمىقان كۈنلەپ تولا سوقۇشقاچقا، مۇشۇ بىچارە بالىلارمۇ چىرايلىق كەلگەن ساڭا ئوخشاش ئاياللارغا بەكلا سەزگۈرلىشىپ كېتىپتۇ، — دېدى غېنى بالىلىرى تازىلىق ئۆيىگە ئاپىسىغا ئەگىشىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا پىخىلداپ كۈلۈپ.

مەن نە يىغلىشىمنى، نە كۈلۈشۈمنى بىلمەي ناھايىتى كۆڭۈلسىز ئولتۇرۇپ بىر چىنە ھاردۇق ئېشىنى ئىچىپ تۈگەتتىم، ئەمما يۇمشاق پىشۇرۇلغان بىر لېگەن قوي گۆشى كانىيىمدىن زادىلا ئۆتمىدى. كۆزلىرىم، پۈتۈن ئەس-يادىم غېنىنىڭ ئائىلىسى، ئايالى، بالىلىرىغىلا مەركەزلىشىپ قالغانىدى. كۆڭلۈمدىكى ئەنسىزلىك ۋە قالايمىقانچىلىقمۇ چېكىگە يەتكەنىدى.

ئۆزۈمنىڭ يەنىلا بەكمۇ نادان ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم... ئوي-خىياللىرىم شۇ دەرىجىدە زىددىيەتلىك ھەم مۇجمەل ئىدى. ئۆزۈمنى بۇ يەرگە كەلتۈرەلىگەن، مېنى بۇ ئۆيگە مەپتۇن قىلغان كۈچنىڭ سىرىنى تېپىشقا

ئۇرۇناتتىم، بىراق تاپالمايتتىم، پەقەت بۇ سىرغا ئەمدى يېقىنلاشقاندەكلا قىلاتتىم. غېنى مۇلايىم، يېقىملىق، بەك چىقىشقاق ئىدى. شۇڭا ئۇنى ھە دېگەندىلا قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغاندەك قىلاتتى. بىراق شۇ تاپتا مېنى قانداقتۇر بىلگىلى بولمايدىغان ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك چۇلغىۋالغانىدى. مۇبادا غېنى بىلەن توي قىلىۋالسام، ئۆگەي ئاپا بولۇش قىيىنچىلىقىغا دۇچ كېلەتتىم. ئاۋۇ بالىلارنىڭ بىگىزدەك سوغۇق ھەم نەپرەتلىك قارىشىنىڭ ئۆزىلا مەن مۇھەببىتىمگە تايىنىپلا يېڭەلەيدىغان قىيىنچىلىق ئەمەس ئىدى.

بىردىنلا قىزىم كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كەتتى، بىچارە قىزىم... ئۇ شۇ تاپتا نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ تويى بولغان دادىسىنى ئويلاۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىۋاتامدىغاندۇ؟ ياكى ئەر كىشىنىڭ دەردى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، بۇ بىر كۈن ئىچىدە، ئۆزىنى بىر قېتىممۇ ئەسلەپ باقمىغان ئاپىسىدىن يىرگىنىۋاتامدىغاندۇ؟ شۇ تاپتا دادىسى بولۇۋاتقان تويىنىڭ، ياش خوتۇنىنىڭ شېرىنلىكىدە ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ، قىزىنى ئۇنتۇغان. ئاپىسىچۇ؟ ئۇ نەدە، نېمىلەرنى قىلىپ يۈرىدۇ-ھە؟ 3-شەخس بولۇپ، 1000 كىلومېتىر يولنى بېسىپ بېرىپ، يات بىر ئەرنىڭ ئۆيىدە مەسۇم بالىلارنىڭ، بىچارە بىر ئايالنىڭ يۈرىكىنى تىلىپ ئولتۇرىدۇ.

ئاھ، خۇدا! مەن ئۆزۈم چىش-تىرنىقىمغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەن 3-شەخس بولۇپ بۇ ئۆيدە، قىزىمنى ئەسلا يادىمغا ئەكېلىپ قويماي ئولتۇرۇۋاتىمەن... ئاۋۇ بالىلارنىڭ كۆزلىرىدىكى نەپرەتلىك ئۇچقۇنلار، قىزىمنىڭ دادىسى كەينىگە سېلىپ يۈرگەن ئاياللارغا قارىغاندىكى ئاچچىق كۆز نۇرلىرىغا نېمىدېگەن ئوخشايدۇ-ھە؟ ئاۋۇ ئايالچۇ؟ مېنىڭ چىرايىمۇ خۇددى ئاشۇ ئايالنىڭكىدەك تاتىرىپ، گۇنىسىزلىشىپ كەتمىگەنمىدى؟ بىچارىنىڭ ماڭا رەشك قىلغىنىنىڭ نەرى خاتا؟ ئۇ ئېرى بىلەن كېچە-كېچىلەپ مۇڭدىشىپ، سىردىشىپ چىقىدىغان ئايالغا يەنە قانداقمۇ ھېسداشلىق قىلسۇن؟ قانداقمۇ ئۆچ ئېلىش ھېسسىياتىدا بولمىسۇن؟ ئۇمۇ مەندەكلا بىر بىچارە، ئېرىنى چىڭ تۇتۇۋالغان، ئىككى بالىسىنى قوغداشنىلا ئويلايدىغان، ئائىلىسى ئۈچۈن جان بېرەلەيدىغان ئايال. ئەمما ئۇمېنىڭدىن بەختلىك، ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ كۆيۈپ كۈل بولسىمۇ، باشقا بىر ئەردىن تەسەللى ئىزدىمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ بەختىنى تۇتۇپ قالالىدى، ئۇ ھەقىقەتەن ئەقىللىق ئايالكەن.

شۇ چاغقىچە قىلغان خىياللىرىم، بۇ يەرگە كېلىش ئۈچۈن بىر مۇنچە پۇل خەجلەپ، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىم... نېمىدېگەن كۈلكىلىك ۋە بىمەنە بولغان-ھە؟! ئازاب، پۇشايمان ھەم تېڭىرقاش گويا داۋاسىز كېسەلگە ئوخشاش مېنى تالان-تاراج قىلىشقا باشلىدى. شۇ تاپتا ئۆزۈمنى ئېرىمنىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقان ھاياسىز، شاللاق قىز-ئاياللار بىلەن ھېچقانداق پەرقىم يوقتەكلا ھېس قىلىپ، پۈتۈن بەدىنىم توك سوقۇۋەتكەندەك غۇژژىدە بولۇپ كەتتىم. قانداقلارچە بولدىكىن، ئورنۇمدىن دىڭڭىدە تۇرۇپ كېتىپتىمەن.

— بەك كەچ بولۇپ كەتمىسۇن، مەن قايتاي،— دېدىم شۇنچىلىك قەتئىي تەلەپپۇزدا.

— ۋاي ئۇنداق قىلماڭ،— غېنىدىن بەكرەك ئايالى ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمنى توستى، بىچارە ئايال مېنى ئۆيىدىن چىقىرىپلا قويسا، ئېرىنىمۇ تۇتۇپ قالالمايدىغاندەك بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى.

— قىزىم ساقلاپ كەتمىسۇن، ئۇنى يولدىشىمنىڭ سىڭلىسى ئوينىتىپ كېلىمەن دەپ بازارغا ئەپچىقىپ كەتكەنىدى،— دېدىم. بۇ سۆزلەردىن ئۆزۈم يالغان سۆزلەۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلمىدىم، بەلكى ئاپىسىنى ساقلاپ كۆزلىرى تېشىلەي دېگەن قىزىم كۆزۈمگە تېخىمۇ

www.uyghurkitap.com

كۆرۈنۈپ كەتتى.

— قىزىڭ بىلەن كەلگەنمىدىڭ؟ ... — غېنى ئېھتىياتسىزلىقىمنى ئۇنتۇپ، مېنى يەنە سەنلەشكە باشلىدى، مەن دەرھال ئۇنىڭ ئايالىغا قارىدىم. ئايالى باشقا خىيال بىلەن بەند بولدىمۇ، ئارتۇقچە ئىنكاس سەزمىدىم، — بايا ئۇنداق دېمىگەنتىڭىز... — غېنى يەنە گېپىنى ئۆزگەرتىۋالدى.

— ئۇ گەپنى دېيىشكۈدەك بولمىدۇققۇ؟ بۇ يەردە يولدىشىمنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسى بار، بىز شۇ يەرگە چۈشكەن.

مەن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقتىم. غېنىنىڭ: «ماشىنىدا ئاپىرىپ قوياي» دېگىنىگىمۇ ئۇنىمىدىم. ناۋادا ئۇنىسام، ئايالىمۇ چوقۇم بىللە باراتتى. ئۇنداقتا كۆڭلۈم تېخىمۇ زېدە بولاتتى. غېنىمۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمىدى. غېنى بىلەن ئايالى مېنى ئۇزىتىپ خېلى بىر يەرگىچە كەلدى. بىز قاتار مېڭىپ كېتىۋاتىمىز، ئىچىم ئاچچىقلا بولۇپ قالغانىدى، ۋارقىراپ يىغلىغۇم، ئىچىمدىكى بارلىق دەرد-ھەسرەتلىرىمنى، غېنىگە باغلىغان بارلىق ئۈمىدلىرىمنى كىملەرگىدۇر تۆكۈپ تۆگەتكۈم كەلدى، ئەمما ئۇنداق قىلالمىدىم. بۇنداق گۇناھلىق ئىشنى بىرىگە يېپىدىن يىغىنسىغىچە تۆكۈپ تۈگىتىش ئەمەس، باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇشىمۇ قاتتىق نومۇسلۇق ئىش ئىدى.

— كىرىپ كېتىڭلار بولدى، شامالداپ قالماڭلار يەنە، ھاۋا خېلىلا سوغۇقكەن، — دېدىم، نېمىشقىدۇر يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى تېزلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— ھېچقىسى يوق، ئاۋۇ چوڭ كوچىغىچە بولسىمۇ بىللە ماڭايلى، — دېدى غېنىنىڭ ئايالى غەمكىن كۈلۈمسىرەپ.

بىز ئايال ئېيتقان چوڭ كوچىغا يېقىنلاپ قالغىلى تۇردۇق. مەنزىل بارغانچە يېقىنلىماقتا ئىدى. غېنى بەلكىم ئايالىنى ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپ مېھمانخانىغا كەينىمدىن كىرەر. ھەتتا بىر كېچە ماڭا ھەمراھ بولار. چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ، ئۇ مېنى بۈگۈن كېچە ھەرگىزمۇ يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ، ئۇ بىر باھانە بىلەن چوقۇم يېنىمغا قايتىپ كېلىدۇ. لېكىن ئۇ، مەن، ئايالى... يول ئاخىرلىشاي دەپ قالدى، ئاخىرقى قارارغا كەلمەي بولمايدۇ، يا ئۇنى باغرىمغا تارتىشىم كېرەك، يا پېشىمنى قېقىپ كېتىپ قېلىشىم كېرەك. يەنە نەچچە قەدەم ماڭساقلا چوڭ كوچىغا كېلەتتۇق.

مەن غېنىغا قارىدىم، ئۇ تاماكا چېكىپ، ئىچىگە توشۇپ كەتكەن گەپ-سۆزلىرىنىڭ بىرىنىمۇ دېيەلمەي كېلىۋاتاتتى. بەلكىم ئۇ خوتۇنىنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ خوتۇنى بىلەن مېنىڭ ئارامدا قىينىلىپ كېتىۋاتقاندۇ؟ ھەممىمىز شۈكلەپ كەتكەنىدۇق.

چوڭ كوچىغا كەلگەندە ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا توختاپ، قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىك بىلەن كۈلۈپ قويدۇم. ئەمدى ئايرىلىدىغان ۋاقتىمىز رەسمىي يېتىپ كەلگەنىدى. قۇرۇق تاكسىلاردىن بىر نەچچىسى يېنىمدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى. غېنىنىڭ ئايالىنىڭ ئاشۇ مەن توسماي، ئۆتكۈزۈۋەتكەن ماشىنىلارغا ھەسرەت ۋە ئېچىنىش بىلەن قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدىم.

— ياخشى ئارام ئېلىڭلار، ئەمدى خوشلىشايلى، سىلەرنى بەكلا ئاۋارە قىلىۋەتتىم، بولۇپمۇ مېھرىبان سىزنى، — دېدىم بىر تاكسىنى قوللىرىمدا توختاشقا شەرەتلەۋېتىپ، كۆزلىرىمگە ياشلار بىراقلا چىققاپ كەلدى.

— خوش ... — دېدى غېنىمۇ ئايالىغا ئۇلاپلا.

ماشىنىغا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز غېنىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم، ئۇمۇ ماڭا قاراپلا تۇرغانىدى. بىز ئارتۇق گەپ-

سۆز قىلىشمىدۇق. شۇ دەقىقىدە ھەر ئىككىمىز كۆڭلىمىزدىكىنى تولۇق چۈشىنەتتۇق. بۇ چۈشىنىش بىزدىكى ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىككە تولغان ئورتاق ھېسسىيات ئىدى... پۈتۈن بەدىنىم چوڭ بىر تاغنىڭ ئاستىدا قالغاندەك، نەپەسىم قىسىلىپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدىم. ئۇنى ۋارقىراپ- توۋلاپ ئۆزۈم بىلەن ئېلىپ ماڭغۇم كەلدى. مەن غېنى بىلەن خوددى بۈنىڭدىن 15 يىل بۇرۇن مەكتەپتە ئايرىلغانغا ئوخشاش بۇنداق ئاددىي ھالدا ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىمىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن...

كۆزلىرىمدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار زادىلا توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ياشلىق كۆزلىرىم بىلەن كەينىمدىن قاراپ قالغان ئەر- ئايال ئىككىسىگە ئۆرۈلۈپ يەنە بىر رەت قارىدىم. كوچىدا يولۇچىلار، ماشىنىلار كۆپ بولغاچقا، ئۇلار گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي قالاتتى. يۈرىكىمنىڭ ھەر بىر رىتمى غېنىغا گويا «خەير- خوش» دەۋاتقاندەك سادا چىقارماقتا ئىدى. يۈرىكىم قاتتىق ئېچىشقاندەك بولدى، بۇ ئېچىشىش ماڭا بىرخىل شېرىن ئۇتمۇشنىمۇ قالدۇرۇۋاتاتتى. مەن غېنىنى كۆرەلمەيلا قالدىم، بەلكى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن.

ئۇنىڭ ئايالى مېنى راستلا تونۇيالمىغانمىدۇ؟ بەلكىم مېنى بىر كۆرۈپلا تونۇغاندۇ؟ يولدىشىنىڭ تېلېفون نومۇرىدىن تارتىپ بىلەلىگەن ئايال چىرايىمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالارمۇ؟ ئۇ ھەتتا ئېرىمنىڭ مېنى تاشلاپ كەتكەنلىكىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ ئەتە تويى بولىدىغانلىقىچە ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇ يەنە مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئېرىمنىڭ تويى بولىدىغان مۇشۇنداق بىر ئالاھىدە كۈندە غېنىنىڭ يېنىغا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىمنىمۇ ئەلۋەتتە بىلىدۇ، مېنىڭ ئۆزىگە قانچىلىك تەھدىت بولۇپ كەلگەنلىكىمنىمۇ ھېس قىلماي قالمايدۇ... بولمىسا بايا مېنى كۆرۈش بىلەنلا چىرايى تېخىمۇ سەتلىشىپ، تاتىرىپ كېتەرمىدى؟

مۇبادا تەقدىر مېنى مۇشۇ تۇرقۇم بىلەن ئالىي مەكتەپ قوينىغا قايتۇرۇۋەتكەن بولسا قانداق ياخشى بولار ئىدى- ھە؟ تۇرمۇشۇم يەنە قانداق بولۇپ كېتەر؟ بىنانىڭ ئالدىدىكى ھېلىقى سېمونت ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كۆڭلۈم تارتقان بىر يىگىت بىلەن قايتا مۇھەببەتلىشەلەرمەنمۇ؟ ھە دېسىلا ۋىلىلداپ قىزىرىپ تۇرىدىغان ئاشۇ ياشلىق چاغلىرىمغا قايتالارمەنمۇ؟ پەقەت ياشلارغىلا يارىشىدىغان چىرايلىق گۈلزارلىقلاردا شۇ يىگىت بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇپ قىزغىن سۆيۈشەلەرمەنمۇ؟... ياق! تەقدىر ماڭا ئاشۇ كارامەتنى كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ مەن يەنىلا مەن، بىر قىزنىڭ ئاپىسى...

مەن ئۆزۈم چۈشكەن مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. شۇ چاغدا كۆزۈم مېھمانخانىنىڭ يېنىدىكى بىر باللار ئويۇنچۇقلىرى ساتىدىغان چوڭ ماگىزىننىڭ كۆزنەكلىرىگە چۈشتى. ئۇ يەردە ھەر خىل ئويۇنچۇقلار چىرايلىق تىزىپ قويۇلغانىدى. پاراۋۇز، مىلتىق، ماشىنا، قونچاق... شۇ تاپتا مۇجۇلغان قەلبىمدىن ئېتىلىپ چىققان ئاجايىپ بىر ئانىلىق مۇھەببەت مېنى مۇشۇ نەرسىلەرگە جەلپ قىلغانىدى. كۈنبويى باللارنىڭ بەختى توغرىسىدا گەپ ساتىدىغان ئادەمنىڭ قايسىبىرى مۇشۇ ھەقىقىي مۇھەببەتنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ؟ بارلىق دەرد- ئەلەم، بارلىق ئازاب- ھەسرەتلىرىم... شۇ تۇرقىدا كۆڭلۈمدىن بىرىمۇ قالماي يوقاپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ ھاياتىنى، روھىنى ۋە مۇھەببىتىنى تۇتۇپ تۇرغان قۇدرەتنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىردىنلا چۈشىنىپ يەتكەندەك بولدۇم.

قانداق بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، ئەمدى

غېنىدىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈشۈم كېرەك. ۋاز كېچىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر بەخت، گەپ سىنىڭ قانداق ۋاز كېچىشىڭ ۋە ھەقىقىي ۋاز كېچەلىشىڭدە. كاللامغا شۇنداق خىيال كەلگەن ھامان تېلېفونۇمنى ئېتىۋەتتىم، تاكى ئۆيۈمگە قايتىپ بارغۇچە ئۇنى ئاچقۇمۇ كەلمىدى. شۇنداق قىلمىسام، غېنى ھېلىلا بىر ئاماللارنى قىلىپ ماڭا تېلېفون ئۇرۇپ قېلىشى ۋە ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپ كېتىشى، ھەتتا يېنىمدا پەيدا بولۇشى مۇمكىن... ئاندىنچۇ؟ ئاندىن مەن پۈتۈن غۇرۇرۇم ۋە ئىززەت - نەپسىمدىن ئايرىلىمەن... بىر ئايالنىڭ ھاياتىدا ئۆز قەدىر - قىممىتىنى يوقىتىپ قويۇشتىنمۇ ئېغىر يوقىتىش بولمىسا كېرەك. غېنى مېنىڭ بۇنداق بەدەللەرنى بېرىشىمگە ئەسلا ئەرزىمەيدۇ.

ئانا بولغۇچى بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى دەپ ئەمەس، باللىرىنى دەپلا ياشىشى كېرەك!

ئىدىيەسى پىشىپ يېتىلگەن بىر ئانىغا نىسبەتەن گۇناھلىق ھاياتقا تەلپۈنۈشنىڭ ئۆزى ئەخلاقسىزلىق! كۈنبويى ئەركىشىنىڭ ۋەسۋەسىسىدە يىغلاپ - قاقشاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بىر ئەخلاقسىز ئانىنىڭ بالىلىرىنى يارامىلىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش سالاھىيىتى بولسۇنمۇ؟ ھەم شۇنداق پەرزەنت تەربىيەلىيەلەمدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ئەلۋەتتە، ياق!

شۇنداق، بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتىش، كەڭ قورساق بولۇشتىن باشقا چارە يوق. مەندەك ئايال ئۈچۈن ئۇنتۇشنىڭ ئۆزى غەلىبە، گەرچە ئۇ مەغلۇبىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەقدىردىمۇ، ئۇ باشقا جەھەتتىن كۆڭۈلنى تەسكىن تاپقۇزۇشى مۇمكىن. ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئەرلەردىن ئۈمىدسىزلەنگەن يالغۇز مەنلا ئەمەس. پۈتكۈل ھاياتىم تەل ھەم بەختلىك ئۆتكەن دەپ زادى قايسى ئايال ئېيتالايدۇ؟ مېنىڭچە بۇنداق ئاياللار يوق. ئەمما پۈتۈنلەي بەختسىز ئايالمۇ ھەم يوق! ئاياللار ئېرىشىدىغان بەختنىڭ ئەرلەر بولمىغان قىسمىمۇ ئوخشاشلا قىممەتلىك، ھەم بۈيۈك!

قىزىمغا شۇنداق نەپىس ياسالغان بىر دانە قونچاق توشقان سېتىۋالدىم. كۆزۈمگە قىزىمنىڭ بۇ چىرايلىق توشقاننى قۇچاقلاپ قىن-قىنىغا پاتماي قالغاندىكى تاتلىق چىرايى كۆرۈنۈپ كەتتى. قىزىمنى شۇنچىلىك سېغىندىم، ئۇ شۇ تاپتا دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىنى ئاز دەپ، يەنە مېنىمۇ كۆرەلمەي قايسى ھالدا يىغلاپ تۇرغاندۇ؟ قانچىلىك ئۈمىدسىزلەنگەندۇ؟ ھەدەمنىڭ ئاتا-ئانىسى تەل باللىرىغا قاراپ كۆڭلى قانچىلىك يېرىم بولغاندۇ؟ يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. ياق، مەن قىزىمنىڭ يېنىغا قايتىشىم كېرەك. قانچە تېز ماڭسام، ئۇنىڭ يېنىغا قانچە تېز يېتىپ بارالىسام شۇنچە ياخشى!

مەن شۇ تاپتا ھاياتىمنىڭ ئۇنچە بىھۇدە ۋە بەختسىزلىك ئىچىدە ئۆتمىگەنلىكىنى، بالىسى بولغان بىر ئايال كىشى ئۈچۈن كۆڭۈلنى پۈتۈنلەيدىغان نەرسىنىڭ يالغۇز ئەرلەرلا ئەمەسلىكىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ قالدىم. مېنىڭچە ئەقلى جايىدا بولغان ھەرقانداق ئايال كىشى باللارنى قۇچاقلاپ ئۇخلاشنىڭ بىر ئەرنى قۇچاقلاپ يېتىشتىن كۆپ كۆڭۈللۈك ۋە ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالمايدۇ.

«ئېقىپ كېتىۋاتقان يۇلتۇز چېغىدا زۇلمەتنى يېرىپ كائىناتقا ئاپپاق نۇر سېپەلەيدۇ.» ئەتىسى ئەتىگەندە مەن يۇرتىمىزغا ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ دەسلەپكى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇۋېتىپ، غېنىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئويلاپ قالدىم. شۇنداق، مەن تېخىمۇ يورۇپ تۇرالايمەن، ھەم تېخىمۇ يورۇق نۇرلارنى قىزىمنىڭ دىلىغا سېپەلەيمەن، — دەپ پىچىرلىدىم ئۆز-ئۆزۈمگە.

(ئاپتور خېجىڭ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدا)

**مۇھەررىر مۇختار تۇردى**

زۇلپىيە كۆلتېگىن

# قارلىق كېچىدىكى ئەر

(هېكايە)



دوختۇر نەچچە قېتىم «هاراق-شارابتىن يەنە ئۆزۈڭنى تارتمىساڭ، ياش جېنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن» دەپ قورقۇتقاندىن كېيىن بىر مەزگىل راستتىنلا دىققەت قىلغانىدىم. ئەل-ئاغىنىلىرىممۇ باشتا يول قويۇشتى، لېكىن مەندەك ئەمەلىنىڭ كالتە سېپى تېگىپ قالغان ئادەمنىڭ هاراق-شارابسىز كۈن ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئۇنچە ئاسانغا توختىمايدىغانلىقىنى كۆپ سۆزلەپ يۈرمەي، سىزمۇ بېشىڭىزغا كەلگەندە چۈشىنىسىز. شۇڭا كونىلار: «تېۋىپ تېۋىپ ئەمەس، دەردى بار تېۋىپ» دەپ بىكار ئېيتمىغان.

كۆپ يىللاردىن بېرى قىش پەسلىدە ئاساسەن بىر خىللا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قەشقەرنىڭ رايىش هاۋا كىلىماتىدا بۇ يىل باشقىچە ئۆزگىرىش بولدى. هەپتە ئىلگىرى ئۈچ كۈن توختىماي ياغقان قار بىلەن «ئەمدى قەشقەرنىڭ قىشى مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىدى» دېيىشكەندۇق، كىم بىلسۇن، ئويلىمىغان يەردىن يەنە بىر كېچىدىلا پۈتۈن جاهان ئاپپاق لىباس كىيدى. ئەتىگەن يېقىن ئاغىنەمنىڭ تېلېفونىدا قايتا-قايتا تاپىلىغىنى بويىچە ئىشتىن بۇرۇنراق چۈشۈپ تاماقلىرى سەرخىل، مۇهىتى ئازادە «مەهلىيا» تېز تاماقخانىسىغا قاراپ يول ئالدىم. بۇ تاماقخانىغا كۆپرەك كېلىپ تۇردىغانلىقىمىز ئۈچۈنمىكىن، ئەل-ئاغىنىلەر يىغىلىشماقچى بولساق «كونا جايغا» دەپلا قويساق ئاداشماي مۇشۇ يەرنى تېپىپ كېلىشەتتى.

ئاغىنەمنىڭ ماشىنىسىنى بىر قاراپلا تونۇدۇم. ئۇ ماشىنىنىڭ ئىچكىرىرەك ئورۇنغا توختىتىلغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ خېلى بۇرۇنلا

كېلىپ بولغانلىقىنى پەرەز قىلدىم. ئاغىنەم بۈگۈن باشقىچىلا پۇزۇر كېيىنىۋالغاندى. ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللىشا ـ ئەھۋاللاشماستىنلا چاقچاق قىلدىم:

— كۈتۈۋالىدىغىنىمىز ساچىر خانىم ئەمەستۇ ئاداش؟

— ئۇ ياقنى بۈگۈن بەكلا ياخشى كۈتۈۋالمىسام بولمايدۇ. ئاداش، بۈگۈن ماڭا ھەر قېتىمقىدىنمۇ يېقىن تۇرۇپ بەرگىن.

ئاغىنەم ئىككىمىز بالىلىقىمىزدىن بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولغان، بىللە پادا باققان، باشقا ـ باشقا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بولساقمۇ، يەنە بىر قاراردا ئوقۇش پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە چىققاندۇق. خىزمىتىمىز شەھەرگە يۆتكەلگەندىمۇ ئازراق ئىلگىرى ـ كېيىنلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر يىل ئىچىدە يۆتكەپ كېلىندۇق. ئادىشىمنىڭ لەۋزىدە تۇرىدىغان مىجەزىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا كۆڭلۈمنى يېقىن تۇتاتتىم. ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدىم، شۇ تاپتا ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى خۇشاللىقتا چۆمگەنىدى. بۇ مىنۇتلارنىڭ ئاغىنەمنىڭ كۆڭلىنى ماڭا ئەڭ يېقىن تۇتقان ۋاقىتلىرى ئىكەنلىكىنى تولۇقى بىلەن چۈشىنىپ يەتتىم. ئارتۇقچە سوئال سورىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. دېمەك، بۈگۈنكى مېھمان ئايال، ئايال بولغاندىمۇ ئاغىنەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالالايدىغان ئايال.

بىزنى كۆپ ساقلاتمايلا ئىككى ئايال كىرىپ كەلدى. ھەر ئىككىلىسىلا ھازىر مودا بولۇۋاتقان نوركا پەلتو كىيىۋالغاندى. باشتا كىرگىنى بۆدۈر چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان، ئورۇق، ئوتتۇرا بويلۇق ئايال ئىدى. ئۇنىڭ سالام ـ سەھەت قىلىشقاندىكى ئوچۇق-يورۇق مىجەزىدىنلا ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مېھمان ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم. كۆزۈم ئارقىدىن كىرگەن ئايالغا چۈشكەندە بىر ھازا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قېلىپ ئارقىدىن ئۆزۈمنى تېز ئوڭشىۋالدىم. ئايالنىڭ ئاق يۇمشاق چىرايى، بولۇپمۇ غۇنچە بويى ئايالىمغا بەكلا ئوخشايتتى. شۇ زامان ئايالىم ئېسىمگە كېلىپ يۈرىكىم «پىژژىدە» قىلىپ قالدى. ئۇ ئارزۇلۇق قىزىمىزنى ئېلىپ ناھىيەدىكى ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە — ئاغرىقچان ئانىسىنى باھانە قىلىپ بىر كېتىۋالغانچە بىر ئايدىن بۇيان قارىسىنى كۆرسەتمىگەنىدى.

— بۇياق مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنەم بولىدۇ، — دېدى ئاغىنەم مېنى مېھمانلارغا ئاۋۋال تونۇشتۇرۇپ، شۇنىڭدىن بۈگۈنكى سورۇندا تۆتىمىزلا ئولتۇرىدىغانلىقىمىزنى بىلدىم.

ئاغىنەم ئۇ ئىككى ئايالنىمۇ بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇردى. ھېلىقى ئۈرۈمچىلىك ئايال ئاغىنەم بىلەن بىر سىستېمىدا ئىشلەيدىكەن، يەنە بىر ئايال قەشقەرلىككەن، ئۇلار ئىككىسى ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇپتىكەن ھەم يېقىن دوستلاردىن ئىكەن.

تاماقلار ئارقا ـ ئارقىدىن كەلتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئاياللار پەلتولىرىنى سېلىشتى. ئۈرۈمچىلىك ئايالنىڭ قىپقىزىل ئوتقاشتەك پوپايكىسى ئۇنى تېخىمۇ جانلىق كۆرسىتەتتى. ئارقىدىنلا بىرسى ئاق، بىرسى قىزىل ئىككى شىشە ھاراق كەلتۈرۈلدى. ئاغىنەم قانداق قىلىشنى بىلەلمەيۋاتقاندەك بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ مېنى ئاياۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇردۇم، ھاراق ئىچسەم بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم، لېكىن بۈگۈن ئىچمىسەم بولمايتتى. شۇڭا ئاغىنەمگە «قويۇۋەر» دېگەن مەنىدە كۆز ئىشارىسى قىلىپ قويدۇم. قەشقەرلىك ئايال ئىچمەيدىغانلىقىنى ئېيتتۇۋېدى، زورلىمىدۇق. سورۇنىمىز شۇنداق كۆڭۈللۈك بولدى، خىزمەت، جەمئىيەت، ئائىلە توغرىسىدا ئازادە پاراڭلاشتۇق. ئاغىنەم ئۈرۈمچىلىك ئايالنىڭ يېقىندىن بېرى ئېرىشكەن تۆھپە، نەتىجىلىرى-

نى ئېغىزغا ئېلىۋېدى، ئايال ئىنتايىن كەمتەر قىياپەتتە شۇنداق مېغىزلىق جاۋاب بەردى:

— بىر ئادەمنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ نەتىجىلىرىدە ئەمەس، بەلكى نەتىجىلىرىگە ئىنتىلدۇرگەن نەرسىدە، ئۆزلىرىدەك يېقىن-يورۇقلىرىم بولغاچقىلا مەن مۇشۇنداق كۆكلىيەلىدىم.

ئۇلارنىڭ ئالىيجاناپ دوستلۇقىغا ئىچىمدە ئاپىرىن ئوقۇدۇم. سورۇننى ئاخىرلاشتۇرۇپ سىرتقا چىققىنىمىزدا قار تېخىچە توختىمىغانىدى. ئاغىنەم ئىككىمىز ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالغان بولساقمۇ كاللىمىز ساق ئىدى. ئاغىنەم مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلىۋالماقچى بولغاندەك قوللىرىمنى ئۇزاققىچە سىقىپ تۇرۇپ خوشلاشتى. ماشىنىغا چىقىپلا شوپۇرغا ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى چۈشۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇدۇم. ئوڭ-سول ئىككى يېنىمدىن تەڭلا ئۇرۇلغان نەشتەردەك ئاچچىق سوغۇقتىن قاتتىق ئەندىكىپ كەتتىم، لېكىن يول بويىدىكى دەل-دەرەخلەر كۆزۈمگە شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئاق رەڭنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلەتتىم، لېكىن بۇنچە گۈزەللىكىنى ھېس قىلىپ باقمىغانىكەنمەن. كۆزلىرىم يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان بىلەن كاللام سەگەك ئىدى، شوپۇرنىڭ ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى كۆتۈرۈۋەتكەنلىكىنىمۇ سېزىپ تۇردۇم. ئۇزاق ئۆتمەيلا ماشىنىنىڭ ئىچى ئىللىشقا باشلىدى. توغرا، ئىللىق بىر قول باش-كۆزلىرىمنى توختىماي سىلاۋاتقاندەك... كۆڭلۈممۇ ئىللىپ قېلىۋاتقاندەك...

ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى يەنە چۈشۈرگۈزۈۋەتتىم، ئاچچىق سوغۇق ئىلگىرىكىدەكلا يەنە ماڭا ئۆزىنى ئاتتى. قار مەنزىرىسى كۆزلىرىمگە بايامقىدىنمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئەمدى قار قۇمدەك ئۇششاق يېغىشتىن چوڭ-چوڭ يېغىشقا ئۆزگەرگەنىدى. خۇددى شاپتۇل چېچىكىدەك... ياق، مۇھەببەت چېچىكى...

ئايالىم بىلەن يېڭى توي قىلغان ۋاقتىلىرىم ئىدى. چوڭ ئۆيدىكىلەرنى يوقلاپ بولۇپ ئۆز ئۆيىمىزگە كېتىۋاتاتتۇق. كۆڭلۈمدە ئايالىمنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپلا ئاغىنىلىرىم بىلەن كۆرۈشكىلى بارىمەن، دەپ پىلان تۈزۈپ قويغاچقا ماشىنا توسۇشقا ئالدىرىدىم. ئايالىم قار يېغىۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ پىيادە كېتىمىز دەپ تۇرۇۋالدى. مەن جىلە بولغانسېرى ئايالىم خىيالىدا يوق قار مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئاغىنىلىرىمنىڭ «توي قىلىپلا خوتۇنىدىن قورقۇپ تالاغا چىقالماس بولۇپ قالدى» دەپ مازاق قىلىشىدىن ئەنسىرەۋاتاتتىم، دەل شۇ ۋاقىتتا ئايالىمنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى.

— ماۋۇ دەرەخنى ئىرغىتىپ قويۇڭە.

ئايالىم يول بويىدىكى كىچىك بىر سۆگەتنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ مېنى كۈتۈۋاتاتتى. گەرچە ئايالىم مەندىن بەش ياش كىچىك بولسىمۇ ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى ئەمدى ياراشمايدۇ، دەپ قارايتتىم. شۇڭا ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ كېتىۋەردىم.

— سىز قارنى ياخشى كۆرمەمسىز؟— دەپ سورىدى ئايالىم خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئارقامدىن يېتىشىپ كېلىپ.

— ياق.

— ۋاي تۇۋا، قارنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەمنى تۇنجى كۆرۈشۈم. سىنچىلاپ قاراپ بېقىڭە، يول بويىدىكى دەرەخلەر قانداق تۈسكە كىرىپ قالدىكىن؟

شۇ ۋاقىتتا ئايالىمنىڭ ئاشۇ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى «مىشچانلىقنىڭ ئالامىتى» دەپ قاراپ:

— داۋاملىق ئوخشاشلىغۇ؟ — دېگەنىدىم ئېرەنشىمەي.

— ئوخشىمايدۇ، دەل-دەرەخلەر ئۈستىگە قونغان قار بىر قارىسا چوڭ-كىچىك ئېچىل-

غان ئاق چېچەككە ئوخشايدۇ، لېكىن قايسى خىل مېۋىنىڭ چېچىكىگە ئوخشايدىغانلىقىنى مەڭگۈ بىلەلمەيسىز، بۇ بىر سىر. مەن ئۆزۈمچە ئات قويۇپ باققان، ئۇ مۇھەببەت چېچىكى، دۇنيادا ھېچقانداق نەرسىگە ئوخشىمايدىغان مۇھەببەت چېچىكى...

بىر قېتىم گەپ ئارىلىقىدا ئاچا يوللۇق بىر خىزمەتدىشىمگە ئايالىمنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىنى، قىلىقلىرىنى دەپ بەرسەم، ئۇ ئاڭلاپ بولۇپ:

— ئۇنى قەدىرلەڭ، ئۇنىڭ قەلبى قاردەكلا پاككەن، ئۇنىڭ قەلبىگە سىز نېمە تېرىسىڭىز شۇ ئۈنۈپ چىقىدۇ. سىز بەك تەلەيلىككەنسىز، ئۇ سىزنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدىكەن، — دېگەنىدى مەنىلىك قىلىپ.

بىز شۇنداق دېيىشىپ ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئۇ خىزمەتدىشىمنىڭمۇ بۈگۈن ئېسىمگە كېلىپ قالغىنى قىزىق. ئايالىمنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن قايتا ئۇنداق قىلىقلىنىپ باققىنىنى كۆرمىگەنىدىم ھەم بىزگىمۇ ئۇنداق پۇرسەت بولمىغانىدى. خىزمەت ئالدىراشچىلىقىدا ئۇنداق رومانتىك ھېس-تۇيغۇلاردىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتكەنىدۇق.

ئالدىمدا قەلبىم — ئايالىم (ئامراقلىقىم تۇتۇپ كەتكەندە ئۇنى قەلبىنۇر دەپ چاقىرماي «قەلبىم» دەپ چاقىراتتىم.) چاڭگىلىدا لىق مۇھەببەت چېچىكىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى... تۇيۇقسىز چاقىرغان ئاۋازدىن كۆزۈمنى ئاچتىم. ئۆيۈم بار قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىدۇق. ماشىنىدىن چۈشۈپ شوپۇرنى دەرۋازا ئالدىدىنلا قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدىم. ھاراق ئىچكەن كۈنلىرىم ئەزەلدىن ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى ئالدىغىچە ئاپىرىپ قويۇپ كۆنۈپ قالغان شوپۇرغا بۇ گېپىم غەلىتە تۇيۇلدى بولغاي قوشۇلمىدى.

— يول بەك تېيىلغاق، ھېچ بولمىسا بىنانىڭ ئالدىغىچە ئاپىرىپ قوياي.

— مەن يا كىچىك بالا بولمىسام... خوش... ئەتە كۆرۈشەيلى.

ئۆزۈمنىڭ ئۇنچە مەست بولۇپ كەتمىگىنىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئارقامغا ئۆرۈلۈپلا ماڭدىم. ۋاقىت تەڭ كېچىگە ئۆلىشىپ قالغاچقا ھەممە ئۆيلەرنىڭ چىراغلىرى ئۆچۈرۈلۈپ بولغان، ئىنس-جىن كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپىمغا سەپسېلىپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرىدىن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم، ئۆيىمىزنىڭ يول تەرەپكە قارايدىغان ياتاق ئۆيىنىڭ دېرىزىسى يورۇق تۇراتتى. ۋاھ، قەلبىم قايتىپ كەپتۇ-دە، كۆڭلۈم تېخىمۇ يورۇپ قەدىمىمنى تېزلەتتىم. نەچچە قەدەم ئېلىپلا خۇددى ياز كۈنلىرى قوغۇن شاپىقىغا دەسسىۋالغان ئادەمدەك ئوڭدامغىلا چۈشتۈم. خۇشلۇقتا يولنىڭ تېيىلغاق بولۇپ كەتكىنىنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويغانىدىم. بىر يەرلىرىمنىڭ ئاغرىغانلىقىنىمۇ سەزمىدىم، شاپپىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان بولسا يىقىلغىنىمنى كۆرۈپ قالغانمىدۇ، تازا مازاق قىلىپ كۈلۈۋالىدىغان بولدى-دە، بوپتۇ، كۈلگۈسى كەلگەن بولسا كۈلۈۋالسۇن. ئاغرىقچان ئانىسىنى باقىمەن دەپ ھېرىپ-چارچاپ كەتتى، مەنمۇ خىزمەتنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا «ھالىڭ نەدىن نەگىچە» دېيەلمىدىم.

ئاچقۇچنى قولۇمغا ئېلىپ بولۇپ كاللامغا لىپپىدە كەلگەن خىيالدىن توختاپ قالدىم. نېمىشقىكىن كۆڭلۈمدە ئايالىمنى تېخىمۇ خۇش قىلىش ئىستىكى تۇغۇلۇپ قالدى. تاپتىم، ئۇ قار دېسە جېنىنى بېرىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۈگۈنمۇ قارنىڭ خۇشلۇقىدا ئۆي بىلەن مەن ئېسىگە كەلگەن گەپ، ھە نېمە بولسا قايتىپ كەلگىنى ياخشى بولدى.

www.uygurkitap.com

پەلەمپەيدىن قانداق تېزلىك بىلەن چىققان بولسام يەنە شۇنداق تېزلىك بىلەن چۈشۈپ سىرتقا چىقتىم. ئۆيىمىزنىڭ ئارقا تەرىپىدىلا كىچىك مەيدان، مەيداننى چۆرىدەپ ھەر خىل چىنىقىش سايمانلىرى قويۇلغانىدى. ئۇدۇل شۇ يەرگە باردىم. ئادەم ئايىغى تەگمىگەن قارلاردىن ۋىل-ۋىل نۇر چاقناپ تۇراتتى. قارنى چاڭگىلىمغا ئېلىپ چىڭ سىقىپ توپ ھالىتىگە كەلتۈردۈم، ئاندىن يەرگە قويۇپ دومىلىتىشقا باشلىدىم. ئالىقىنىمدىكى قار قوش مۇشتتەك، ھايالشمايلا بېشىمدەك بولۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ھېچ توختىغۇم كەلمەيتتى، قەلبىمدىكى خۇشلۇق ئىچ-ئىچىمگە سىغمايتتى، قىلىقلىرىمدىن توختىماي كۈلەتتىم.

كىشىنى مەست قىلىدىغان ساپ، نەم ھاۋادىن تويماي سۈمۈرەتتىم، شۇنداقتىمۇ ئىچىمدىكى بۇ خۇشلۇق ھېچ پەسلەي دېمەيتتى. ئۆزۈمنى باللىقىمغا قايتىپ قالغاندەك، ئەتراپىمدا ئاداشلىرىم چۇرقىرىشىپ ئويناۋاتقاندەك... باللىقىم ئېسىمگە كېلىشى بىلەن تەڭ ئۆزۈمنى قارغا تاشلىدىم. بايا ئۆزۈم دومىلاتقان قار يومزىكىدەك مەيداننىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىگە توختىماي دومىلىدىم. دومىلاۋەردىم... ھېرىپ چارچىغىنىمنى بىلمەيتتىم. ئاھ، قەلبىم، سېنى ئەمدى چۈشەندىم، سەن ئەسلي مەن ئويلىغاندەك ئۇنداق مۆرىمەس خوتۇن ئەمەسكەنسەن. قەلبىڭدە كۆيۈپ تۇرغان ئوتنى مۇشۇنداق قارغا ئۆزۈڭنى تۇتۇپ بېرىپ كۆمۈپ ساقلايدىكەنسەن ئەمەسمۇ. قاريامغۇرغا نېمىشقا بۇنچە ئامراقلىقىڭنى ئەمدى بىلدىم، ئەسلي پۈتۈن جاھاننىڭ راھىتىنى، خۇشلۇقىنى سەن سۈرۈپ ياشايدىكەنسەن. قار ياغقان كۈنلەردە بولسىمۇ ماشىنامدا ئولتۇرۇشنى خالىمىساڭ يوغانچىلىق قىلدى، ھەممە ئادەم چوڭ بىلىپ باش قويىدىغان ئەمەلىمنى كۆزگە ئىلمىدى... دەپ يۇرۇپتىمەن. تۇۋا، قار مەنزىرىسى داۋاملىق مۇشۇنداق گۈزەل بولغىيمتى، يا بۇگۈن ماڭا مۇشۇنداق چىرايلىق كۆرۈنگەنمىدۇ؟ توغرا، بۇ كېچە پۈتۈن ئالەم گۈزەللىشىپ كەتكەندەك، ئىللىپ قالغاندەك... ئاھ، قەلبىم، سېنى ئەجەب سېغىندىم...

خوتۇنۇمنى كۆرۈشكە ئالدىرايمەنۇ ئورنۇمدىن تۇرغۇم كەلمەيدۇ. قار يەنە باشتىكى ھالىتىگە قايتىپ قۇمدەك يېغىۋاتاتتى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا قار يومزىكىنى قورسىقىم ئۈستىگە قويۇپ قانچە ئۇزاق ياتقىنىمنى بىلمەيمەن. خوتۇنۇم بۇ سوۋغامدىن چوقۇم بەك خۇش بولۇپ كېتىدۇ. ئەقلىمگە بارىكاللا، بۇنداق سوۋغاتنى ھېچقانداق ئەر ھېچقاچان بىرەر ئايالغا بېرىپ باقمىغان، بۇ مېنىڭ ئىجادىيىتىم. بىر ۋاقىتلاردا ئۇ: «يامغۇردا خېلى جىق ئەسلىمىمىز بار ئىكەن، لېكىن قاردا ھېچقانداق ئەسلىمىمىز يوقكەن، مەن قارغا ئامراق، سىز بىلەن ئېسىمدىن چىقمىغۇدەك بىر گۈزەل ئەسلىمە قالدۇرۇۋالغۇم بار...» دېگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ تەلەپلىرى شۇنداق بىمەنە، كۈلكىلىك تۇيۇلغانىدى. مانا بۇگۈن ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى تولۇقى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى. ھىم، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئېپادىسىگە قارايمەن، ئىشىكنى كۈلۈپ ئاچسا دەرھاللا قولىغا تۇتقۇزىمەن، ناۋادا... ياق، ئۇنداق قىلمايمەن، ئىشىكنى ئۆزۈم ئاستا ئېچىپ كىرىمەن، ئۇ كارىۋاتتا يېتىپ ئۇخلىغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ ھەقىچان، مەن كىرگىچە چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرەمدۇ تېخى. كۈتۈپ-كۈتۈپ بىتاقەت بولۇپ ئۇخلاپ قالىدىغۇ تايىنلىق. ياتاق ئۆيگە پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ قارنى قوينىغىلا سېلىۋېتىمەن، رەھىم قىلماي ھەممە يېرىگە ياقىمەن، تازا مۇزلاپ تىترەشكە باشلىغاندا ئاندىن...

ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم. يومزەكنى

قولۇمغا ئېلىپ كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا قورقىنىمدىن ۋاقىرىۋەتتىم، قولۇمدىكى قار پومزىكىمۇ يەرگە چۈشۈپ پارچىلىنىپ كەتتى. شوپۇر بىر ياق، ئىككى بولۇپ كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي يېشىلىپ بولدۇم دەپ ئويلىغانىدىم، ئەسلىدە تېخى تولۇق يېشىلىپ بولالماپتىكەنمەندە؟ كۆزۈمگە كۆرۈنگەن شوپۇر سۈرەتلىكلەرنى يانداپ ئۆتۈپ كېتەي دەپ ئالدىغا كېلىشىمگە ئۇلار ئېغىز ئېچىپ راست ئادەمدەكلا سۆزلەشكە باشلىدى:

— با... باشلىق، نېمە بولدىڭىز، سىزگە بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

سىنچىلاپ قاراپ شوپۇرنىڭ يېنىدىكى دەرۋازىۋەنىنىمۇ تونۇدۇم. ئەسلىي بايا بۇلارنى كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

— ساڭا... ساڭا نېمە بار بۇ يەردە؟ — دېيەلىدىم ئارانلا ئىچىمدىن زەرب بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆز سىرتقا بەكلا بوش ئاڭلاندى.

— سىزنى ئۆيىڭىزگە ئەكىرىپ قويايلى، يۈرۈڭ...

ئۆزۈمدىن باشقا ھېچ كىم كۆرمىدى، دەپ ئويلىغان قىلىقلىرىمنى باياتىن بېرى بۇلارنىڭ بېشىمدا تۇرۇپ يېپىدىن-يىڭنىسىغىچە كۆرۈپ تۇرغىنىدىن غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى.

— مە... ن... مەن... مەست ئەمەس، — كاللام شۇنداق سەگەك تۇرسىمۇ تىلىم ماڭا بويي بەرمەي گەپلەرنى ئۈزۈپ-ئۈزۈپ سۆزلەيتتى.

ئۇلار ئىككىسى تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ھەر قانچە چۈشەندۈرۈشلىرىمگە، تىركەشكەنلىرىمگە پىسەنت قىلماي قولتۇقۇمدىن تۇتۇپ سۆرەشتۈرگىنىچە ئېلىپ مېڭىشتى. ئاران ياسىغان قار پومزىكىممۇ يوق بولدى، ئېلىۋالالمىدىم. ئۆزۈمچە خورلۇق ھېس قىلىپ يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدىم. شوپۇر ئۇنىمىغىنىغا قارىماي يانچۇقۇمدىن ئاچقۇچۇمنى ئېلىپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئۆيۈمگە پۇتۇمنى ئېلىپلا ئىشىكنى گۈممىدە يېپىۋەتتىم، ھەتتا ئىچىدىن تاقاپ قۇلۇپلىۋەتتىم. كەيپىياتىم بۇزۇلۇپ بايامقى خۇشاللىقلىرىمدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. قار بولۇپ كەتكەن پەلتويۇمنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ، ياتاق ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. ئۆي ئىچى سۈتتەك يورۇپ تۇراتتى. كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قايتا-قايتا ئۇۋۇلىۋەتتىم، ئوخشاش، كارىۋات بوش ئىدى. ئارقامغا يېنىپ ھەممە ئۆيلەرنى بىر قۇر ئىزدەشتۈرۈپ چىقتىم. باشتا پەس ئاۋازدا، كېيىن ئۈنلۈك ئاۋازدا چاقىرىپمۇ باقتىم...

ئۆي ئىچىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان غېرىبلىق ئاستا-ئاستا جىسمىمغا ئاندىن روھىمغا تەسىر قىلىپ، پۈتۈن بەدىنىم مۇزلاشقا باشلىدى. ئۆزۈمنى مۇشۇ قارلىق ئاخشامدا سىرتتا يالىڭاچ تۇرغاندەك ھېس قىلدىم، جاقىلداپ تىترەشكە باشلىغاندىلا ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم. خوتۇنۇمدىن يوشۇرۇن ساقلاپ يۈرگەن بىر شىشە قىزىل ھاراقنى ناھايىتى تېزلا تېپىۋالدىم ۋە ئۆينىڭ قەيىرىدىندۇر ئايالىم چىقىپ قولۇمدىن شىشىنى تارتىۋېلىشىنى كۈتكەندەك بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتىم. تويۇقسىز ياتاق ئۆينىڭ چىرىغىنى ئەتكەن ئۆچۈرمەي ماڭغىنىم ئېسىمگە كېلىپ يۈرىكىم «جىممىدە» قىلىپ كەتتى. شىشىنىڭ ئاغزىنى چىشىم بىلەنلا قومۇرۇپ ئاچتىم، قىرتاق سۇيۇقلۇق گېلىمنى كۆيدۈرۈپ ئۆتۈپ شىددەت بىلەن مېڭەمگە ئۆرلەپ چىقتى. نېرۋىلىرىم ئۆلۈپ ئاخىرىدا شىشىنىڭ قولۇمدىن چۈشۈپ پارە-پارە بولۇپ كەتكىنىنىلا سېزەلىدىم...

(ئاپتور قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدا)

مۇھەررىر خاسىيەت ئەمەت




## يارىم كېلۇر

يارىمنى كەپتۇ دېسە، ئۇنى دەرھال كۆرگۈم كېلۇر،
ئاپپاق ئايدىك كېچىلەردە يانمۇيان يۈرگۈم كېلۇر.
ئاي مەسەللىك، كۆن مەسەللىك گۈزەللىك رەناسىغا،
يۈرىكىمنى بېغىشىدىن ئۈزۈپلا بەرگۈم كېلۇر.
باغ ياساپ، بوستان ياساپ، يارىم بىلەن ئىككىمىز،
ھالال مېھنەت باغچىسىغا لالە-گۈل تەرگۈم كېلۇر.
بىر تىنىقتا سوقسا ئەگەر بىر جۈپ يۈرەك توختىماي،
مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى زوقلىنىپ سۈرگۈم كېلۇر.

## بىر مىنۇت

سەن يارىمنى ھېچقاچان ئۇنتۇمايمەن بىر مىنۇت،
ساڭا بولغان ئىشقىمنى سوۋۇتمايمەن بىر مىنۇت.
چىن مېھرىمدىن ئۆستۈرگەن مۇھەببەتنىڭ گۈلىنى
پەرۋىشلەيمەن، ئاسرايمەن قۇرۇتمايمەن بىر مىنۇت.
سۆيگۈمىزنىڭ بېغىغا ياۋا تىكەن، زاغزاقنى،
قىرقىپ تۇرۇپ تېگىدىن يولاتمايمەن بىر مىنۇت.
دىل رىشتىگە دىل رىشىم كېچە-كۈندۈز چېتىقلىق،
تىلىم بىلەن دىلىم بىر، سىر تۇتمايمەن بىر مىنۇت.
مېنىڭ ئاشۇ يارىمنى كۆتۈرىمەن بېشىمدا،
ناچىنىسقا — ناكەسكە تونۇتمايمەن بىر مىنۇت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## سۆيگۈ رىشتىسى

ياشاندۇق ئەمدى، بەللەر مۈكچەيدى،
بوي-بەستىمىزدىن كەتتى كۈچ-مادار.
شەھلا كۆزلەردىن سۈندى نۇر-زىيا،
چېچىمىز گويا يېڭى ياققان قار.

سىيدام يۈزلەردە چىپەرقۇت قورۇق،
قاڭشالار پەسلەپ زىنىخ دومبايغان.
چىرايىمىزدىن گۈزەللىك كېتىپ،
چىشلەر سارغىيىپ، ئاغرىق ئۇلغايغان...

ئەنە بىراۋلار «قېرى» دېيىشىپ،
ئۆچۈردى بىزنى دەپتەر بېتىدىن.
ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قالدى دەپ،
ئەگىپ مېڭىشتى يولنىڭ چېتىدىن.

لېكىنزە ئۇلار كۆرەلمىدى ھېچ،
قەلب تۆرىدە ۋولقان ئاتقانىنى.
باھار سۈيىدەك قىنىغا پاتماي،
مۇھەببەت ئاتلىق دەر ياتقانىنى.

مۇھەببەت دېگەن بىر ئەشئار ئەمەس،
مۇھەببەت بىزنىڭ يۈرىكىمىزدە.
مۇھەببەت دېگەن ئېغىزدا ئەمەس،
ئۇمىدىمىزدە، تىلىكىمىزدە.

شۇنىسى ئايان: ياغلىق قاپاقنىڭ —
يېغى تۈگىسە، دۇغى قالىدۇ.
ۋاقتى كەلگەندە ئۆچىسمۇ ۋولقان،
كۈلگە كۆمۈلۈپ، چوغى قالىدۇ.

بەرھەق مۇھەببەت ئوتى ئۆچمەيدۇ،
لەۋلەردە تېخى سۆيگۈ تاتلىقى.
شۇ ئوتنى يەنە ئۇلغايتىپ بارار،
نەۋرىلەرنىڭ كۈلكە-شادلىقى.

## مېنىڭ ھېكمىتىم

تامايىم يوق «خېنىم»، «غوجام»دىن،
ئاتام قويغان ئىسمىم كۇپايە.
ئاتا مېھرى، ئانا شەپقىتى،
ماڭا شۇلار ئالتۇندىن پايە.

لازىمى يوق ماڭا ھېچقاچان،
قاپاق چۈشمەس چەللە-باراڭنىڭ.
ۋەزنى بولماس دەپ قويغان بىلەن،
شۇ مەنىسىز قۇرۇق پاراڭنىڭ.

ساختا شۆھرەت ماڭا نە كېرەك؟
ئىززەت-ھۆرمەت ئىككى قولۇمدا.
مېھنىتىمدىن ئۈنسە گۈل-چېچەك،
شۇ بەختىمدۇر ھايات يولۇمدا.

## مېنىڭ باھايىم

مېنىڭ بويۇمنى ئۆلچەپ يۈرمەڭلار،
مەن مەيلى ئېگىز، مەيلى پەس بولاي.
جىڭ-تارازىغا سېلىپ يۈرمەڭلار،
مەن مەيلى ئورۇق، يا سېمىز تۇراي.

سالاپىتىمگە قاراپ يۈرمەڭلار،
مەيلى تون كىيەي ۋە ياكى جەندە.
مەيلى تاج كىيەي ۋە ياكى تەلپەك،
مەن يەنىلا ئاددىي بىر بەندە.

گەر توغرا كەلسە ئۆلچەپ كۆرۈڭلار،
مەندىكى ۋىجدان، مېھىر-ۋاپانى.
ئەگەر بولمىسا بەرگىلى بولار،
مەن كۆز يۇمغاندا ئادىل باھانى.

## ۋاقىت ھېسابى

قوشنام مەندىن يىل سوراپ كەپتۇ،
بۇ يىل ئاڭا يېتىشمىگۈدەك.
يىلانغا يېتىشمەي ۋاقىت،
قىلغان ئىشى ئېشىپ قالغۇدەك.

قانداق بېرەي قوشنامغا يىلنى،
بېرەلمەيمەن ھەتتا سائەتنى.
(كالېندار مۇشۇنچىلىك مۇقىم،
ئۆزگەرتىش تەس تەقدىر-قىسمەتنى)

بىرسى يىلنىڭ ئالدىدا يۈرسە،
بىرسى يىلنىڭ كەينىدە قالغان.
بىرسى يىلنى ئات قىلىپ مىنسە،
بىرسى يىل سوراپ كۆلكىگە قالغان.

ۋاقىت دېگەن ھەممىگە ئوخشاش،
ئىشچانلارغا ھىممىتى كەڭدۇر.
ئەجىر بىلەن ئۆتكۈزسە ئۇنى،
بىر كۈن دېگەن بىر يىلغا تەڭدۇر.

(ئاپتور قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا)

مۇھەممەدجان سىدىق سايرامى

# ھۆرمىتىم-كۈيۈم

(تۆھپىكار مۇئەللىم، مۇئەللىمە ئۇستازلىرىمغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن)

مۇئەللىم بىر خىزىر بېرىدۇ تەلىم،
خىزىرنىڭ تىلىدا ئۇلغايدى ئەقلىم.
گاھىدا مۇڭلىنىپ، گاھىدا كۈلۈپ،
نى ئېغىر قىسمەتنى يەڭدى بۇ ئەسلىم.
ئىرادە، قەلبىمنى تاۋلىغان زاتقا،
ئۇرغۇدى يۈرەكتىن كۈيۈم-ھۆرمىتىم.

ئۆگەتكەن ئۇ ماڭا ئادىمىيلىكنى،
ھەق ئۈچۈن، ھەق تۆلەپ مەغرۇر تۇرۇشنى.
ئاتىغا، ئانىغا قول ھەم پۇت بولۇپ،
نەپسىگە قۇل بولماس يىگىت بولۇشنى.
قېرىنداش، دوستلارغا ئىللىقلىق بېرىپ،
رەقىبلەر كۆكسىگە خەنجەر ئۇرۇشنى.

ئۆگەتكەن ئۇ ماڭا ياخشى-ياماننى،
كۆرسەتكەن خاماندا بۇغداي-ساماننى.

دېگەن ئۇ: «ئەزىز بىل ئانا يۇرتۇڭنى،
جىم تۇرما، دولقۇنلا، دورا سايرامنى.»
ھېكمەتنى تەنبىھنى تىلتۇمار قىلىپ،
تونۇدۇم ئۆزۈمنى، تاپتىم قىيامنى.

زالالەت يولىغا باسمىدىم ئاياغ،
كىبىرلىك بويىنغا سالدىم چىڭ تاقاق.
بوۋامدىن ئۇدۇم بوپ قالغاچقا ئۆملۈك،
مەھەللە-يۇرت بىلەن ئۆتتۇم ئەپ-ئىناق.
ئادالەت يولىدا پۇتلاشتىم، قوپتۇم،
ئۇستازلار تەلىمى بەردى كۈچ، ساۋاق.

تىنىمسىز يۈرەكنى ئالقانغا ئالدىم،
ئەڭ قىلىن، ئەڭ نېپىز ئەگلەككە سالدىم.
تاسقىدىم ئۆزۈمنى قايتتىم ئۆزلۈككە،
غۇرۇرۇم ئالدىدا يەرگە باقمىدىم.

ئەقىلدە، ئەخلاقتا ئۆزۈمدەك ياشناپ،
ئۆزگىنىڭ رىزقىغا تويا چاچمىدىم.

قىرىق يىل ئىرماشتىم چىقاردىم گېزىت،
تىلىمنى دىلىمغا قىلدىم بىر كىلىت.
قەدىمىم ـ ئىزىمدىن ئىلھام قوزغىتىپ،
ئەل ـ يۇرتقا ئاز ـ تولا سۇندۇم كۈي ـ بېيىت.
ھەر مىسرا بېيىتتا مېۋەم، غورام بار،
مىللىتىم، خەلقىمگە دىلىمدۇر قېيىت.

ئارامغا چىققاندا قىلماي تەنتەكلىك،
يۇرتۇمنىڭ ئىشىغا يايدىم كەڭ ئېتەك.

كىتابتىن ئۆزۈمگە ئىزلەپ شىجاتلىق،
ئازغۇنلۇق رايىغا باقمىدىم بىردەك.
ئۈمىدنى، چىدامنى جا قىلىپ دىلغا،
ئۆستۈردۈم يولۇمدا رەڭدار گۈل ـ چېچەك.

چىن سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئوتلىرى ھامان،
يانىدۇ تېنىمدە بولسىلا روھ ـ جان.
بۇ ئوتنى ئۆچۈرۈپ كېتەلمەس زىنھار،
شەيتاننىڭ ھىيلىسى ــ پۇل ياكى جانان.
كۆپ مېنىڭ ئۇستازغا ھۆرمىتىم ھامان،
ياڭرايدۇ دىل كۈيۈم ھەر كۈن، ھەر زامان.

(ئاپتور «بورتالا گېزىتى» ئىدارىسىدىن ئارامغا چىققان)

ئەركىن داۋۇت (ئوغۇز)

# غەزەللەر

## تېخى بار

بۇ ھايات گۈلزارىدا دوست، پاك دىيانەت بار تېخى،
قات ـ قېتىدا ھەر يۈرەكنىڭ نۇر، ھىدايەت بار تېخى.
دىل ئۆيىنىڭ ئاسمىنىدا يالتىراپ يۇلتۇز كەبى،
يار ـ ئىگەمنىڭ ئىشقىدا قىلغان ئىبادەت بار تېخى.
مېھىر ـ شەپقەت گۈمبىزىدە جىلمىيىپ ھۆر ـ پەرىدەك،
كۆز يېقىپ كىملەرگىدۇر كۈتكەن شاپائەت بار تېخى.
ئەلنى دەپ ئەل ئوتىدا گۈلخانىسمان ھەردەم كۆيۈپ،
مەردۇ مەردانىلەر ھالال قىلغان تاپاۋەت بار تېخى.
ئارپا ھەم بۇغداي سامانىنى ئايرىماققا پەرق ئېتىپ،
ئەقلى پاكىز، قوي كۆزى ساق ئەل ـ جامائەت بار تېخى.
ئىشلىسە چىشلەيدىغان گەپ، قاچمىسا ئىشتىن كىشى،
ئوينىماققا قانغۇدەك جاي، توي، زىياپەت بار تېخى.
باغدا ئالما كۆكلىگەندەك خۇددى باھار پەسلىدە،
شايى ـ ئەتلەستەك گۈزەل، رەڭدار قىياپەت بار تېخى.
ھەر قەدەمنى باسمىساڭ ئەركىن ئوغۇز ئويلاپ تۈزۈك،
تارتمىقىڭغا دەرد يەنە بوران، قاباھەت بار تېخى.

## ناۋا بولسا

ئېچىلمامدۇ كىشى كۆڭلى يېقىملىق كۈي ـ ناۋا بولسا،
سۆيۈپ گۈل مەڭزىگە قانماي ئۇچۇشقان شوخ سابا بولسا.
بۇلاقتەك قايىنىتىپ ئىلھام، يۈرەكلەردە سېلىپ شاۋقۇن،
ئۇلۇغ ئايەم كۈنى ھەيۋەت ئانا يۇرتتا ساما بولسا.
كۆلەر دولقۇنلىنىپ مايسا بېقىپ تاڭنىڭ قۇياشىغا،
جۇدۇننى سۈر ـ توقاي ئەيلەپ چېچىلغان نۇر ـ زىيا بولسا.
مۇرادى گۈل ئاچار ھەر چاغ جىمىرلاپ مىسلى يۇلتۇزدەك،
قىران بۈركۈت ئۇچۇن دوستۇم پايانسىز كۆك ساما بولسا.
جېنى تەن مۈلكىگە پاتماي چاپار، جەرەن، كېيىك ھەريان،
يىراقلاردىن يىراقلارغا سوزۇلغان تىنك قىيا بولسا.
خازان بولماس مۇھەببەتنىڭ گۈلى باغدا ھۆۋقۇش چەيلەپ،
كۆيۈشكەن ھەم سۆيۈشكەن شۇ يىگىت ـ قىزدا ۋاپا بولسا.

## قايدا سەن

كۆڭلى قاردەك چېچى ئاپتاپ گۈلئۈزارىم قايدا سەن،
خۇددى ئۇتتەك ئۇلغىيىپ ئۇتتەك ياناريم قايدا سەن.
رەڭلىنىپ كۆيگەن بۇلۇتتەك مېھرىبانلىق بابىدا،
ئىچ ـ ئىچىدىن شىرلىشىپ پىشقان ئانارىم قايدا سەن.
كۆزلىرىڭ ئىپار كېيىكتەك چاچلىرىڭ بوستان گويا،
ئايلىنىپ مەجنۇنغا ئاھ، سۆيگەن نىگارىم قايدا سەن.
مەن ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەك بۇ مۇھەببەت باغىدا،
قوينى ئىللىق، باغرى ئاتەش گۈلباھارىم قايدا سەن.
پەپىلەپ ئاق لەيلىنى، تارتىپ كۆڭۈلنىڭ مەيلىنى،
ئايلىنىپ بۇلبۇلغا ئۇز كۈيگە قاتارىم قايدا سەن.
باشقا كۈن چۈشكەندە قاتتىق دىلنى ئەيلەپ شادىمان،
مۇڭلىنىپ تۈن نىسپىدە چالغان دۇتارىم قايدا سەن.
تەگمىسۇن كۆز دەپ ئانام بوينۇمغا ئاسقان كۆيۈنۈپ،
ئەتىۋارلاپ ساقلىغان سىرلىق تۇمارىم قايدا سەن.
چىرمىشىپ ھەشقىپىچەكتەك سۆيگۈگە تارتىپ سېزىك،
لەۋلىرىڭدىن سۇ ئىچىپ بىللە ياتارىم قايدا سەن.
ھىدلىرىڭنى تاڭ سەھەر كەلسە ئېلىپ غۇر ـ غۇر شامال،
كۆرمىسەم كۆرگۈم كېلۇر كۈندە باھارىم قايدا سەن.

(ئاپتور خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا)

ئوسمان زاهىر

# غەزەللەر

## بەردىڭ

يېنىڭغا گۈل سوراپ كەلسەم، گۈلۈڭ يوق، شۇمبۇيا بەردىڭ،
ئۇسسۇلۇق سورىسا سائىل، نېچۇن ئاچچىق ئوغا بەردىڭ.
مۇقام مەرغۇلىنى تىڭشاش ئۈچۈن كەلسەم ئۇزاق يولدىن،
سەۋەبسىز يۆتكىدىڭ پەدە، يېقىمسىز كۈي-ناۋا بەردىڭ.
ئېسىمدە شۇ قارا تۈنلەر، خەۋەر يوق پەسلى ئىمكاندىن،
يۈرەككە مۇز تۈتۈپتۇ قات، مېھىرسىز ئۆي، ئۇۋا بەردىڭ.
ئېتىم ئەركەك، تېنىم ئالماس، يۈرەتتىم تاغ ئارا شىردەك،
تىتىپ قەددىمنى خەس-چۆپتەك، ئازابتىن قوش سوۋغا بەردىڭ.
كېچەلمەي ئاھ، يەنە سەندىن، تۈنەپ قالدىم بوسۇغاڭدا،
يۈرەككە ئوت قويار دەم-دەم، نېچۈنكى بەد دۇئا بەردىڭ.
نىكاھ ئاتلىق رىزىق بىرلە، سەپەرگە ئات سالار بولسام،
خاراب ئەيلەپ چىمەنزارنى، ئۈزۈلمەس كۆپ گۇناھ بەردىڭ.
شەرم ئۆچكەن ۋۇجۇدۇڭغا ، تۇمەنمىڭ سىر-بوياق سۈركەپ،
هوسۇل كۈتكەن ئېكىنزاردىن، پۇراقسىز ئوت، گىياھ بەردىڭ.
غېرىب هۇجراڭدا ئىپپەتكە، قويۇلدى كۆپ سوئال، ئۈندەش،
ئۆمۈرلۈك غەمگۇزارىڭغا نېچۈن سۈنئىي سىياھ بەردىڭ.
زاماندا هېچ ئەيىب يوقتۇر، ئۆزۈڭگە كۆز، نەزەر سالغىن،
دېمەك، قەلبىڭ سېسىق سازلىق، ئاڭا شەكسىز گۇۋاھ بەردىڭ.

## پەيدا

يېشىل قۇشتەك ئۇچۇپ كەلسەڭ، ئېڭىمدا هوش-ئەقىل پەيدا،
قېنىمغا ئوت قويۇپ كەلسەڭ، بېغىمدا قۇت، پەسىل پەيدا.
قازاغا تەن بېرىپ بىر كۈن، قارا كۆزلەرگە ياش ئالسام،
ئۈمىد كۈتكەن سىياقلاردىن يېقىمسىز دۇت، هەزىل پەيدا.
ۋەتەن سۆيدۈم بۇ باغرىمدا، كۆلۈمدىن ئاقتۇرۇپ چوغنى،
نېتەي ئىچكەندە ئەتكەنچاي، هۇزۇرۇمدا رەزىل پەيدا.
خازانغا پۈتمىشىم باردۇر، ئەسىرلىك شان-شەرەپلەرنى،
مېنى ئىنسان بىلىپ كەلسەڭ، يولۇمدا ياش نەسىل پەيدا.
گىياھ تاشتەك بۇ چېھرىمگە تۇزى سىڭگەن ئانا يۇرتىڭ،
ئۈنى كۆيلەش ئۈچۈن هەردەم، قەلەمدە كۈي، نەقىل پەيدا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۈزۈك كارىزلىرىلا ئاقسۇن غېرىب چۆللەرنى گۈللەشكە،
ئەنە قوينۇڭدا پەرھادتەك ئۈزۈلمەس سىن، شەكىل پەيدا.
گويا ئاقتاش كەبى كۆڭلۈم، تۇگۈلگەندە قارا تاشتەك،
ئۇنى پاكلاش ئۈچۈن ھەردەم ئىپار تەنلىك ۋەكىل پەيدا.

## بار

ئىجاد سەيناسىدا تەۋفىق كەبى تۇرغانغا مېھرىم بار،
ئۇيات ئەسناسىدا بۇتتەك قېتىپ تۇرغانغا قەھرىم بار.
ۋاپا گۈلشەنىدە گۈلدەك تۇزۇپ تۇرغاننى كۆرگۈم يوق،
ئۈمىد سەھراسىدا چوغدەك يېنىپ تۇرغانغا مەيلىم بار.
ئاتام تىككەن سۆۋادانەك غورۇردا تىك تۇرۇپ ئۆلسەم،
ئانا تارىم كەبى ئاققان، سۈزۈك باغرىمدا پەخرىم بار.
كۆڭۈل پەرمانىغا باقسام، قارا تۇپراقنى سۆي دەيدۇ،
مېنى كەچتى، دېمە ھەرگىز، ئادا قىلماققا ئەھدىم بار.
شىراقتەك چۆل كېزىپ يۈرسەم، مېنى سەرخۇش ساناپ يۈرمە،
ئاشۇ قۇملۇقتا يالقۇنلۇق، يېشىل كىمخابتا تەختىم بار.

## ئوخشايمەن

يېشىم يەتتى قىرىققا ھەي، ئەقىل تاپقانغا ئوخشايمەن،
ئەقىل نەدە، قۇرۇق شاخقا قاراپ ياتقانغا ئوخشايمەن.
ئىزىمغا كۆز ـ نەزەر سالسام، تامام ئازغان يەنە چاتقال،
ھوسۇل چىقماس قارا سايغا، ئۈمىد چاتقانغا ئوخشايمەن.
ئۆتۈپ قانچە كېچىكلەردىن، تالاي پالۋانغا قول بەردىم،
قېنى ئولجام؟ نىجاسەتكە گۆھەر ئاتقانغا ئوخشايمەن.
دۇئا بەردى بوۋام ئۇنىسىز، چېلىشقا ئات سالار بولسام،
نىشان قىلدى قاياقلاردا؟ قۇرۇق چاپقانغا ئوخشايمەن.
تېنىمنى داپ قىلىپ چالغاچ، ئۇۋاقمۇ قالمىدى قولدا،
خۇشامەتتىن كۈلۈپ ياشناپ، غورۇر ساتقانغا ئوخشايمەن.
كۆڭۈل بەرمەي ھەقىقەتكە، قۇچاق ئاچتىم جاھالەتكە،
ئىبسىل پۈرسەتنى يوق ئەيلەپ، بىكار ئازغانغا ئوخشايمەن.
سىناق ئالدى مانا تەقدىر، دىلىمدا غەم، چاناقتا ياش،
بىھۇدە غەم، زالالەتكە تامام پاتقانغا ئوخشايمەن.
ھاياتمەن ئاھ، مانا بەختىم، كۆتۈر قەددىڭنى ئەي ئوسمان،
سىناق مۇشكۈل ئارا ئالماس كەبى قاتقانغا ئوخشايمەن.

(ئاپتور قومۇل ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي ئۇچۇر مەركىزىدە)

www.uyghurkitap.com

غازى ئوغلى

# چۈشلىرىمدە ئېچىلماس گۈللەر

## سېھىر ئالىمى

دۇنيا سېنى سۆيدۇم مەن قاچان،
بەلكى ئەقىل مېنى تاپقاندا.
يەنە شۇمۇ بىھوش بىر زامان،
ئامەتلەرگە پەردە ياپقاندا.
سېھىرلەرگە تولغان بۇ زامان،
سېھىرلەرگە تولغان تەبىئەت.
سېھىرلەرگە تويۇنغان ماكان،
سېھىرلەرگە مۆككەن ھەقىقەت.
سېھىرلەرنىڭ چاڭگىلىدا بىز،
كېتىشلەردىن ئالمىدۇق خەۋەر.

سېھىرلەرنىڭ چاڭگىلىدا بىز،
سېھىرلەردە قىلدۇق ھەم سەپەر.
سېھىرلەرگە تولغان تەبىئەت،
گۈل-گىياھلار سولماس بى سەۋەب.
سېھىرلەردىن كۆرمىدۇق بىر خەت،
سېھىرلەردىن بۇ دۇنيا ئەجەب.
ئەتە-ئۆگۈن ھەممىسى سېھىر،
بىز بىلمىگەن دۇنيا كەچمىشى،
ئادەملەردە پەقەت بار مېھىر،
مېھىرلەرسىز ئۆتمەس ھېچ كىشى.

## چۈشلەر سىرى

كىم كىملەرگە بولىدۇ مۇشتاق،
داغدا قالدى بۇندا كۆڭۈللەر.
كەيپىلىكتە كۆرۈلدى چۈش تاق،
چۈشلىرىمدە ئېچىلماس گۈللەر.
چۈشلىرىمدە ئېچىلسا گۈللەر،
چۈشلىرىمدە سۇناتتىم ساڭا.
بۇ ئارزۇلار ئوڭۇمدا ئۆلەر،
چۈنكى ئەخلاق چەمبەرچاس ماڭا...

ھاياتىمدا ساختا سالاپەت،
يۈرىكىمنى قىلمىدى بايان.
ئەتراپىمدا نۇرغۇن كاساپەت،
مەن توغرۇلۇق سۆزلەيدۇ قىيان.
بۇ سەترىمدە ئەخلاق، مۇھەببەت،
ئىككى دۇنيا بولدى بىپايان.
لېكىن سۆيگۈ ئەبەدىلئەبەد،
مەن ئۇنىڭدا بولىمەن ئايان.

## گۈل ئالەم

يىللاردا تەشۋىش يوق، زاماندا كەچمىش،
ئادەمسىز بۇ دۇنيا پەقەت ھېچنېمە.
جانلىقسىز يارالماس ھېچقانداق تىۋىش،
ئادەملەر بولمىسا ھەممە بىمەنە.
ھەققىم يوق زارلاشقا ماكان، زاماندىن،
بىر تامچە سۇ بولسا شۇدۇر كۈپايە.
ھەققىم يوق زارلاشقا ياخشى، ياماندىن،
بارلىق كەچمىشلەر بۇ بىر ھېكايە.
ئادەملەر ياراتتى زارلىق ۋە خارلىق.
دوزاخ ۋە جەننەتمۇ ئادەملەر ئۈچۈن،

بۇ تەقدىر، بۇ قىسمەت ھەممىسى يارلىق،
بولمىغاچ ئادەمدە نىيەتلەر پۈتۈن.
ئادەملەر ئىلكىدە گۈللىگەن دەۋران،
بىر تامچە سۇدىمۇ ئېچىلغان گۈللەر.
ھاياتنى ھاياتقا ئۇلىغان كارۋان،
كۈندۈزگە ئۇلاشقان زۇلمەتلىك تۈنلەر.
كىملەر ئۇ زارلىغان گۈزەل دۇنيادىن،
ھېچكىمگە قىلمىدى دۇنيا يامانلىق.
ئۆتمەكتە بۇ دۇنيا شۇنچە گۇناھتىن،
ھەنىۋا جانلىقا تىلەپ ئامانلىق.

## ناخشىدىكى باياۋان

مەھەللەڭدىن ئۆتتۇم بۇ كېچە،
تىڭشامدۇ دەپ ناخشامنى جانان.
ئايلىنارمەن بەلكى تاڭغىچە،
ماراپ يۈرۈپ داۋزاڭغا پىنھان.
سەن ۋە بەلكى شېرىن ئۇيقۇدا،
تولغىنارسەن بىلىپ بىلمەي ھەم.

چۈش ئىلكىدە، مەۋھۇم تۇيغۇدا،
چۈشەكەيسەن كۆزلىرىڭدە نەم.
مەھەللەڭدىن ئۆتتۇم بۇ كېچە،
دېرىزىدىن مارامدۇ يار دەپ.
چۆرگىلەيمەن بەلكى ئۆلگىچە،
سەن جەننەتنى چۈشەپ ئېسەدەپ.

## بوسۇغاڭغا تاشلىدىم قوشاق

بوسۇغاڭغا تاشلىدىم قوشاق،
ئۈنۈپ كەتسۇن سۆيگۈ گۈللىرى.
ساڭا يەتمەس ئەي بەرگى قىياق،
دۇنيادىكى رەنا خىللىرى.
بوسۇغاڭغا تاشلىدىم قوشاق،
ياستۇقۇڭدا پەيدا بۇ كېچە.
قۇلىقىڭدا ياڭرايدۇ شۇنداق،
«قاچما نىگار سۆيۈۋالغىچە».

بوسۇغاڭغا تاشلىدىم قوشاق،
زېمىنىڭغا سىڭىپ كەتكۈسى.
ئۆيلىرىڭنى ئەيلەپ پاتپاراق،
بىر ساڭىلا پەريات ئەتكۈسى.
بوسۇغاڭغا تاشلىدىم قوشاق،
بۇ سۆيگۈمنى بىلەرسەنمۇ يار؟
ئىشىكىڭدە دىۋانە سىياق،
تۇرسام ئۈنچە بولما ئىچى تار.

(ئاپتور شىنجاڭ جەۋلان ئادۋوكاتلىق ئورنىدا)

**ھوشۇر ئىبراھىم ئۇمىدۋار**

# ئوخشايدۇ

چىمەن دوپپا گويا زەرتاج، كېچە-كۈندۈزگە ئوخشايدۇ،
ئۇزۇن كۆڭلەك، گۈلى ئاسماندىكى يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ.
قۇياش سىڭگەن جامالىدىن تولۇن ئايمۇ خىجىل ھەتتا،
تېقىمدا يەلپۈنەر چاچى مىسال قۇندۇزغا ئوخشايدۇ.
ئۇنى كۆرگەن كىشى دەركىم: «گۈزەل ئۇيغۇر قىزىكەنغۇ؟»
بۇ سۆزنىڭ تەمى گوياكى تېتىملىق تۇزغا ئوخشايدۇ.
ئەدەپ-ئەخلاق، ھايا... دىلغا ئۇيۇلغان زەر نەقىش يەڭلىغ،
ئەگەر رەستە ئارا چىقسا چىرايلىق تۇزغا ئوخشايدۇ.
يۈرەكلەر ئوتقا تاشلاندى، يىگىتلەر كۆزلىرى ئاتەش،
دېمەك، ئۇيغۇر قىزى شۇنداق قۇياشتەك قىزغا ئوخشايدۇ.

(ئاپتور قەشقەر پېداگوگىكا مەكتەپتىن دەم ئېلىشقا چىققان)

ئەكبەر ئىمام كۆكبۆرە



# مىليون ئەتىرگۈل

(پووېست)

مەن ئەيدىز

مەن ئەيدىز!

ئىسمىمدىن كىملىكىمنى يادىڭلارغا ئالالىدىڭلارمۇ قەدىردانلىرىم! بۇرۇنلاردا سىلەر مېنى بىلمەيتتىڭلار، هازىر بولسا ئالىقىنىڭلاردىكى سىزىقچىلارنى بىلگەندەك ئېنىق بىلىسىلەر، مەندىن ئۆلۈمدىن قاچقاندەك قاچىسىلەر. مەن هەققىدە ئالاھىدە قىزىل رەڭلىك ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىلىرىنى چىقىرىسىلەر. مەن تېنىگە كىرىۋالغان ئادەملەردىن خۇددى ۋابادىن قاچقاندەك قاچىسىلەر. سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردىكى مەن ئۆلۈمنىڭ بىخلانمىسى. سىلەر مەن ئارقىلىق ئۆلۈمنى تەسەۋۋۇر قىلىسىلەر، يەنە مەن ئارقىلىق ئۆلۈمنىڭ ناهايىتى تېز يېتىپ كېلىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنىمۇ ئىقرار قىلىسىلەر. خۇددى جاھاندا مەن بولمىسام ئۆلۈم مەۋجۇت بولمايدىغاندەك ماڭا شۇبھە بىلەن قارايسىلەر. قاتناش ۋەقەسىدە بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ؛ تۇغۇتتا پىداكارلىق بىلەن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ؛ دالا چېكەتكىسىدەك يامراپ كېتىۋاتقان راك كېسىلى بىلەن قىينىلىپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ؛ دۈشمىنىنىڭ قولىدىكى خەنجەر ياكى دوستىنىڭ قولىدىكى گۈللۈك تىغدا ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ؛ مەشۇقىنىڭ ئىشق ئوتىدا يۈرىكى كۆيۈپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ؛ زەهەر چېكىپ ياكى ئۆزىنى ئارقانغا ئېسىپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلۈمىگە خۇددى مەن سەۋەبچىدەك، مەن بولمىسام ئۇلار ئۆلمەي زامان-زامانلارغىچە ياشايدىغاندەك ئويلايسىلەر. مەن ھەققىدە يەنە توم-توم كىتابلارنى يازىسىلەر. مەندىن قانداق مۇداپىئەلىنىش ھەققىدە مۇستەھكەم قورغانلارنى بىنا قىلىسىلەر-يۇ، كۆپ ئۆتمەيلا مۇستەھكەم قورغىنىڭلارنىڭ ئۆزۈڭلار ئويلىغاندەك ئۇنداق مۇستەھكەم ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ قالىسىلەر. چۈنكى مەن سىلەر-

نىڭ بارلىق مۇداپىئە چەمبىرىكىڭلاردىن ناھايىتى ئاسانلا، خۇددى يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن كىرگەن ھاۋادەك كىرىپ كېتىمەن. سىلەر مېنى چەكلەش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەقىل ۋە نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلىسىلەر. ھەر تۈرلۈك مالىيە خەزىنىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىنى قولغا كەلتۈرىسىلەر-يۇ، ساختا تالون، ساختا ئۇنۇم بىلەن ئاشۇ پۇلنىڭ ئىگىسى بولغان ئادەملەرنى ئالدايسىلەر. ئۇلار پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدۇ دەپ قارايدۇ، يەنە پۇلنى مېنى ئۆلتۈرەلەيدۇ، دەپمۇ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە مېنى پۇل ئۆلتۈرەلمەيدۇ، مەنمۇ پۇلنى ئۆلتۈرەلمەيمەن. ئۇلار پەقەت مېنىڭ نامىم ئارقىلىقلا پۇلنى بۇزۇپ چاچىدۇ. مەن قامەتلىك ئەرلەرنىڭ قېنىدىلا ئەمەس، كۆل بويىدىكى يېگانە گۈلدەك چىرايلىق ۋە ئەۋرىشىم قىزلارنىڭ قېنىدىمۇ بەھۇزۇر ئاقالايمەن. مەن قاننىڭ مۇستەملىكىچىسى. مەن كىرىشنى بىلىمەن، چىقىشنى بىلمەيمەن. بۇ چاغدا روھ تەندىن ئاجراپ كېتىشنى ئۈمىد قىلسا، تەن روھنىڭ كونتروللۇقىدىن ئازاد بولۇپ كېتىشنى ئىستەيدۇ. بىراق مېنىڭ ئۇ تەن ۋە روھقا بولغان ئازابىم بۇنداق ئارزۇ بىلەن يەڭگىللىمەيدۇ. مەن تەسەللى بېرىشنى بىلمەيمەن، مەن ئۇ تەننى ئازابلىغۇچى. مەن رەھىمنى بىلمەيمەن، مەن ئۇ تەن بىلەن بىللە سېسىپ كەتكۈچى. مانا بۇ مېنىڭ ماھىيىتىم، مانا بۇ مېنىڭ خاراكتېرىم. مېنىڭ ھاياتلىقىم مانا مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ. چۈنكى مېنىڭ ئۆزۈمگىلا خاس بولغان ئېكولوگىيەلىك بوشلۇقۇم بار، بۇ بوشلۇقتا مېنىڭ ئۆزۈمگىلا تەۋە بولغان ياشاش قانۇنىيىتىم بار. مەن مانا مۇشۇ ياشاش قانۇنىيىتىم بىلەن باشقا ۋىرۇسلاردىن تۈپتىن پەرقلىنىپ تۇرىمەن. سىلەر ئوخشاش بولمىغان قاراشلار سەۋەبىدىن تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن، بىراق مەندە قاراش مەۋجۇت بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان قاراشتىكى بارلىق ئىنسانىيەتكە ئورتاقمەن. مەن چۈشكەن يېرىمدە كۆكلىيەلەيمەن، چۈنكى ماڭا پەۋرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەمما سىلەر ئۇنداق ئەمەس، سىلەر ھامان ئۆزۈڭلارنى پەرۋىشلەپ تۇرۇشقا موھتاج. راست، سىلەر مېنى سۆيمەيسىلەر، مەن سىلەرنى سۆيىمەن. بولۇپمۇ مەن بىلەن يۇقۇملانغان تەن ئىگىسىنى ھاياتىم بىلەن سۆيىمەن. لېكىن مېنىڭ سىلەرگە بولغان سۆيگۈم سىلەرنى ھالاك قىلمىغۇچە توختاپ قالمايدۇ. چۈنكى مېنىڭ سۆيگۈم بىر ئەرنىڭ بىر قىزغا ياكى بىر پۇقرانىڭ بىر ۋەتەنگە بولغان سۆيگۈسىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان زەھەرلىك سۆيگۈ. سىلەر ئۆزۈڭلار سۆيگەن قارشى تەرەپكە قۇربانلىق بېرىش قۇدرىتىگە ئىگە بولساڭلار، مەن ئۆزۈم سۆيگەن قارشى تەرەپنى ماڭا قۇربانلىق بېرىشكە مەجبۇرلايمەن.

بىر كۈنى مېنى نازاكەتلىك تېنىدە كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئاھۇ كۆزلۈك بىر قىز دانىشمەنلىك قاچىسىدا زەمزەمگە ئايلاندۇرغان شەيتان ھېلىسىنى قەلبى بىلەن كۆتۈرۈپ چىقىپ، شەھەرنىڭ ئاۋات رەستىدىكى كۆركەم بېزەلگەن تېز تاماقخانىغا كىرىپ كەلدى. لېكىن ئۇنىڭ بىر جۈپ ئاھۇ كۆزى ئالدىدىكى بىر قۇتا قىزىلمۇچ تەييارلانمىسىدا ئىدى. ئەسلىدە ئۇ بۇ تېز تاماقخانىغا تاماق يېگىلى ئەمەس، مېنى بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدىكى قان تامچىسى ئارقىلىق ئاشۇ قىزىلمۇچ تەييارلانمىسىغا قالدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن كىرگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئاھۇ كۆز قىزنىڭ بارماقلىرىدىكى تىغنى سىلەر كۆرمىدىڭلار، مەن كۆرۈپ تۇردۇم. ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ناھايىتى ئېھتىيات ۋە ئەپچىللىك بىلەن تىغ ئۇچىنى ئۇششاق يارا بولۇپ كەتكەن باش بارمىقىنىڭ تېخى تولۇق ساقىيىپ بولالمىغان ئورنىغا پاتۇرۇۋېدى، قېنىق قويۇق رەڭلىك قان تامچىسى بارماق گۆشىنىڭ ئىچى-

www.uyghurkitap.com

دىن تېشىغا تېپىپ چىقتى. ئۇ ئاھۇ كۆز قىز قان تامچىسىنى مەندىن باشقا ھېچكىمگە كۆرسەتمەي تۇرۇپ قىزىلمۇچ تەييارلانمىسىغا ئاقتۇردى ۋە كىچىك قوشۇقچە بىلەن قىزىلمۇچ تەييارلانمىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئارىلاشتۇردى. ئۇ ئاھۇ كۆز قىزنىڭ شۇ چاغدىكى ئەستايىدىللىقىغا مەن بىر ئۆمۈر ھەۋەس ۋە ھەسەت قىلىمەن.

شۇنداق قىلىپ مەن قىزىلمۇچ تەييارلانمىسى قاچىلانغان قۇتىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ماكانلاشتىم. سىلەر شۇ چاغدا ئاھۇ كۆز قىزنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىكى قاباھەتنى كۆرگەن بولساڭلار ئىدى، ئىنسان كۆزىنىڭ بۇ قەدەر دەھشەتلىك بولىدىغانلىقىدىن ۋەھىمىگە چۈشكەن بولاتتىڭلار.

ئاھۇ كۆز قىز لەغمەندىن بىر نەچچە تارتىملا يېگەندىن كېيىن تاماقخانىدىن چىقىپ كەتتى. مەن بولسام قىزىلمۇچ تەييارلانمىسى قاچىلانغان قۇتا ئىچىدىكى يېڭى بىر ھاياتلىق مۇھىتىدا مۇستەقىل ياشاش ھوقۇقىغا ئېرىشتىم.

يەنە بىر كۈنى ئاخشىمى قەددى - قامىتى خوپ كېلىشكەن بىر يىگىت مېنى ئۆزى سۆيگەن قىزنىڭ تېنىگە مۇھەببەت بىلەن كىرگۈزدى.

مېنىڭ ھەيران بولغىنىم، يىگىت قىزنى راستىلا قەلبى بىلەن سۆيەتتى ھەم ئۆزىنىڭ مەندەك بىر ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. شۇڭا يىگىت مەندىن ئازاب ھېس قىلاتتى ھەم مەندىن يىرگىنەتتى، شۇنداق تۇرۇپ ئۇ مەندەك بىر دۈشمىنىنى ئۆزى سۆيگەن قىزنىڭ تېنىگە مۇھەببەت بىلەن ماكانلاشتۇردى. مەن ھېس قىلدىمكى، يىگىت قىزنى سۆيۈشنى بىلگىنى بىلەن قوغداشنى بىلمەيدىكەن، مېنى سۆيمىگىنى بىلەن قوغداشنى بىلىدىكەن. ناۋادا سىلەر ئىنسانلار مەندەك بىر يامان سۈپەتلىك ۋىرۇس بولۇپ، بۇ يامان سۈپەتلىك ۋىرۇس مېنىڭ تېنىمدە مەۋجۇت بولغان بولسا، قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇ ۋىرۇسنى ئۆزۈمدىن باشقا يەنە بىر زاتقا ھەرگىزمۇ يېقىن يولاتمىغان بولاتتىم. شۇڭا گاھىدا سىلەرنىڭ ماڭا ماكان ئاتا قىلغىنىڭلاردىن مىننەتدارلىق ھېس قىلساممۇ، لېكىن شەخسىيەتچىلىك ئىشىڭلاردىن قاتتىق نەپرەتلىنىمەنكى، سىلەرگە لەنەتلەر بولسۇن!

سىلەرگە بۇ ھەقتە يەنە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي.

مېنىڭ سىلەرنىڭ مۇبارەك تېنىڭلارغا كىرىش يوللىرىم خىلمۇخىل بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان كۆچۈش يوللىرى ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان تەنلەرگە ماكانلىشىمەن. يەنى مېنىڭ سىلەرنىڭ تېنىڭلارغا كۆچۈشتىكى يەنە بىر خىل شەكلىم ئىشپىرىس يىڭنىسىدۇر. سىلەر ئاق تاماكا چېكىپ ئۆلۈپ قالغان زەھەر چەككۈچى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغانمۇ؟ بۇ راست خەۋەر.

راست، ئۇ زەھەر چەككۈچى ھەقىقەتەن ئۆلۈپ قالغان، ئۇ ئۆلۈپ قالغان يەر بولسا بىر ئاممىۋى ھاجەتخانا ئىدى. خۇددى ھېلىقى ئاھۇ كۆزلۈك چىرايلىق قىز تېز تاماقخانىغا تاماق يېيىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قىزىلمۇچ تەييارلانمىسى قاچىلاپ قويۇلغان قۇتىغا مېنى قان تامچىسى ئارقىلىق قالدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈنلا كىرگەندەك، بۇ زەھەر چېكىپ ئۆلۈپ قالغۇچىمۇ ئاممىۋى ھاجەتخانىغا تەن ھاجىتىدىن چىقىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى زەھەر سۇيۇقلۇقىنى ئىشپىرىس يىڭنىسى ئارقىلىق بىلىكىدىكى ئانا تومۇرىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن كىرگەنىدى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭمۇ تېنىدە مەۋجۇت ئىدىم. لېكىن بۇنى ئۇ ئۆزى بىلمەيتتى. ئۇنىڭدا بۇنى بىلگۈدەك ئەقلىي تەپەككۇرمۇ يوق ئىدى. چۈنكى مەن ئۇنىڭ تېنىدە زەھەر بىلەن

ئارىلىشىپ كەتكەنىدىم. مېنىڭ ئۇنىڭ تېنىگە قانداق كىرگىنىمنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىڭلارمۇ؟ بەلكىم تەسەۋۋۇر قىلغانسىلەر. مەن ئۇنىڭ تېنىگە قولىدىكى ئاشۇنداق بىر ئىشپىرىس يىڭنىسى ئارقىلىق كىرگەنىدىم. ئۇ ئۆلۈپ قالغۇچى ئۇ چاغدا ئىشپىرىس يىڭنىسىدە مېنىڭ بارلىقىمنى بىلمەيتتى. ئۇ زەھەر چېكىپ ئۆلۈپ قالغۇچى ئاممىۋى ھاجەتخانىدا ئىشپىرىس يىڭنىسىنى بىلىكىدىكى ئانا تومۇرىغا ئەمدىلا كىرگۈزۈپ تۇرۇشىغا يەنە بىر زەھەر چەككۈچى كىرىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئۇلار ئۇ يەردە ئاشۇ ئىشپىرىس يىڭنىسىنى تالىشىۋاتاتتى. كېيىن كىرىپ كەلگۈچى قارشى تەرىپىدىكى زەھەر چەككۈچىنىڭ بىلىكىدىكى ئىشپىرىس يىڭنىسىنى ئانچە قىينالمايلا تارتىۋېلىپ ئۆرە تۇرغان پېتىلا ئۆزىنىڭ بىلىكىدىكى ئانا تومۇرىغا كىرگۈزدى. زەھەر سۈيۈقلۇقى يىڭنە ئۇچىدىكى كىچىك تۆشۈكچە ئارقىلىق ئۇنىڭ قان ئايلانمىسىغا ئاستا ـ ئاستا قوشۇلۇپ كەتتى. مەنمۇ ئاشۇ زەھەر سۈيۈقلۇقى ئېقىپ چىقىۋاتقان يىڭنە ئۇچىدىكى تۆشۈكچە ئارقىلىق ئۇنىڭ تېنىگە كىرىپ كەتتىم، دېمەك ئۇمۇ مەن بىلەن يەنى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملاندى.

ئارقىدىن كىرگەن زەھەر چەككۈچى ئىشپىرىستىكى زەھەر سۈيۈقلۇقىنى تومۇرىغا تولۇق كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، قەپەستەك قىسىلىپ كەتكەن ئىچى بىردىنلا كېڭىيىپ يېنىك تىن ئالدى ۋە ئۆزىگە تەلمۈرۈپ ياتقان يەنە بىر زەھەر چەككۈچىگە قاراپمۇ قويماستىن، قولىدىكى ئىشپىرىس يىڭنىسىنى تاشلىۋېتىپ ئاممىۋى ھاجەتخانىدىن چىقىپ كەتتى. يەردە تىترەپ ياتقان ئاۋۋالقى زەھەر چەككۈچى يارا ئىزلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن بىلەكلىرىنى تەستە ھەرىكەتلەندۈرۈپ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئىشپىرىس يىڭنىسىنى قولىغا ئالدى ۋە قۇرۇق ئىشپىرىس يىڭنىسىگە خۇددى تېنىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ھاياتىغا قارىغاندەك مېھرى بىلەن تەلمۈرۈپ قاراپ بىلىكىگە تەشنالىق بىلەن كىرگۈزدى. لېكىن قۇرۇق ئىشپىرىس ئىچىدىن ھېچ نېمە چىقماي ئۇنىڭ ئۈمىد گۈللىرىنى خازاندەك توزۇتۇپ تاشلىدى. تولىمۇ ھەيرانمەن، سىلەر ئىنسانلارنىڭ ھاياتقا بولغان مېھرىڭلاردىن زەھەرگە بولغان مېھرىڭلار نەقەدەر كۈچلۈك ـ ھە؟

ئۇ زەھەر چەككۈچى ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاممىۋى ھاجەتخانىدا زەھەرگە بولغان تەشنالىق ۋە ماڭا بولغان مەھكۇملۇق ئىچىدە خۇددى پەيدەك قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ جەسىتىنى تۇنجى بولۇپ كۆرگەن ئايال تازىلىق ئىشچىسى قورقۇنچتىن ئېچىنىشلىق چىرقىراپ كەتتى.

— ئادەم بارمۇ؟!

ئايال تازىلىق ئىشچىسىنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشى بىلەن بىر نەچچەيلەن ئاممىۋى ھاجەتخانىغا يېنىغا كېلىپ ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولغان جەسەتكە ھەم ئىچ ئاغرىتىش، ھەم سەسكىنىش بىلەن قاراشتى.

— ئۆلۈپ بولغان ئوخشايدۇ!

— بىلەكتىن ئۇرۇپتىكەندە ئاقنى.

— جېنى چىققۇچە قانچىلىك قىينالغاندۇ ـ ھە؟

— ئۇششاق باللىرى بولغىيتتى.

— نېمىدېگەن ھاقارەتلىك ئۆلۈم بۇ!

— بەلكىم ئەيدىز بىلەنمۇ يۇقۇملانغان بولۇشى مۇمكىن.

— شۇنداق، زەھەرچىلەرنىڭ كۆپى مۇشۇنداق بولارمىش.

— ئامانەتكە خىيانەت قىپتۇ.

— ئەمدى ئۇ ھۆزۈرنىمۇ، ئازابنىمۇ ھېس قىلالمايدۇ.

— جان يوق تەن ئەجەب سۇرلۇك بولۇپ

كېتىدىكىنا.

— تەن دېگەن جان بىلەن ئىسسىق كۆرۈنىدىكەن كۆزگە ئەسلىدە.

— قاراڭلار ئۇنىڭ ئۇخلاۋاتقاندەك ياتقىنىنى.

— ئۇيغانغاندەك تىرىلىدۇ بىر كۈنى يەنە...

ئۆلۈپ قالغۇچىغا قاراپ تۇرغۇچىلارنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئۆلۈپ قالغۇچىغا بولغان ھېسداشلىقنىمۇ، يىرگىنچىنىمۇ ئېنىق ھېس قىلغىلى بولمايتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆلۈپ قالغۇچى مەخسۇس جەسەت توشۇش ماشىنىسىغا سېلىنىپ ئېلىپ كېتىلدى ۋە ھاك سۈيىدە دېزىنفېكسىيە قىلىنغاندىن كېيىن لەھەتكە جىمجىتلا كۆمۈپ تاشلاندى.

سۆزۈمگە شەكسىز چىنپۈتۈڭلاركى قەدىردانلىرىم، گەرچە مەن ئۇنىڭ تېنىدە بىر قېتىم ئۆلگەن بولسامىمۇ، لېكىن ئۇ مېنى ئىشپىرىس يىڭنىسى ئارقىلىق يەنە نۇرغۇن تەنلەردە ھاياتلىققا ئېرىشتۈردى. شۇڭا ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ مەن باشقا قان ۋە تەنلەردە بۇرۇنقىدەكلا نورمال مەۋجۇتلۇقۇمنى ساقلاپ كەلمەكتىمەن. ئۇنداق بولمىسا مەن بۇ يەردە ئولتۇرۇپ سىلەرگە ھېكايە سۆزلەپ بەرمىگەن بولاتتىم. چۈنكى ئاۋاز دېگەن تىرىك نەرسىدىن چىقىدىغان تاۋۇشلۇق يەل. مانا شۇ تاۋۇشلۇق يەل مۇشۇ تاپتا مەندىن چىقىپ سىلەرگە يېتىۋاتىدۇ.

راستىنى دېگەندە، مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ناھايىتىمۇ كېيىن. بىراق كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىدا ئىككى نەرسىنى ياراتتى. ئۇنىڭ بىرى پەن-تېخنىكا كەشپىياتى، يەنە بىرى مەن. بىر زامانلاردا پەن-تېخنىكا چىراغنى ياراتقاندا ئادەملەر بۇ نۇر چىقىرالايدىغان نەرسىگە قانداق ھەيرەتتە قالغان بولسا، كېيىنكى زاماندا ئادەملەرنى ئۆلتۈرەلەيدىغان ماڭىمۇ شۇنداق ھەيرەتتە قالدى. چىراغنى بىلىم مەۋجۇتلۇققا چىقارغان بولسا، مېنى ئەخلاقسىزلىق مەۋجۇتلۇققا چىقاردى. شۇڭا مەن بىلىمدىن قورقۇنچ ھېس قىلمايمەن، بەلكى ئەخلاقتىن قورقۇنچ ھېس قىلىمەن. چۈنكى بىلىمسىز ئادەم ھېچكىمگە پايدا يەتكۈزەلمىگەندەك ھېچكىمگىمۇ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئەمما ئەخلاق مېنى ھامان چەكلەپ تۇرۇشتەك يوشۇرۇن قۇدرەتكە ئىگە. شۇڭا تەنتەنە بىلەن دېيەلەيمەنكى، ياشىسۇن ئەخلاقسىز ئادەملەرنىڭ ئەخلاقسىزلىقى!

مەن ئەيدىز. مەن سىلەرگە ئۆزۈم ھەققىدە سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن. بۇنىڭدىكى مەقسەت، سىلەرنىڭ مەندىن ئادا-جۇدا بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىدە سىلەرنىڭ مېنى بىلمەيتتۇق، دەپ مەندىن تېنىۋېلىشىڭلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى سىلەر مېنى خالىغاندىلا ئاندىن مەن سىلەرنى خالايمەن. شۇنىڭ بىلەن سىلەر مېنى خۇددى روھىڭلارنى تەن تەختىڭلاردا كۆتۈرۈپ يۈرگەندەك بىمالال كۆتۈرۈپ يۈرىسىلەر. بىلىڭلاركى روھ ماددا ئەمەس، مەن ماددا. لېكىن روھنىڭ ئېغىرلىقى تەن تەختىڭلارغا بىلىنمىگەندەك مېنىڭ ئېغىرلىقىممۇ تەن تەختىڭلارغا بىلىنمەيدۇ. مەن بەزىدە سىلەر ئۈچۈن تاشتىن قاتتىق، سۇدىن يۇمشاقمەن. بەزىدە بولسا تاشتىن يۇمشاق، سۇدىن قاتتىقمەن. بەزىدە بولسا مەن سىلەرگە ئۆلۈمنىڭ ھىدى بولۇپ خۇشبۇي پۇرايمەن. بەزىدە بولسا ئاغرىقنىڭ شەكلى بولۇپ سۆڭەكلىرىڭلارنى ئۇۋۇپ يەيمەن. يەنە بەزىدە بولسا قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرگە يولۇقۇپ قالغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمگە لەنەتلەر ئوقۇيمەن. چۈنكى سىلەر مەن بىلەن ھۇزۇر ئىزدەپ ئۇچرىشىسىلەر-يۇ، يەنە مەندىن خورلۇق ھېس قىلىسىلەر. شۇنداق بولسىمۇ

مەن سىلەرنىڭ تومۇر ـ تومۇرۇڭلاردىكى دەريا ـ
دەريا قانلىرىڭدا ئالتۇن بىلىقتەك ئۈزۈپ ئويـ
ـنايمەن. مەن بۇ خىل ھالىتىم بىلەن ئۆزۈمنى
خۇددى سىلەر بالا ۋاقتىڭلاردا ئىشتىياق بىلەن
ئوقۇغان چۆچەكلەردەك سۆيۈملۈك ھېس قىلىـ
مەن. لېكىن سىلەر مېنى مەن سىلەرنى سۆيـ
ـگەندەك سۆيمەيسىلەر. شۇڭا سىلەرنىڭ مەن
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭلارنى خۇددى ئاشنا ـ
ئاداش مۇناسىۋىتىگىلا ئوخشىتىمەن. چۈنكى
سىلەر مېنى ياقتۇرمايسىلەر ـ يۇ، ئەمما ماڭا
تەلپۈنسىلەر، مۇشۇ تاپتا تۇيۇقسىزلا يادىمغا
كېلىپ قالغان بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي.

تېنىدىكى قېنىدا مېنى ئېلىپ يۈرگەن بىر
ناخشىچى يىگىت مېنى ئېلىپ كەچلىك بازار ـ
غا چىقتى. كەچلىك بازار چىراغلارنىڭ نۇرى ۋە
ئادەملەرنىڭ قىيا ـ چىيالىرىدا قىزىپ كەتكەنىـ
ـدى. مەن بىلەن يۇقۇملانغۇچىنىڭ قاشقىسىدا
بەلگە بولمىغاندىن كېيىن، ھېچكىممۇ ئۇ يىـ
ـگىتنى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان يۇ ـ
قۇملانغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆزىنىڭ ئىچىگە
قاراپمۇ بىلەلمەيتتى. ناخشىچى يىگىت پىيادىـ
ـلەر سودا كوچىسىدىكى كەچلىك بازارغا
كېلىپ، بىرنەچچە يېقىنلىرى بىلەن تېلېفونـ
ـلىشىپ بىر دەمدىلا ئالتە ـ يەتتە ئادەمگە ئايلانـ
ـدى.

ــ بىرەر شېشىدىن چېقىشمامدۇق؟
ناخشىچى يىگىت دوستلىرىغا قاراپ
شۇنداق دېدى.

ــ چاقساق چېقىپتۇق، بىز چاقمىغان شىـ
ـشىمىتى ئۇ!

باشقىلارمۇ دەرھاللا ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇ ـ
لۇپ يول بويىدىكى كاۋاپدانىنىڭ يېنىدىكى
بوش شىرەنى چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇشتى.

ــ قائىدە يەنە بۇرۇنقىدەك ئەمىسە، ــ
دېدى ناخشىچى يىگىت ھەممەيلەن ئولتۇرۇ ـ
شۇپ بولغاندىكىن كېيىن، ــ سورۇننىڭ چىقىـ



ـمنى تەڭ كۆتۈرىمىز.
ــ شۇنداق قىلىلى.
ــ ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدە قالمىسۇن.
ــ ئېغىرمۇ كەلمەيدۇ كىشىگە.

ئۇلار بىر نەچچە شېشە ھاراق بىلەن
ئەركەك قوينىڭ بورەك كاۋىپىدىن بۇيرۇشتى.
كەچلىك بازاردا ئادەم ھەقىقەتەنمۇ كۆپ بولۇپ،
قارىماققا شەھەر خەلقى كەچلىك تامىقىنى ئۆ ـ
يىدە يېمەي كوچىغىلا چىقىۋالغاندەك كۆرۈنەتـ
ـتى. بەلكىم چوڭلارنىڭ دېگىنىدەك «ۋاژ ـ ۋۇژ»
پىشقان تاماقتىن «پاژ ـ پۇژ» قىلىپ چالا
پىشقان تاماق يېيىشلىك بولىدىغاندۇ.

ناخشىچى يىگىت شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇ ـ
رۇشقان ھەمراھلىرى بىلەن يېغى ئېقىپ
تۇرغان بۆرەك كاۋاپنى زاكۇسكا قىلىشىپ بىر
دەمدىلا نەچچە بوتۇلكا ھاراقنى كۆرمىدىم ـ
يوق قىلىۋېتىشتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ كۆز قا ـ
رىچۇقلىرى كېڭەيگەن، يۈزلىرى قىزارغان، ئې ـ
غىزلىرىنىڭ تىلسىماتلىرى ئېچىلىپ كەتكەن
بولۇپ، بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەي سۆزلىشەتتى.
بىرى يەنە بىرىنىڭ قوللىرىنى چىڭڭىدە سىـ
ـقىمدىغىنىچە سىلكىپ تۇرۇپ گەپ قىلاتتى،
يەنە بىرلىرى بولسا شىرە ئۈستىگە بېشىنى
قويغىنىچە مۈگدەشكە باشلىغانىدى. قولىدىـ
ـكى سۈزۈك ھاراق قۇيۇلغان رومكىنى كۆتۈرۈ ـ
ۋالغان يەنە بىرى بولسا خۇددى تەنتەنىلىك بىر

مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان سورۇن بېشىدەك، بىر قولى بىلەن شېرەنى تۇتقىنىچە ئۈمەر ھەييامنىڭ مەي ھەققىدىكى بىر رۇبائىيسىنى بۇزغىنىچە ئوقۇۋاتاتتى.

مەي ئىچسەڭ بىر گۈزەل رەنا بىلەن ئىچ،
ۋە ياكى مەرد، سېخىي دانا بىلەن ئىچ.
پۇل بولسا جىق-جىق ئىچ، دوستلار بىلەن ئىچ،
بولمىسا قاۋاقتا ئۆزۈڭ يالغۇز ئىچ.

— ياخشى، قالتىس شائىركەنسەن...

— كەلدى، دەھشەت كەلدى، يەنە بىرنى...

— ئېيتە شېئىرىڭنى...

قولىغا بېشىنى قويۇپ مۈگدەپ قالغان يىگىتتىن باشقىلىرى قىيا-چىيا قىلىشىپ كەتتى.

— كۆڭۈل قىلىمەن، ساقىيغا كۆڭۈل قىلىمەن، كۆڭۈل.

ھاراق قۇيۇلغان رومكىنى كۆتۈرۈۋالغان يىگىت شۇنداق دېۋىدى،

— قىلە قېنى، كەلتۈرەلىسەڭ لام-جىم دېمەيمىز، — دېدى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ھاراق قۇيۇۋاتقان يىگىت مەيدىسىگە ئەركەكلەرچە ئۇرۇپ.

— ئەمىسە باشلىدىم-ھە!

— ئېيتە شېئىرىڭنى!

ھاراق قۇيۇلغان رومكىنى كۆتۈرۈۋالغان يىگىت ساقىيغا قاراپ قايسىدۇر بىر شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ ئاۋازىنى مەيلى قانچىلىك كونترول قىلىشقا تىرىشسۇن، ئاۋازى يەنىلا گاراڭ-گۇرۇڭ چىقماقتا ئىدى. لېكىن شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ قانداق چىقىدىغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى نېمىلەرنى ئوقۇيدىغانلىقىغا قىزىقىۋاتقاندەك قىلىشاتتى.

دۈشەنبە مەي ئىچىپ سەيشەنبە ياتتىم،
چارشەنبە، پەيشەنبە دەردىنى تارتتىم.
ھە تۈنۈگۈن جۈمەنى ئۆتكۈزۈپ ئاران،
مانا بۈگۈن شەنبىدە ساقىينى تاپتىم.

ئۇ شېئىرنى ئوقۇپ بولۇشى بىلەنلا باشقىلار يەنە قىيا-چىيا قىلىشتى. ئەمما ساقىي بولغان يىگىت:

— ئىناۋەتسىز، شېئىر چالا قالدى، ئۆزى ئىچىدۇ، — دېدى ئۆزىگە سۇنۇلغان ھاراقنى ئالماي رەت قىلىپ.

— ئوغلاق ئىزىدىن، يولۋاس سۆزىدىن ياناماس دەپتىكەن. ئالە قولۇمدىكى رومكىنى، مەن توپتوغرا ئېيتتىم شېئىرنى.

— چالا ئېيتتىڭ!

— سەن ئېيتىپ باقە ئەمىسە، مەن نەرىنى چالا ئېيتتىم.

— مەن ئېيتالمايمەن.

— ئېيتالمىساڭ يالغان گەپ قىلماي يېڭىلگىنىڭگە تەن بەر.

— يەكشەنبىنى دېمىدىڭ.

— يەكشەنبىنى نېمىشقا دەيتتىم؟

— دۈشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە، پەيشەنبە، جۈمە، شەنبىنى دېگەنسەن؟

— دېدىم.

— بىر ھەپتە يەتتە كۈن بولىدىغاندۇ؟

— يەتتە كۈن بولماي سەككىز كۈن بولاتتىمۇ ئەمىسە؟

— ئالتە كۈننى دېگەندىن كېيىن نېمىشقا يەتتىنچى كۈننى دېمەيسەن؟ يەكشەنبە بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانمىتىڭ-يا؟

— مەن ئېيتقان شېئىردا يەكشەنبە بولمىسا.

— ئەسلىي يەكشەنبە بارتى، سەن ئۇنتۇپ قالدىڭ.

— شېئىر دېگەن تۆت قۇر تۇرسا، يەكشەنبە بولسا بەش قۇر بولۇپ كېتەمەدۇ؟

— ئەمىسە بەش قۇرلۇق مۇخەممەستىن بىرنى ئېيتە.



www.uyghurkitap.com

— مۇخەممەس دېگەن نېمە ئۇ ئەمدى؟

— بەش قۇرلۇق شېئىر ئۇ!

— ماڭەۋە چىدىماس.

— ئىچە ئەمىسە...

ئۇلار بىر-بىرىگە گەپ بەرمەي تالاش-تارتىش قىلاتتى. بۇ چاغدا مېنى تېنىدا كۆتۈرۈپ يۈرگەن ناخشىچى يىگىت ئۈن-تىنسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ، تالاش-تارتىش بولۇۋاتقان سورۇندىن ئايرىلدى. ئەمما ئۇ سورۇندىكى ئايىغى چىقماس تالاش-تارتىشتىن بىزار بولۇپ ئەمەس، بەلكى قوش ئالىقانچىلىك سومكىسىنى بويىنىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئالدىغا ساڭگىلىتىۋالغان بىر قىزنىڭ كەينىدىن ماڭغان ئىدى. ئەسلى ئۇ قىز ئۇنىڭ ھاراقنىڭ تەسىرىدىن قىزىپ كەتكەن قانلىرىغا جىنسىي ھاياجاننىڭ ئوتىنى يېقىۋەتكەنىدى. ئۇ قىز يول بويىغا چىقىپ تۇردى. قارىماققا يول بويىدا كىرا ماشىنىسى توسماقچى بولغاندەك قىلاتتى، لېكىن ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇرۇۋاتقان كىرا ماشىنىلىرىدىن بىرىنىمۇ توسماي جايىدا تۇراتتى. قېنىق سېرىق رەڭدە بويالغان بۈدۈر چاچلىرى كوچا چىرىغىنىڭ سارغۇچ نۇرىدا قىزىل مىستەك پارقىرايتتى. ناخشىچى يىگىت قىزنىڭ يېنىغا كەلگەندىلا قەدىمىنى توختاتتى. ئۇ قىز ناخشىچى يىگىتكە پەرۋاسىزلا قاراپ قويۇپ، چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويدى.

— ياخشىمۇسىز؟

ناخشىچى يىگىت سومكىلىق قىزغا گەپ قىلدى، سومكىلىق قىز ناخشىچى يىگىتكە قاراپ قويۇپ ئۈندىمىدى.

— بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرساق بولامدۇ؟

ناخشىچى يىگىت سومكىلىق قىزدىن سورىدى.

— رەھمەت، يىگىتىمنى كۈتۈۋاتاتتىم.

ناخشىچى يىگىت سومكىلىق قىزنىڭ جاۋابىغا ئىشەنمىدى، شۇڭا:

— كەچ بولۇپ كەتتى، ئۆرە تۇرۇپ پۇتلىرىڭىز تېلىپمۇ كەتكەندۇ؟ — دېدى.

— يامان نىيىتىڭىز يوقتۇ-ھە؟

سومكىلىق قىز ناخشىچى يىگىتتىن سورىدى. ناخشىچى يىگىت سومكىلىق قىزنىڭ يېنىغىراق كېلىپ سورىدى.

— مەن يامان نىيىتى بار ئادەمگە ئوخشامدىكەنمەن؟

— ئۇنداقدەككۇ قىلمايدۇ.

— ئەمىسە قوشۇلدىڭىز-ھە؟

— مەيلى ئەمىسە.

ناخشىچى يىگىت قولىنى كۆتۈرۈپ ئاستا كېلىۋاتقان بىر كىرا ماشىنىسىنى توستى ۋە سومكىلىق قىز بىلەن ماشىنىغا چىقىپ مېڭىپ كەتتى. سومكىلىق قىزنىڭ بەدىنىدىن تاراۋاتقان ئەتىرنىڭ خۇش پۇراق ھىدى ماشىنا ئىچىنى بىر ئالدى.

— قەيەرگە بېرىشنى خالايسىز؟

ناخشىچى يىگىت سومكىلىق قىزنىڭ تىزى ئۈستىگە قويۇۋالغان قولىنىڭ چىمچىلاق بارمىقىنى بىر تال سەرەڭگە ياكى بىر تال چىش كولىغۇچنى تۇتقاندەك تۇتۇپ تۇرۇپ سورىدى. سومكىلىق قىز ناخشىچى يىگىتكە كۆزىنىڭ قىرىدا قارىغىنىچە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— بىرەر مۇزىكىلىق ئارامگاھقا بارساقمىكىن.

— بولىدۇ، ئەمىسە «تولۇن ئاي ئارامگاھى»غا بارمايلىمۇ؟

— مەيلى.

ناخشىچى يىگىت كىرا ماشىنىسىنىڭ شوپۇرىغا بارىدىغان يېرىنى دەپ بېرىۋىدى، ئاستا سۈرئەت بىلەن كېتىۋاتقان ماشىنا «تولۇن ئاي ئارامگاھى» تەرەپكە قاراپ غۇيۇلداپ مېڭىشقا باشلىدى.

«تولۇن ئاي ئارامگاھى»نىڭ ئىچى

ئوخشاش بولمىغان ياش ۋە چىراي شەكىلدىكى مېھمانلار بىلەن تولغانىدى.

ناخشىچى يىگىت سومكىلىق قىز بىلەن ياندىكى بىر بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا، كۈتكۈچى قىز كېلىپ تىزىملىك دەپتىرىنى تۇتۇپ تۇردى. ناخشىچى يىگىت كۈتكۈچى قىزغا بىر نەچچە قورۇما بىلەن بىر بوتۇلكا ئەتىرگۈل ئىچىملىكى بۇيرۇدى.

— ئەتىرگۈلمۇ ھاراقتۇ-ھە؟ — دەپ سورىدى سومكىلىق قىز.

— ھاراق ئەمەس، ئادەتتىكى ئىچىملىك، ئىچسە روھنى كۆتۈرۈپ كەيپىياتنى قىزغىنلاشتۇرىدۇ.

— مەن مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىچمەيمەن جۇمۇ، ئادەمنى بەك بىئارام قىلىدۇ مەست قىلىدىغان نەرسىلەر.

سومكىلىق قىزنىڭ يالغان سۆزلىرى ئۇنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ لېكىن چاندۇرمىدى. قارالڭ، مەست قىلىدىغان نەرسىنى ئەزەلدىن ئىچمەيدىكەنئۇ، مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئادەمنى بىئارام قىلىدىغىنىنى بىلىدىكەن.

— ئىسمىڭىزنى دەپ بەرمىدىڭىزغۇ؟

ناخشىچى يىگىت سومكىلىق قىزدىن سورىدى.

— سورىمىسىڭىز دەپ بېرەتتىممۇ ئەمەسە؟

— مانا سورىدىمغۇ.

— ئارزۇ!

— ئارزۇ؟

— ھەئە، يېقىملىقمىكەن؟

— ئەلۋەتتە، ئۆزىڭىزمۇ بىر كۆرگەن ئادەم قايتا ئارزۇ قىلىغۇدەك يېقىملىق قىزكەنسىز ئەمەسمۇ.

— گېپىڭىز تاتلىقلىقىنى.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى داۋاملىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ يېنىغا «تولۇن ئاي ئارامگاھى»نىڭ بىر مۇزىكا چالغۇچىسى كەلدى.

— ئۇزاق بولدى كۆرۈنمەيسەنغۇ؟

ئۇ ئىككىسى كۆرۈشكەچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— ئارام ئېلىۋاتىمەن.

— زېرىكىپ قالمىغاندەك قىلىسەن قارىسام.

ئۇ ناخشىچى يىگىتكە شۇنداق دېگەچ ئۇنىڭ يېنىدا نازلىنىپ ئولتۇرغان سومكىلىق قىزغا مەنىلىك قاراپ قويدى.

— ئانچە ئەمەس.

— قايتىپ كېلىپ ئىشلىمەمسەن؟

— ئەھۋالغا قاراپ باقاي قېنى.

— بولىدۇ. بىراق ئۇزاق بوپتۇ ناخشاڭنى ئاڭلىمىغىلى، بۈگۈن بىر نەچچە ناخشا ئوقۇپ بەرمەمسەن؟

— بۈگۈن دېگەن مەن بۇ يەرنىڭ مېھمىنى تۇرسام.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن بۇرادەر.

قىسقا چاچلىق يىگىت شۇنداق دەپلا خوشمۇ دېمەي كېتىپ قالدى.

— ئۇنى تونۇمسىز؟

سومكىلىق قىز يەنى ئارزۇ ئىسىملىك قىز ناخشىچى يىگىتتىن سورىدى. ناخشىچى يىگىت ئارزۇغا قاراپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتقاچ:

— ھەئە، بىز نەچچە ئاي مۇشۇ يەردە بىللە ئىشلىگەن، — دېدى.

— سىزمۇ سازچىكەنسىزدە ئەمىسە؟

ئارزۇ يەنە سورىدى. ئەمما ئۇنىڭ سۆزى ناخشىچى يىگىتكە ئانچە ياقمىدى بولغاي:

— سازچى ئەمەس، سەنئەتكار دەڭ، — دېدى خاتا كەتكەن مۇھىم بىر سۆزنى دەرھاللا ئوڭشاپ.

— ھە، سەنئەتكار...

— بىز نەچچە ئاي مۇشۇ يەردە بىللە ئىشلىگەن، كېيىن زېرىكىپ چىقىپ كەتكەنتىم شۇ.

— مۇشۇنداق يەردىمۇ زېرىكىش ھېس قىلامدىكەنسىزمۇ؟

— ئادەم دېگەن شۇنداق بولىدىكەنغۇ تاڭ.

ئىككىسىنىڭ سۆھبىتى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا باياتىنقى يىگىت ئۇلارغا قاراپ قولىنى كۆتۈردى.

— يەنە نېمە دەيدىغاندۇ، — سورىدى ئارزۇ ئىسمىلىك قىز كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— مېنى ناخشا ئېيتىپ بەرگىن دەيدۇ.

— ئەمىسە ئېيتىپ بەرمەمسىز؟

— ئادەمگە ئارامىمۇ بەرمەيدۇ دېسە، سەل ساقلاپ تۇرۇڭ-ھە.

ناخشىچى يىگىت شۇنداق دېگەچ ئورنىدىن تۇرۇپ چىرايلىق بېزەلگەن كىچىك سەھنىگە چىقتى. ئاندىن نەقىشلىك تامغا يۆلەپ قويۇلغان ئېلېكترونلۇق گىتارنى ئېلىپ چېلىشقا باشلىدى. «تولۇن ئاي ئارامگاھى» بىردەمدىلا مۇزىكىنىڭ يېقىملىق كۈيى ئىچىدە تەۋرىنىشكە باشلىدى. ئارزۇ ئىسمىلىك قىز بولسا سول قولىدا ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇرغاچ ناخشىچى يىگىتكە تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ھايالشمايلا ناخشىچى يىگىتنىڭ ئاۋازى ئارامگاھ ئىچىدە ياڭراشقا باشلىدى.

سېنى ئويلاپ ئۆتتى كۈنۈم،
سەنمۇ مېنى ئويلارسەنمۇ؟
ھەر بىر سۆزۈڭ بىر مۇڭ-غەزەل،
سەن ھەم مېنى ئەسلەرسەنمۇ؟

جاندىن كەچتىم جانان بىلەن،
سەنسىز تارتقىنىم بولدى ئەلەم.
سەن يۈرىكىم، سەن مەھبۇبەم،
مەن غېرىبتىن كەچكەيسەنمۇ؟

ئۇھ... ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ نەقەدەر يېقىملىقلىقىنى سىلەر ئەمەس مەن ئاڭلىدىم. ئاشۇنداق بىر يېقىملىق ئاۋازغا ئىگە ئىنساننىڭ مېنىڭدەك بىر ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپ يۈرگەنلىكىگە پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ناخشا ئېيتقان چاغدىكى ئاۋازىنىڭ يېقىملىقلىقى ئۈچۈنمىكىن، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى. ئارزۇ ئىسمىلىك قىزمۇ ئۆزى بىلەن كەچلىك بازاردا تۇيۇقسىزلا ئۇچرىشىپ قالغان بۇ ناخشىچى يىگىتنى تېخى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپلا قالغانىدى. چۈنكى ئۇ قىز ئۇنىڭ ئىچىدىكى مېنى كۆرەلمىگەندەك، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يېقىملىق ئاۋازنىمۇ كۆرەلمىگەنىدى. مەن شۇ چاغدا ئۇ قىزنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن روشەن ھېس قىلدىمكى، بۇ ناخشىچى يىگىت ئۇ ئۇچرىغان تۇنجى ئەر ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇچرىغان ئەرلەرنىڭ داۋامى ئىدى. لېكىن بۇ ئەر ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن بۇ قىزنىڭ نەزىرىدە باشقا ئەرلەردىن ئاسمان-زېمىن پەرقلىنىپ قالغانىدى...

ناخشىچى يىگىت ئارزۇ ئىسمىلىك قىز بىلەن «تولۇن ئاي ئارامگاھى»دىن چىققاندا ئاللىقاچان تۈن يېرىم بولۇپ قالغانىدى.

— سائەت نەچچە بولغاندۇ ھازىر؟

— ئۈرۈمچى ۋاقتى بىر بوپتۇ، — ناخشىچى يىگىت يانفونىنىڭ سائىتىگە قاراپلا جاۋاب بەردى ۋە — مېنى تاشلاپ كەتمەيدىغانسىز؟ — دەپ سورىدى ئارزۇ ئىسمىلىك قىزنىڭ ئىسسىق بارماقلىرىغا بارماقلىرىنى كىرىشتۈرۈپ. ئارزۇ ئىسمىلىك قىز بولسا خۇددى شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك ناخشىچى يىگىتنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىغا قىلتىرىقتەك كىرىپ بولغان بارماقلىرىنى بوش سىققىنىچە:

— قانداق قىلاي دەيسىز؟ — دېدى قايتۇرۇپ سوراپ.

— سىز بىلەن گۈزەل بىر كېچىنى ئۆتكۈزسەم دەيمەن.

— ئۆزىڭىز ياخشى كۆرمەيدىغان بىر قىز بىلەنما؟

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— ئەمىسە مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— ھەئە.

— تويۇقسىزلا؟

ئاززۇ ئىسىملىك قىز ناخشىچى يىگىتنىڭ ئالدىن تەييارلاپ قويغاندەك بەرگەن جاۋابىدىن ھەيران قالغاندەك سورىدى.

— ياخشى كۆرۈشكە چوقۇم جەريان كېتەمشى كېرەكمۇ؟

— ئەمدى دەيمىنا.

ناخشىچى يىگىت بىلەن ئاززۇ ئىسىملىك قىزنىڭ سۆھبىتى ئاياغلاشقىچە ئۇلار ئولتۇرغان تاكسى شەھەر مەركىزىدىكى ھەشەمەتلىك بىر مېھمانسارايىنىڭ ئالدىدا توختاپ بولغانىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ناخشىچى يىگىت ئاززۇ ئىسىملىك قىز بىلەن ئاشۇ ھەشەمەتلىك مېھمانسارايدا ھاياجانلىق بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى. شۇ مىنۇتلاردا ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان قىزغىنلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران قالدىم. چۈنكى ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيتتى. لېكىن بىر - بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئىككى يات جىنستەك ناھايىتى تېزلا شېرىن ئورتاقلىققا ئېرىشتى. مەن ئاشۇ ھاياجانلىق ئىستەك ئىچىدە ناخشىچى يىگىتنىڭ تېنىدىن پارچىلىنىپ چىقىپ ئاززۇ ئىسىملىك قىزنىڭ تېنىگە ئاقتىم، ئەمما مېنىڭ ئاززۇ ئىسىملىك قىزنىڭ تېنىدىكى قىزىل قان ئىچىدە ئۇچراشقىنىم دەل ئۆزۈم بولدى. چۈنكى ئاززۇ ئىسىملىك قىزنىڭ قىزىل قېنىدىمۇ ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ بارلىقىنى پەقەتلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

ئاززۇ ئىسىملىك قىز سەھەردە تاتلىق ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كەتتى. قارىماققا ئۇ خېلىلا چارچاپ قالغاندەك قىلاتتى. لېكىن ناخشىچى يىگىت قانلىرى مۇزلاپ كەتكەن تېنىنى مۇنچىنىڭ ئىسسىق سۈيىگە بىر ھازا چىلاپ چىققاندىن كېيىن، تاتلىق ئۇخلاپ ياتقان قىزغا قاراپ ئاچچىق شۈركۈنۈپ كەتتى. ئاخشام ئۇنى ھاياجانغا چۆمدۈرگەن قىز ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە بەئەينى بىر پارچە لەش گۆشتەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ناخشىچى يىگىت بىر پارچە لەش گۆشتەك ياتقان قىزغا يىرگىنچ ئىچىدە تەلەتىنى بۇزۇپ بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، قويۇن يانچۇقىدىن 100 يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى ئېلىپ، ئۇخلاپ ياتقان قىزنىڭ ياستۇقى ئۈستىگە خۇددى بىر پارچە تازىلىق قەغىزىنى تاشلىغاندەك تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ مەن سىلەرنىڭ تەبىئەتتىڭلاردىن سەسكىنىش ھېس قىلدىم. شۇڭا مەن باياتىن سىلەرنىڭ مەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭلارنى ئاشنا ئاداش مۇناسىۋىتىگە ئوخشاتقان ئىدىم. چۈنكى سىلەر مېنى خۇددى ئاشنا ئاداش ئوينايدىغان قىزلارنى ياقتۇرمىغاندەكلا ياقتۇرمايسىلەر-يۇ، يەنىلا ماڭا تەلپۈنىسىلەر. ئارقىدىنلا ماڭا يەنە نەپرەت بىلەن قاراپ يىرگىنچ ھېس قىلىسىلەر. بۇ ھال ماڭا خۇددى سىلەرنىڭ بىر پارچە چوغنى يەۋاتقىنىڭلاردەكلا تۇيۇلىدۇ. چۈنكى چوغنىڭ ئىسسىقى سىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلسا، چوغنىڭ جاراھىتى سىلەرنى بىئارام قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بەك ئاددىي قەدىردانلىرىم، يەنى ئۇ قىزمۇ ئەخلاقنىڭ ئەخلىتى، مەنمۇ ئەخلاقنىڭ ئەخلىتى. شۇڭا بار ئاۋازىم بىلەن شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ، ياشىسۇن، ئەخلاقنىڭ ئەخلىتىنى يېگۈچى ئىنسانلار!

### مەن ئۆلۈم

سىلەر مېنى ئۆلۈم دەپ ئاتىشىسىلەر. ئۆلۈم دېگەنلىك گەپ قىلالايدىغان ئادەمنى گەپ



uyghurkitap.com

قىلالمايدىغان ئادەمگە، ھەرىكەت قىلالايدىغان ئادەمنى ھەرىكەت قىلالمايدىغان ئادەمگە، توپىنىڭ ئۈستىدىكى ئادەمنى توپىنىڭ ئاستىدىكى ئادەمگە، نان يەيدىغان ئادەمنى دۇئا يەيدىغان ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان بىر خىل ھادىسە. ئەمەلىيەتتە ئۆلۈم دەپ ئاتالغان مەن ھېچكىمنى ئۆلتۈرەلمەيمەن. بۇ پەقەت ئەزرائىلنىڭ قىيامەتكىچە سوزۇلغان مۇقەددەس ۋەزىپىسى. سىلەرنى تىرىك ئادەمدىن ئۆلۈك ئادەمگە ئايلاندۇرىدىغىنى دەل شۇ ئەزرائىل ئاتلىق پەرىشتە. بۇنداق دېسەم پەرىشتىمۇ ئادەم ئۆلتۈرەمدۇ، دەپ سورايدىغانسىلەر. ئەلۋەتتە ئۆلتۈرىدۇ. چۈنكى سىلەرنىڭ ھاياتلىقىڭلار يارىتىلىشتىن بۇرۇن سىلەرنىڭ ئۆلۈمۈڭلار يارىتىلغان. بۇ خۇددى سىلەر كىمدىن قەرز پۇل ئالغان بولساڭلار، قەرز پۇلنى قەرز پۇل بېرىپ تۇرغۇچىغا قايتۇرغىنىڭلاردەكلا بىر ئىش. دېمەك سىلەرنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرگۈچى نۇرنى جانسىز تېنىڭلار ئىچىگە ئەزرائىل سالغانىكەن، چوقۇم ئۇ ئۆزى تېنىڭلار ئىچىگە سېلىپ قويغان ئامانەتنى يەنە ئۆزى ئېلىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ چۈنكى سىلەرنىڭ ھېكمەت خاتىرەڭلاردا «ھېساب باغداتتىن قايتىدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ.

شۇنداق، سىلەر بۇرۇن يوق ئىدىڭلار بار بولدۇڭلار. جانسىز ئىدىڭلار جانلىق بولدۇڭلار. سىلەرنى ئۆلۈكتىن تىرىك قىلغان جان دېگەن ئۇقۇم، خۇددى يولغا مەلۇم مەقسەتتە قويۇپ قويۇلغان بىر پارچە خىشقا ياكى تېگىدە سۇ ئېقىپ تۇرغان ئۆستەڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان بىر تال لىمغا ئوخشايدۇ. بۇنداق مەقسەتلىك قويۇپ قويۇلغان نەرسە ھامان بىر ئورۇندىن ئىككىنچى بىر ئورۇنغا ئېلىۋېتىلىدۇ. چۈنكى مەقسەتلىك قويۇپ قويۇلغان نەرسىنىڭ مەڭگۈلۈك ئورنى بولمايدۇ. دېمەك، جانمۇ سىلەرنىڭ تېنىڭلار ئىچىگە مەقسەتلىك قويۇپ قويۇلغان نەرسە. ئەجەبا يول ئۈستىگە مەقسەتلىك قويۇپ قويۇلغان بىر پارچە خىش ياكى ئۆستەڭ ئۈستىگە مەقسەتلىك قويۇپ قويۇلغان بىر تال لىم ئېلىۋېتىلسە بولىدۇ-يۇ، سىلەرنىڭ تېنىڭلار ئىچىگە مەقسەتلىك قويۇپ قويۇلغان جان ئېلىۋېتىلسە نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ شۇڭا مەيلى سىلەر ئۆلۈمدىن قورقۇڭلار ياكى قورقماڭلار ئۆلۈمدىن قېچىپمۇ، مۆكۈپمۇ قۇتۇلالمايسىلەر. چۈنكى قورقۇنچاقلىق ئۆمرۈڭلارنى ئۇزارتالمايدۇ، باتۇرلۇق ئۆمرۈڭلارنى قىسقارتىۋېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئالىممۇ ئۆلىدۇ، زالىممۇ ئۆلىدۇ، ئاقىلمۇ ئۆلىدۇ، نادانمۇ ئۆلىدۇ، ھايۋانمۇ ئۆلىدۇ. ئەمما ئۆلۈمنىڭ شەكلى بىر خىل بولغىنى بىلەن ماھىيىتى كۆپ خىل بولىدۇ. دېمەك، ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى بولمىغىنى بىلەن دەرىجىسى بولىدۇ. شۇڭا سىلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئۆلۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. سەمىڭلارغا سالىمەنكى، يۇقىرى دەرىجىدە ئۆلۈشۈڭلار ئۈچۈن ئىلىمگە قايتىڭلار، ئەخلاققا قايتىڭلار، ياخشىلىققا قايتىڭلار. مەن باياتىن شەھەردىكى مەلۇم بىر مەكتەپنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ سىنىپتىكى بالىلارنىڭ مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋايى، مەشرەپلەرنىڭ نامىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. سىلەرمۇ بىلىسىلەر، سىنىپتىكى بالىلار تىلغا ئېلىۋاتقان ئۇ ئادەملەر سىلەردىن نەچچە يۈز يىللار بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلەر. لېكىن ئۇلارنىڭ ھۆرمەت نامى ئۇلار ئۆلۈپ نەچچە يۈز يىللاردىن كېيىنمۇ سىلەرنىڭ دىل تەختىڭلارنىڭ ئېھتىرام سۇپىسىدا زىكرى قىلىنماقتا. سەۋەبى، ئۇلار ئۆلۈمنىڭ يۇقىرى دەرىجىسىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەر. كېسىپ ئېيتىمەنكى، ئېگىزدىكى نەرسىگە ھامان ھەممە ئادەم ھەۋەس بىلەن نەزەر سالىدۇ ۋە ھۆرمەت بىلەن قارىشىدۇ.

uyghurkitap.com

ئەي مەن بىلەن سۆپەتلەنگۈچىلەر. سىلەرگە ئىككى ئادەمنىڭ سۆھبىتىدىن نىشانە بېرەي. ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ سۆھبىتىدە ھەقىقەتەن سىلەرگە مەنپەئەت بار. ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى ئىلىم ۋە پەزىلەتتىن ئۆزىگە تون كىيگەن ئادەم، يەنە بىرى بولسا يامانلىقتىن ئۆزىگە جەندە ئارتقان ئادەمدۇر. سىلەرنىڭ ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ سۆھبىتىدىكى دىيالوگلاردىن تېنەپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئىلىم ۋە پەزىلەتتىن تون كىيگەن ئادەمنى «ئا» ھەرپى بىلەن، يامانلىقتىن جەندە كىيگەن ئادەمنى «ب» ھەرپى بىلەن سۆپەتلەپ سۆھبەت سەپەرىڭلارغا ھەمرا قىلاي.

ب: ئادەم ئۆلۈپ كەتمەيدىغان ئىش بولساـ ھە؟

ئا: بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن.

ب: دېمەكچى بولغىنىم، ئادەمنى ھامان يارىتاندىن كېيىن بىراقلا ئۆلمەيدىغان قىلىپ ياراتقان بولسا دېمەن.

ئا: سەھەردە ناشتا قىلساڭ چۈشتە قورسىقىڭ يەنە ئاچامدۇ؟

ب: ئەلۋەتتە ئاچىدۇ، بۇ دېگەن قانۇنىيەت تۇرسا.

ئا: ئۇيىدىن چىققاندىن كېيىن توختىماي مېڭىۋېرەمسەن ياكى مەلۇم بىر نىشانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن توختامسەن؟

ب: ئەلۋەتتە نىشانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن توختايمەندە.

ئا: يەنە بىر سوئال. سەن بىر دېھقان بول، ئېتىزغا سۇنى ئېتىز توشقۇچە تۇتامسەن ياكى ئېقىن سۇ ئېتىزىڭنىڭ قىرلىرىنى بۇزۇپ يامراپ كەتسىمۇ تۇتۇۋېرەمسەن؟

ب: ئەلۋەتتە ئېتىز ئىچى سۇغا توشقىچە تۇتىمەندە. بولمىسا ئېتىز قىرى بۇزۇلۇپ كەتسە ئېتىز ئىچىدە سۇ توختىمايدۇـ دە.

ئا: دېمەك، بىر ۋاقىتلىق تاماق مەلۇم مۇددەتلىك بولىدۇ، بىر قېتىملىق سەپەر مەلۇم نىشانغا قەدەر بولىدۇ، بىر قېتىملىق سۇمۇ مەلۇم كۆلەمدە بولىدۇـ يۇ، بىر قېتىملىق ئۆمۈرمۇ مەلۇم چەكتە بولسا نېمىشقا بولمىغۇدەك؟

ب: مەن دېمەن، ئۆمۈردىكى چەك بۇزۇلۇپ كەتسە نېمىدېگەن ياخشىـ ھە!

ئا: ئەمىسە سەن قورساقنى ئاچمايدىغان قىلالامسەن؟

ب: ياق!

ئا: سەپەر مەنزىلىڭنى ئەبەدىيلىك قىلالامسەن؟

ب: ياق، ئەبەدىيلىك سەپەرگە تەن بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

ئا: بىر ئېتىزغا ئىككى ئېتىزنىڭ سۈيىنى سىغدۇرالامسەن؟

ب: بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن. بىر چېلەككە پەقەت بىرلا چېلەك سۇنىڭ سىغىشى تەبىئىي قانۇنىيەت تۇرسا.

ئا: بىر ئېتىزغا ئىككى ئېتىزنىڭ سۈيى سىغمايدۇـ يۇ، بىر تەنگە ئىككى كىشىنىڭ ئۆمرى قانداقمۇ سىغسۇن؟ سەن بىر پارچە ئېتىز، ئۆمۈر سېنىڭ ئېتىزىڭغا قۇيۇلۇۋاتقان سۇ. مانا بۇ سەن دېگەن تەبىئىي قانۇنىيەت. سەن قاچان بىر پارچە ئېتىزغا ئىككى پارچە ئېتىزنىڭ سۈيىنى سىغدۇرالىساڭ چوقۇم بىر قېتىملىق ھاياتتا ئىككى قېتىملىق ئۆمۈرگە ئېرىشەلەيسەن.

ب: ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمغا ھەسرەت بىلەن ئىشەندىم. چۈنكى بىر پارچە ئېتىز ھامان بىر پارچە ئېتىزنىڭ سۈيىدە توشۇپ كېتىدۇـ دە!

ئا: سەن دېھقان بولساڭ ئېتىزىڭ سۇ بىلەن لىق تولسا ھەسرەت چېكەمسەن؟

ب: ياق، خۇش بولىمەن.

ئا: ئەمىسە تەن ئېتىزىڭغا ئۆلۈم سۈيى

تونۇپ كەتسە نېمە دەپ ھەسرەت چېكىسەن؟

ب: چۈنكى ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقىمەن.

ئا: لېكىن «ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچى»دە!

ب: راستىنى دېسەم مەن بۇ ئۆمرۈمدە بىرمۇ ياخشى ئىش قىلمىدىم، ھايات دەپتىرىم يامانلىق بىلەن تولۇپ كەتكەن.

ئا: ساڭا ئۇلۇغلارنىڭ پەند-نەسىھەتلىرى يەتمىگەنمۇ؟

ب: يەتكەن، ئاڭلىغان، ئەمما ئىتائەت قىلمىغان.

ئا: ئەمىسە ساڭا ئۆلۈم ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇقكەن.

ب: سانچۇ؟

ئا: مەن ھەم ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمايمەن. ئەمما ئۆلۈمنى مېنىڭ بۇ ئارزۇيۇم توسۇپ قالالمايدۇ. شۇڭا مەن ئۆلۈمنى بىر پىيالە ئىسسىق چاينى ھۇزۇر بىلەن ئىچكەندەك ئىچىمەن، خالاس.

ب: ئۇ ھالدا سېنىڭ ھاياتىڭ نېمە قىسمەتلەر بىلەن رەڭلەنگەن؟

ئا: جەننەت باغچىلىرىنىڭ ئەنبەر ھىدىنى ھىدلاش بىلەن.

ب: ئېيتساڭچۇ، سەن دېگەن جەننەت باغچىلىرى نېمىنى ئىشارە قىلىدۇ؟

ئا: ئىلىم ماكانلىرىنى.

ب: مەن ئۇنى سىرتىدىنلا كۆرگەن، ئەمما ئىچىگە كىرىپ بېقىشىمغا غايىب بىرى يول قويمايتتى.

ئا: مەن ھاياتىمنى ئۇنىڭ ئىچىدىلا ئۆتكۈزۈپ كەلدىم. مېنىڭمۇ ئۇنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىشىمگە غايىب بىرى يول قويمايتى.

ب: ئېيتقىنا سۆھبەتدىشىم، سېنى ئىچىدىن تېشىغا چىقارمىغان ئۇ غايىب زادى كىمدۇ؟ سېنىڭ ئىلىملىرىڭ ساڭا مېنىڭ سوئالىمنىڭ جاۋابىدىن بېشارەت بەرسە ئەجەب ئەمەس.

ئا: مېنى ئىچىدىن تېشىغا چىقارمىغان ئۇ غايىب سېنى تېشىدىن ئىچىگە كىرگۈزمىگەن غايىبنىڭ دەل ئۆزىدۇر!...

مەن ئۆلۈم. سىلەرنىڭ يۇمشاق گۆشۈڭلارنى قاتتىق سۆڭەكىڭلاردىن ئاجرانقۇچى، سىلەرنى زېمىننىڭ ئۈستىدىن زېمىننىڭ ئاستىغا ماكانلاشتۇرغۇچىمەن. مەن ئىسكەندەرنىمۇ قۇرۇق قول ئېلىپ كەتكەن، ئۇنىڭ يەرلىكىنى كۆلىغان گۆركارنىمۇ قۇرۇق قول ئېلىپ كەتكەن. مەن ھەممىدىن مەھرۇم قىلغۇچى ھەم ھەممىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلغۇچىمەن. مەن ماڭا خۇرسەنلىك بىلەن يۈزلەنگۈچىنىمۇ كۆرگەن، ماڭا غەزەپ تاشلىرىنى ئاتقۇچىلارنىمۇ كۆرگەن. شۇنداقلا يەنە ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى بىر ئۆمۈر ئىزدەپ نادامەت ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكۈچىلەرنىمۇ كۆرگەن. «جاندىن تويدۇم» دەپ نىدا قىلغۇچىلارنىڭ، مەن يېتىپ كەلگەندە جاندىن تويمىغانلىقى ھەققىدە خىتاب قىلغانلارنىمۇ كۆرگەن. مەن ھەر بىر تىرىك جانلىق ئاخىرقى بېكەتتە چىقمىسا بولمايدىغان بىر كىشىلىك تېز پويىز، مەن سىلەر خالىمىساڭلارمۇ مەجبۇرىي يېپىلىدىغان بىر قاچا ئاش. مەن ئات ئۈستىدىكىلەرگىمۇ كېلىمەن، كارىۋات ئۈستىدىكىلەرگىمۇ كېلىمەن. مېنىڭ كېلىشىم قۇلغىمۇ ئوخشاش، ھۆرگىمۇ ئوخشاش.

ئەي ئۆلۈپ كەتكۈچىلەر، مەن سىلەرگە ئامراق. سىلەرمۇ ماڭا ئامراق بولۇڭلار. ماڭا ئامراق بولۇشۇڭلار ئۈچۈن يولدىكى تاشنى ئېلىۋېتىڭلار. ئىلىم بىلەن ياخشىلىقنى، ئەخلاق بىلەن دىيانەتنى ئايالىرىڭلارنى سۆيگەندەك مېھرىڭلار بىلەن قىزغىن سۆيۈڭلار. چۈنكى بىز بىر - بىرىمىزگە قاراپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئىككى يول. بىز يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە بىر نۇقتىدا نۇسرەت بىلەن ئۇچرىشى-

مىز. چۈنكى سىلەر مېنى ئۆلۈم دەپ ئاتايسىلەر. مەن ئەزرائىلنىڭ قولىدىكى سىلەرنىڭ ھەرىكەتسىز جىمجىتلىقىڭلار. شۇڭا مەن سىلەرگە يېتىپ كەلگۈچە يولدىكى تاشنى ئېلىۋېتىڭلار، يولغا تاش تاشلىماڭلار، ئەي مەن بىلەن سۈپەتلەنگۈچىلەر.

## مەن ئارزۇ

كىشىلەر مېنى ئارزۇ دېيىشىدۇ. مەن بۇنى خۇددى ياغاچنى ياغاچ دېگەندەكلا بىر ئىشمىكىن دەيمەن. چۈنكى ھەر نەرسىنىڭ بىر ئىسمى بولۇشى لازىم-دە. كىچىك ۋاقتىمدا ئارزۇگۈل ئىدىم. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئارزۇ بولدۇم. ماڭىمۇ ئارزۇگۈل دېگەندىن ئارزۇ دېسە يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. شۇڭا ئۆزۈممۇ بۇ ئارزۇ دېگەن ئىسمىنى ياقتۇرۇپ قالدىم. راستىنى دېسەم چوڭلارنىڭ تىلىدىن يىگىتلەرنىڭ تىلىنى، قىزلارنىڭ ئاۋازىدىن يىگىتلەرنىڭ ئاۋازىنى يېقىملىق ھېس قىلىمەن. چۈنكى ئۇلار ناھايىتى يېقىنچىلىق بىلەن ئارزۇ دېگەن ۋاقتىدا، ئاۋازلىرى شۇنداق يېقىملىق چىقىدۇ. گاھىدا تېخى قەلبىمنى شېرىن مەست-بىھوش ئەيلەپ «گۈل» دەپ چاقىرىپمۇ قويۇشىدۇ. بۇنداق چاغلاردا تېخىمۇ خۇش بولۇپ كېتىمەن. چۈنكى ياخشى گەپ ئاڭلىسا قىزلارنىڭلا ئەمەس يىگىتلەرنىڭمۇ، كىچىكلەرنىڭلا ئەمەس چوڭلارنىڭمۇ خۇش بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، قەلبى خۇشاللىق ھېس قىلغان ئادەمنىڭ بويى ئۆسمىسىمۇ كۆڭلىنىڭ ئۆسۈپ قالىدىغىنىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ ئەمەسمۇ. راست، قىز بالا دېگەننىڭ كۆڭلىنىڭ يېڭى لاتا بىلەن چىرايلىق گەپتە ئۆسىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئەسلەپ باقسام مەن ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا سىنىپىمىزدىكى بىر ئوغۇلنىڭ مېنى ئارزۇ دەپ ئاتىشىغا مۇيەسسەر بولغانمەن. شۇ چاغدا ئۇ ساۋاقدىشىمنىڭ مېنى «ئارزۇ» دېيىشى ماڭا خۇددى «سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن گەپنىڭ يەنە بىر خىل ئىپادىلىنىشىدەك تۇيۇلۇپ كەتكەندى. شۇڭا ئۇ ھەر قېتىم مېنى ئارزۇ دەپ چاقىرغاندا، ئىچىمگە بىر شېرىن تىترەك كىرىپ يۈرىكىم سىلىپ كېتەتتى. ئارقىدىنلا كىچىككىنە قوي كۆزلىرىمنىڭ خۇمارلىشىپ شەھلا كۆزگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. قىزلارنىڭ كۆزى ھاياجانغا چۆمگەندە خەسمۇ گۈلدەك كۆرۈنىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن يېڭى تۇغۇلغان قوزا سۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق بويىدىكى يېشىل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەپ باققاندەك، بىزمۇ ھاياجانغا چۆمگەندە ھەممە گەپلەرنى قۇلاقلىرىمىزدا لەززەت بىلەن يەپ باقىدىكەنمىز. مېنىڭ تىراگېدىيەممۇ دەل ئاشۇ يېشىل چۆپتەك چىرايلىق گەپلەر ۋە قوي كۆزلىرىمنىڭ ھاياجاندىن شەھلا كۆزگە ئايلىنىشىدىن باشلانغان.

ئۇ چاغ مەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3-يىللىقىنىڭ 2 - مەۋسۇمىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقىت بولۇپ برازىلىيەنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «دېدەك ئىزورا» تۇنجى قېتىم قويۇلۇۋاتقان ۋاقىت ئىدى. بۇ مەن تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئوغۇللار بىلەن قىزلارنىڭ سۆيۈشۈشى ئوچۇق - ئاشكارا تەسۋىرلەنگەن فىلىم بولۇپ، ئۆيدىكى 14 دىيۇملۇق رەڭسىز تېلېۋىزوردا بۇ قىز ھەر قېتىم يىگىتى بىلەن سۆيۈشكەندە، نەپسىم بوغۇلۇپ قالاتتى. كۆزۈم تېلېۋىزور ئېكرانىدا بولغىنى بىلەن نومۇستىن ھېچنېمىنى سەزمەي ئولتۇراتتىم. ئۇ چاغلاردا تېلېۋىزور دېگەن بۇ نەرسىدىن بىر مەھەللىدە بىر نەچچىسىلا بولغاچقا، ھەر ئاخشىمى مەھەللىدىكى نەچچە ئونلىغان قولۇم-قوشنىلار بىرلىكتە كۆرەتتۇق. شۇڭا ھېس قىلىمەنكى، فىلىمدىكى قىز يىگىتى بىلەن سۆيۈشكەندە يالغۇز مېنىڭلا ئەمەس، تېلېۋىزور





uyghurkitap.com

ئېكرانى ئالدىدىكى ھەممەيلەننىڭ نەپسى بو
غۇلۇپ قالاتتى. ئۇ ھالدا يا قوپۇپلا سىرتقا
چىقىپ كەتكىلى، يا يەرگە قارىۋالغىلى بول-
مايتتى. ھەممەيلەن ھېچنېمە كۆرمىگەندەك
قېتىپ ئولتۇرۇشاتتۇق. مەنمۇ ئاشۇنداق
قېتىپ ئولتۇرۇش بىلەن خىجالەتچىلىكىمنى
يوشۇرۇپ قالاتتىم-يۇ، ئىچىمدە قىز بىلەن
يىگىت ئاشۇنداق سۆيۈشۈپ باقسا قانداق بو-
لىدىغاندۇ دەپ ئويلاپ قالاتتىم. شۇنىڭ بىلەن
ئاشۇنداق كۆرۈنۈشلەرنىڭ يەنە بىر قېتىم
چىقىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم-يۇ، لېكىن دىلىم
تەستىق سىيلىۋاتقان ھالەتنى تىلىمدا ئىنكار
قىلىشقا تىرىشاتتىم.

— ئاخشام ھېلىقى كىنونى كۆردۈڭمۇ؟

ئەتىسى 2-سائەتلىك تەنەپپۇستا ئالدىمدى-
كى پارتىدا ئولتۇرىدىغان پەرىدە ئىسىملىك
ساۋاقدىشىم سوراپ قالدى.

— ھەئە، كۆردۈم.

— ئاخشام يەنە سۆيۈشتى-ھە؟

پەرىدە جاۋابىمغا ئۇلاپلا مەندىن سورىدى.
ئەمما ئۇ شۇ گەپنى قىلغان ۋاقىتتا بىر جۈپ
كۆزى باشقىچە چاقناپ كەتتى.

— بەك خىجىل بولدۇم.

مەن شۇ كۆرۈنۈشنى كۆرگەن ۋاقتىمدا كەي-
پىياتىمدا يۈز بەرگەن ھالەتنى پەرىدەگە يوشۇر-
مايلا دېدىم.

— مەنمۇ شۇنداق بولدۇم، لېكىن بەك خۇش
بولدۇم.

— خىجىل بولغىنىڭدىن خۇش بولدىڭما؟

— ياقەي، ئۇلارنىڭ سۆيۈشكىنىدىن.

— توۋا دېگىنە، خۇش بولىدىغان ئىشمۇ
ئۇ؟

مەن پەرىدەنىڭ سۆزىگە دەرھاللا رەددىيە
بەردىم. لېكىن ئۆزۈمنىڭمۇ ئاشۇ كۆرۈنۈش-
تىن ئاجايىپ بىر خىل شېرىن لەززەتكە چۆم-
گىنىمنى پەرىدەدىن يوشۇرۇپ ئۈلگۈردۈم.

— ئاشۇنداق قىلسا قانداق بولىدىغاندۇ-
ھە، ئارزۇگۈل؟

— قانداق قىلسا؟

— سۆيۈشۈپ باقسا دەيمەن، دۆت!

پەرىدەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سول قولۇم
بىلەن ئاغزىمنى چىڭڭىدە ئېتىۋالدىم. خۇددى
ئۇنىڭ چىشلىرى ئارىسىدىن ھاياجان بىلەن
قىسىلىپ چىققان ئىسسىق ئاۋازىنى قۇلىقىم
بىلەن ئەمەس، ئاغزىم بىلەن ئاڭلايدىغاندەك.
شۇنداقتىمۇ يەنە بىر خىل غەيرىي بىر تاۋۇش
بارماقلىرىمنىڭ ئارىسىدىن غەلىتە بىر ئۈندە
چىقىپ كەتتى.

— ئېھوق...

پەرىدە بولسا رەتلىك جۈپلەنگەن تۆت بار-
مىقىنىڭ ئۇچى بىلەن قېلىن لەۋلىرىنى بوش
تۇتقىنىچە كۆزلىرىنى قىسىپ پىخىلداپ
كۈلۈپ كەتتى.

— سەن نېمانداق قېلىن پەرىدە؟

— سەن قېلىن ئەمەسمۇ ئارزۇگۈل؟

— مەن قانداق قېلىن بولىمەن، بۇ گەپنى
سەن دېگەن تۇرساڭ.

— قارا، لەۋلىرىڭ قۇرۇپ كەتتى ئەخمەق.

پەرىدەنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ تىلىمنى لەۋ-
لىرىمگە تەگكۈزۈۋېدىم، كالپۇكلىرىمنىڭ
راستىلا پەرىدە دېگەندەك قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى
ھېس قىلدىم.

شۇ كۈندىن كېيىن پەرىدە كۆزۈمگە باشقى-
چە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ سىنىپتىكى
ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ شۇنداق يېقىملىق
تەبەسسۇم قىلاتتى. گەپ قىلغاندا كۆزلىرىنى
دەقىق ئارىلىقتا بوش يۇمۇپ ناز قىلاتتى ۋە
گەپ ئارىلىقىدا پات-پات سول قولىنىڭ ئوتتۇ-
را بارمىقى بىلەن ئاستىنقى كالپۇكىنىڭ سول
تەرىپىنى بوشقىنە سىلاپمۇ قوياتتى.

كېيىن ئاستا-ئاستا ھېس قىلدىمكى، سۆ-
يۈشۈپ بېقىشتىن ئىبارەت بۇ ھەۋەس يالغۇز

uyghurkitap.com

پەرىدەدىكىلا قىزىقىش بولماستىن، بەلكى يەنە باشقا نەچچە قىزلارغىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بىر كۈنى دەم ئېلىش ۋاقتىدا پەرىدە بىلەن يەنە بىر قىز ساۋاقدىشىمنىڭ دەرسلىك كىتاب بىلەن يۈزلىرىنى توسۇۋېلىپ پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى تولىمۇ تۆۋەن ئىدى، مەن قىزىقىش بىلەن ئۇ ئىككەيسىنىڭ ئارقىسىدىن بوينۇمنى سوزۇپ قارىدىم. قارىدىم-يۇ، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغاندەك قورقۇپ كەتتىم. كۆزلىرىم ئۇ ئىككىسىنى خاتا كۆرۈپ قالغاندەك چىمىلداپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئىككى قىز ساۋاقدىشىم سۆيۈشۈۋاتاتتى. مەن خۇددى قانداقتۇر بىر قاتىللىق ۋەقەسىنى كۆرۈپ قالغاندەك قورقۇپ، جايىمغا قانداق ئولتۇرغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن. كاللامدا بىردەمدىلا ھېچنېمە قالمىدى. خۇددى مېڭەمنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەر يۇيۇپ تاشلىنىۋېتىلگەندەك. شۇنىڭدىن كېيىن پەرىدە كۆزۈمگە تولىمۇ سىرلىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى، چۈنكى بىر قىزنىڭ يەنە بىر قىز بىلەن سۆيۈشۈشىنى مەن پەقەت قوبۇل قىلالمىغانىدىم. ئىچىمنى بولسا قانداقتۇر بىر گۇناھ تۇيغۇسى چىرمىۋالغان بولۇپ، پەرىدەنى ھەر بىر قېتىم كۆرگىنىمدە، تېنىمنى نامەلۇم بىر خىل قورقۇنچ باساتتى. بەزىدە ئۇ ماڭا خۇددى چۆچەكلەردىكى مەختۇمسۇلانىڭ قېنىنى شوراۋاتقان يالماۋۇزدەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى.

— ئارزۇگۈل كەچتە بىللە ئوت ئەكىلەمدۇق؟

— ياق!

— ئارزۇگۈل، بۈگۈن ئاخشام بىزنىڭ ئۆيدە دەرس تەكرارلايلىچۇ؟

— ياق، ئاپام ئۇنىمايدۇ!

— ئارزۇگۈل، يەكشەنبە كۈنى بازارغا چىققامدۇق؟

— ياق.

ئۇ ماڭا نېمە دېمىسۇن، مېنىڭ ئۇنىڭغا بېرىدىغان جاۋابىم پەقەتلا ياق ئىدى. بۇرۇنلاردا بولسا مەن پەرىدە بىلەن قوناقلىقلاردىن قوتاندىكى ماللارغا بىللە ئوت ئەكېلەتتىم. بىر كۈنى پەرىدەنىڭ ئۆيىدە، بىر كۈنى بىزنىڭ ئۆيدە دەرس تەكرار قىلاتتىم. يەكشەنبە بازارغا بىللە بېرىپ نەرسە-كېرەك سېتىۋالاتتىم. لېكىن ئۇنىڭ ئاشۇ ئىشىدىن كېيىن مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ قالغانىدىم. خۇددى ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز قالسام ئۇ مېنى قۇچاقلىۋېلىپ سۆيۈپ كېتىدىغاندەك تەسەۋۋۇرلارنى قىلىپ، سوغۇق ئەندىكىپمۇ كېتەتتىم. شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن قېتىملىق سوئاللارغا ياق دېيىشىم بىلەن پەرىدە مەندىن ئاستا-ئاستا يىراقلىشىشقا، ماڭا بۇرۇنقىدەك يېقىنچىلىق بىلەن گەپ قىلمايدىغان، ھەتتا بەزىدە ئۇدۇل كېلىپ قالسىمۇ، گەپ قىلماي قاراپ قويۇپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى. بىراق مەن ئۇنىڭ ئاشۇ ئىشىدىن قانچە يىرگەنسەممۇ، ئۇنىڭدىن قانچىلىك ۋەھىمە ھېس قىلسامىمۇ، ئىچىمدە يەنىلا سۆيۈشۈپ باقسا قانداق بولىدىغاندۇ؟ دېگەن ۋەسۋەسە ئۆچۈپ يۈرەتتى. مېنىڭ ئىچىمدىكى ۋەسۋەسىدە لەيلەپ يۈرگەن سۆيۈشۈش پەرىدەدەك قىزلار بىلەن ئەمەس، بۇرۇتى خەت تارتقان قاۋۇل بىر ئوغۇلنىڭ يوشۇرۇن سىماسىغا باغلىناتتى. مەكتەپتىكى ئەخلاق دەرسى بولسا بىزنىڭ بۇنداق يوشۇرۇن ئوي-خىياللىرىمىزنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تۇراتتى. بىزنىڭ قەلبىمىزنى مۇھەببەتنىڭ سېرىق نۇرلىرى بىلەن ئەمەس، كەلگۈسىنىڭ قىزىل نۇرلىرى بىلەن بوياشقا تىرىشاتتى. لېكىن قەلبىمىزگە ئۆزۈكسىز تۆردە چېچىلىۋاتقان قىزىل نۇرلار قەلبىمىزگە سالامەت يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا، قەلبىمىزگە چېچىلمايۋاتقان ياكى چېچىلىشى زور كۈچ بىلەن توسۇپ قېلىنىۋاتقان سېرىق

نۇرلار قەلبىمىزدىن ماكان تۇتاتتى. شۇڭا بىز سورالغان سوئاللارغا قەلبىمىز قۇياشتەك قىپقىزىل، دەپ جاۋاب بەرسەكمۇ قەلبىمىزنىڭ قات - قېتىدىكى سىرلىق نۇرلار كۆزىمىزدىن ھاياجان بىلەن تۆكۈلۈپ تۇراتتى. شۇنداقلا يەنە دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىمىز تەۋسىيە قىلىدىغان لېكسىيە، كونسېپكىلارنى يېزىشقا شۇنداق قىيىق بولساقمۇ، دەپتەرلىرىمىزنىڭ ئارىسىدىكى ئاق يەرلەرگە، كىتابلىرىمىزنىڭ بولۇڭ-پۇچقاقلىرىغا ئىشق-مۇھەببەتلىك شېئىر-قوشاقلارنى يېزىپ تۇشتۇرۇپ قوياتتۇق. گەرچە بۇنداق شېئىر - قوشاقلاردا ھېچقانداق بەدىئىيلىك، گۈزەللىك بولمىسىمۇ، قەلبىمىزنى يەنىلا لەرزىگە سالالايتتى. شۇنداق قىلىپ كىتابنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرى، دەپتەرلەرنىڭ ئاق ۋاراقلىرىغا كۆچۈرۈپ قويغان ياكى ئۆزىمىز قەلەم تۇتۇپ يېزىپ باققان شېئىرلار بىلەن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ھاياجانغا سېلىپ يۈرۈۋېرەتتۇق. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە پەقەتلا ئۆزىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى سۆيگۈگە بولغان ئىنتىزارلىقلا بار بولۇپ، قانداقتۇر بىر شېئىرىيەتكە تۆھپە قوشۇش، يازغان شېئىرلىرىمىزنى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ شۆھرەت تېپىش ياكى نەچچە ئون يۈەنلىك قەلەم ھەققى دەپ ئاتىلىدىغان پۇلنى قولغا كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇغۋار مەقسەت مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بۇنداق ھالنى دەسلەپ مېنىڭ ئۆزۈمدىلا كۆرۈلۈۋاتقان يوشۇرۇن پىسخىكا دەپ قارايتتىم. لېكىن كېيىن بىلدىمكى، قىز ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ تەڭدىن تولىسىدا بۇنداق يوشۇرۇن ھالەتتىكى شېئىر يېزىش ياكى شېئىر كۆچۈرۈش ھەۋىسى بار ئىكەن. بۇنى مەن ئۇلارنىڭ كىتاب-دەپتەرلىرى ئارىسىدىكى شېئىرلارنى تۇيۇقسىز كۆرۈپ قالغاندىلا تولۇق ھېس قىلغانىدىم. ئەمدى ئويلاپ باقسام، بىزنىڭ ئۇ چاغلاردىكى شېئىرغا بولغان قىزىقىشىمىز قانداقتۇر بىر سەنئەتكە بولغان قىزىقىش بولماستىن، بەلكى سۆيگۈگە بولغان قىزىقىش ئىكەن. بىز قەلبىمىزدىكى مۇھەببەتنىڭ يوشۇرۇن ئاۋازىنى ئەنە شۇنداق شېئىرلارنى يېزىش ياكى كۆچۈرۈش بىلەن ئىپادىلەشكە تىرىشىدىكەنمىز. لېكىن بىز ئۆزىمىز شېئىر يازغۇچى ھەم ئۆزىمىز شېئىر ئوقۇغۇچى ئىدۇق. چۈنكى بۇنداق شېئىرلارنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمىزدا قەلبىمىزدە ھېچقانداق قارشى ئوبيېكت مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، شېئىرلارنى كىمگە ئاتاپ يېزىۋاتقانلىقىمىزنى ئۆزىمىزمۇ بىلمەيتتۇق. شۇڭا بىزنىڭ بۇ خىل ئاڭسىز پائالىيىتىمىز خۇددى ئادرېسى يوق خەت يازغاندەكلا بىر ئىش ئىدى. لېكىن ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، بىزنىڭ شۇ ھاياجانلىق دەقىقىلەردىكى ئوبيېكتىپ رېئاللىقىمىزدا مەۋجۇت ئوبيېكت بولمىغىنى بىلەن، سۇبيېكتىپ رېئاللىقىمىزدا بىزنى ئۆزىگە ئاڭسىز رەۋىشتە جەلپ قىلىپ تۇرۇۋاتقان مەلۇم بىر يوشۇرۇن كۈچ مەۋجۇت ئىدى. بۇنداق يوشۇرۇن كۈچنىڭ شەكلى بولمىغىنى بىلەن جىنسىي ئايرىمىسىنىڭ پارلاق نۇرى خۇددى كونا تۇپيا تام ئۈستىدىكى قۇياشنىڭ يالىڭاچ نۇرىدەك تۇيغۇمىزدا چاقناپ تۇراتتى. شۇڭا مېنىڭ ئىچىمدىكى بۇ يالىڭاچ نۇرمۇ تىنىم تاپماي شەكىل ئۆزگەرتىپ، گاھىدا قايسىدۇر بىر ئوغۇل ساۋاقدىشىمنىڭ شەكلىدە زاھىر بولسا، گاھىدا مەھەللىدىكى يەنە بىر بالىنىڭ شەكلىدە زاھىر بولاتتى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇ شەكىللەر سەرەڭگە ياغىچىدا ياسالغان ئۆي تۇيۇقسىزلا كەلگەن ئىزغىرىن شامالدا ئۆرۈلۈپ چۇشۇپ ھالاك بولۇپ كەتكەندەك غايىب بولۇپ كېتىپ، مەن قەيەرلەردىدۇر كۆرگەن غۇۋا چىرايلار خىيالىمدا خۇددى ئېگىز بوشلۇقتا ئۇچۇۋاتقان لەگلەكتەك لەپىلدەيتتى. ئارقىدىنلا ئۇ شەكىللەرنىڭ ھەممىسى بىر-

بىرىگە خۇددى قۇم بىلەن بۇغداي دېنىدەك ياكى سۈت بىلەن ھاك سۈيىدەك ئارىلىشىپ كېتەتتى-دە، مەن قالايمىقان شەكىللەرنىڭ قورشاۋىدا قۇيۇن ئىچىدە قالغان بىر پارچە قىزىل قەغەز پارچىسىدەك توختىماي پىرقىراپ تالجىقىپ كېتەتتىم. بىر قېتىم مەن قايسىدۇر بىر چەت ئەللىك شائىرنىڭ مۇھەببەت ھەققىدە يېزىلغان «مىليون ئەتىرگۈل» ناملىق شېئىرىنى مەلۇم بىر گېزىت بېتىدىن يادلىۋېلىپ سىنىپتا خاتىرەمگە ئەسلەپ تۇرۇپ چۇشۇرۇشكە باشلىدىم.

بولغانىكەن بۇرۇن بىر رەسسام،
بار ئىكەن ھەم داچا، رەسىمى.
رەسسام ئاشىق بولۇپ بىر قىزغا،
بايان قىلماق بوپتۇ قەلبىنى.

سېتىۋېتىپ سىزغان رەسىمىنى،
ھەم سېتىپتۇ كىچىك داچىنى.
سېتىۋېلىپ مىليون ئەتىرگۈل،
بېغىشلاپتۇ قىزغا بارىنى.

قىلار كىممۇ مۇنداق سەۋدالىق،
سوغۇق-جۇتقا قىلماستىن پەرۋا.
تەنھا قالدى بىچارە رەسسام،
قىزنى ساقلاپ دېرىزە ئاستىدا...

— ئاززۇ!

بۇ شېئىرنىڭ داۋامى بارمۇ-يوق، بىلمەيمەن، بەلكىم داۋامى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. لېكىن قويۇق چاچلىرىمنىڭ ئارىسىدىن سىغدىلىپ ئۆتۈپ، قۇلاق پەردەمگە باغدىكى ئەتىرگۈلنىڭ ھىدىدەك تاتلىققىنە ئۇرۇلغان ئاۋازدىن، دىققىتىم كۆلدەك تۇزۇپ كەتتى. شۇ ھامان قەلەم تۇتقان قولۇم، شېئىرنىڭ ئاخىرىدىكى بىر تال چېكىت ئۈستىدە خۇددى بىر پارچە قورام تاشتەك قېتىپ قالدى. بارماقلىرىم بولسا شۇنداق ئېغىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بارماقلىرىمنى كۆتۈرۈشكىمۇ قۇربىمىنىڭ يەتمەيۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدىم. كۆزۈم بولسا ئاشۇ بىر تال چېكىتكە قاراپ قېتىپ قالغان بولۇپ، كۆز قارىچۇقۇم بىر كېرىلىپ بىر تارىياتتى. يۈزۈمنىڭ دەسلەپ ئوت كەتكەندەك لاۋۇلداپ قىزارغىنىنى، ئارقىدىنلا سامانىدەك سارغىيىپ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆزۈم كۆرمەي تۇرۇپمۇ، ھېس قىلىش سەزگۈمگە تايىنىپ تۇرۇپ سەزدىم. شۇ چاغدا كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قويۇق چاچلىرىمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ مېنى چاقىرغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكى ئىچىمدە تۇزغاقتەك تۇزۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن كەينىمگە بۇرۇلۇشقىمۇ ماغدۇرۇم يەتمەيۋاتاتتى. كاللامدا بولسا كەينىمگە بۇرۇلساملا قەلبىمدىكى ئەڭ مەخپىي سىرلىرىم تۆكمە بولۇپ كېتىدىغاندەك، ئىچىمدىكى نۇر تالالىرىنىڭ قىزىل رەڭدە ئەمەس، سېرىق رەڭدە ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىپ قالىدىغاندەك بىر خىل خىيال لەيلەيتتى. خۇددى ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن كىنولاردا يالغان ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئادەمدەك، مەنمۇ ئاشۇ بىر تال چېكىتكە قاراپ تۇرۇۋېلىش ئارقىلىقلا بۇ ئاشكارىلىنىپ قېلىشتىن قۇتۇلۇپ قېلىشنى ئىستەيتتىم. لېكىن ئۇزۇن بىر تال مىلتىق كۆتۈرۈۋالغان بىر دۈشمەن ئۆلۈكلەر سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەن جەڭگاھتا، مىلتىقىنىڭ بىر غېرىچچە كېلىدىغان تىغى بىلەن يەردە، قالايمىقان سوزۇلۇپ يېتىشقان ئۆلۈكلەرنى بىر-بىرلەپ ئۆرىمەكتە ئىدى، بىر ئۆلۈك، ئىككى ئۆلۈك، ئۈچ ئۆلۈك...

مىلتىقنىڭ ئۇچىدىكى ئاليۇمىنىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان بىر غېرىچچە تىغ خۇددى يالماۋۇزدەك قورقۇنچلۇق بىر ھالەتتە ئۆلۈكلەر ئارىسىدا يالغان ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالغان ھېلىقى تىرىككە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. بىر پەستىلا

مىلتىقنىڭ ئۇچىدىكى ھېلىقى ئالىيۇمىن تىغ يالغان ئۆلۈكنىڭ مۈرىسىگە گاچچىدا سانجىلىپ، دۈم ياتقان گەۋدىنى شۇنداق ئۆرۈشىگە، قورقۇنچتىن پارقىراپ، چەكچىيىپ كەتكەن بىر جۈپ كۆز، مىلتىقنىڭ ئۇچىغا كېرىلىشتىن چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ھالەتتە قادىلىپ قالدى. ئاڭغىچە مىلتىق كۆتۈرۈۋالغان دۈشمەن سەت ئاۋازدا ۋارقىراپ كەتتى.

— يالغان ئۆلۈككەن، تىرىككەن. مەن بىر تىرىكنى تۇتۇۋالدىم...

يالغان ئۆلۈكنى ئالىيۇمىن تىغ ساقلاپ قالالمىغاندەك، بىر تال چېكىتنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن قاراڭغۇلۇقمۇ مېنى ساقلاپ قالالمىدى. باياتىنقى ئاۋاز قويۇق چاچلىرىمنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ يەنە قۇلاق پەردەمگە يېقىملىققىنە ئۇرۇلدى.

— بەك ياخشى شېئىر كەنغۇ بۇ؟

كۆزۈم تېخىچە ئاشۇ بىر تال چېكىتنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن قاراڭغۇلۇقىدا لەيلەپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ماڭا گەپ قىلىۋاتقان ئاۋاز مەنسۇپ بولغان شەكىل، تۇيغۇمدا نامايان بولۇپ بولغانىدى. ئۇ مەن بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان، يەنى مېنى تۇنجى قېتىم «ئارزۇ» دەپ چاقىرغان ئوغۇل ساۋاقدىشىم ئىدى. تۇيغۇمدا ئۇنىڭ ئېڭىكىنىڭ سول تەرىپىدىكى بۇغدايچىلىق چوڭلۇقتىكى بىر تال مەڭ خۇددى ئۇنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىدىكى ئىسمىدەكلا چاقناپ تۇراتتى. گوياكى ئۇ بىر تال مەڭ بولمىسا ئۇ ئۆزىگە ئوخشىماي قالىدىغاندەكلا.

ئەسلىي دەپتەرنى بالدۇرلا يېپىۋېتىشىم ۋە بۇ ئوبيېكتىپ ھەرىكىتىم ئارقىلىق ئوچۇق دەپتەرنىڭ ماڭا ئەكېلىدىغان روھىي بېسىمىنى يەڭگىللىتىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن قانداقتۇر بىر خۇدۇكسىرەش ئىچىدە بۇ ئاقىلانە ھەرىكەت، كاللامنىڭ پىكىر ياتىدىغان بوشلۇقىدا پەقەتلا مەۋجۇت بولماي قالغان بولۇپ، مەن خۇددى يالغان ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالغاندەكلا كۈلكىلىك بىر ئىش قىلغانىدىم. شۇنداقتىمۇ دەپتەرنى يېپىۋېتىش كېرەك. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئوبيېكتىپ ھەرىكەت ئۇچۇن مەڭگۈلۈك كېچىكىش بولمايدۇ.

مەن دەپتەرنى ئەمەس، بەلكى زېمىن بىلەن ئاسماننى ياكى ئاسمان بىلەن زېمىننى ياپقاندەك تۇيغۇدا دەپتەرنى يېپىۋەتتىم. ئارقىدىنلا خۇددى ئۇلۇغ بىر ھەرىكەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغاندەك كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىدىم. تېخى باياتىنلا دەپتەرگە قاراپ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىم، لەۋلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ تەبەسسۇم قىلدى. بۇ ھالەت مەندە شۇنداق تۇيۇقسىز، شۇنداق تەبىئىي رەۋىشتە يۈز بەردىكى، ئۆزۈمنى خۇددى سەھنىدىكى پىشقان ئارتىسلاردەكلا ھېس قىلىپ قالدىم. شۇنداقتىمۇ بۇ ئۆزۈمنىڭ چىراي ئىپادىسىنىڭ بۇنداق ئېلاستىكلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىشىم ئىدى.

— قىزلارنىڭ يازمىسىنى يوشۇرۇنچە كۆرۈش ئەخلاقسىزلىق!

— پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل ئەخلاقسىزلىق-ھە، بۇ! — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى كۆزۈمنىڭ ئىچىگە خۇددى يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك تىكىپ تۇرۇپ. مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولۇپ سۆزلىرىمنىمۇ كۆڭۈل خاتىرەمنىڭ ئاپپاق بەتلىرىگە مارجاندەك تىزىپمۇ ئۈلگۈرگەنىدىم. لېكىن شۇ ئەسنادا سىنىپقا بىر نەچچە ساۋاقداشلىرىمنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن ئاۋازدا ۋارقىرىشىپ كىرىپ قېلىشى بىلەنتەك، ئىچىمدىن چىقىپ بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ بولغان سۆزلىرىمنىڭ ئىسسىق بارماقلىرى بوغۇزۇمنىڭ قىيا تاشلىرىدىن ئاجراپ چىقىپ كېتىپ، چىرايلىق سۆزلىرىم بوغۇزۇمدىن ئىچىمگە ۋارقىرىغىنىچە چۈشۈپ كەتتى، ئەمما

ئۇ ئاۋازنى ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىم ھېس قىلالمىدى.

ئەنە شۇ كۈندىن كېيىن ئۇ دەسلەپ مېنى «ئاززۇ» دەپ چاقىرىپ قانچىلىك ھاياجانلاندۇرغان بولسا، كېيىن چىرايلىق كۆزلىرىمنىڭ سۈزۈك بوشلۇقىغا سىرلىق قاراپ تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرىدىغان بولدى. ئەسلىي ئۇنىڭ ئاشۇ «ئاززۇ» دېگەن سۆزى «سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن گېپىنىڭ زىننەتلەنگەن شەكلى ئىكەن. بۇنى مەن، ئۇ مېنى دەريا بويىغا تۇنجى قېتىم تەكلىپ قىلغان ئاشۇ ئايدىڭ ئاخشام ئېنىق تونۇپ يەتتىم.

ئۇ بىر يەكشەنبە كۈنى بولۇپ، ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى قويۇق ئورمانلار ئارىسىدىكى ئېرىقتا سۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرۇۋاتاتتى. مەن قولۇمدىكى كىچىك سۇ چاچقۇ بىلەن ئېرىقتىكى سۇنى پاكىز سۈپۈرۈلگەن يەرگە تەكشى چاچماقتا ئىدىم. ئاقۇچ توپىلىق يەر يۈزى سۇ بىلەن نەملىنىپ كۆكۈچ رەڭگە كىرگەن بولۇپ، قارىماققا تولىمۇ راھەتلىك تۇيغۇ بېرەتتى. شۇ چاغدا يول بويىدا ماڭا قاراپ تۇرغان تونۇش گەۋدىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. كۆزۈم يول بويىدىكى ئۇ تونۇش گەۋدىگە چۈشۈشى بىلەن تەڭ، ئېرىقتىكى سۇنى ئەمدىلا ئالغان قولۇم بوشلۇقتا قېتىپ قالدى. ئېرىقتىكى سۇ بولسا يەنىلا بىر خىل رىتىمدا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتاتتى. مەن بۇنى كۆرۈش سەزگۈم ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ھېس قىلىش سەزگۈمگە تايىنىپ تۇرۇپ ھېس قىلغانىدىم. چۈنكى كۆزۈم يول بويىدىكى تونۇش گەۋدىگە قاراپ قېتىپ قالغان، قۇلىقىم ھېچقانداق ئاۋازنى قوبۇل قىلماس بولۇپ قالغانىدى. ئەسلىي بۇ يولدا كۈنىگە نۇرغۇن ئادەم، نۇرغۇن ھايۋانلار ئۆتۈپ تۇراتتى. چۈنكى يول دېگەن ئادەم بىلەن ھايۋان ماڭىدىغان يەر-دە. ئەگەر قۇشلارنىڭ قانىتى بولمىغان بولسا بۇ يولدا بەلكىم يەنە نۇرغۇن قۇشلارمۇ ماڭار بولغىيتتى. ئادەممۇ ماڭغان، ھايۋانمۇ ماڭغان، ئوغرىمۇ ماڭغان، توغرىمۇ ماڭغان بۇ يولدا ئۇنىڭ مېڭىشى مەندە باشقىچە سېزىم پەيدا قىلدى. خۇددى بۇ يول بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر ئۆتكىلى بولمايدىغان چەكسىز بوشلۇق باردەك. تېخى بايىلا بىر يىگىت مەندە تاتلىق تۇيغۇلارنى قوزغىتىپ بۇ يولدىن بىر قىزنى ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتۈرۈپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇ يىگىتنىڭ ھەرىكىتى مەندە تاتلىق تۇيغۇلارنى قوزغاتقىنى بىلەن ئەقىل مۈلكۈمنى ھەيرەتتە قالدۇرمىغانىدى. چۈنكى بۇ يولدىن ئۇ يىگىتكە ئوخشاش نۇرغۇن يىگىتلەر قىزلارنى ئۆزلىرىگە ئەگەشتۈرۈپ ئۆتكەن ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆتۈپ تۇرۇشىدا گۇمان يوق. ئاڭلىسام داداممۇ بۇ مەھەللە بولۇشتىن بۇرۇن ئاپامنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ يوللاردىن تالاي قېتىم ئۆتكەن ئىكەن. بىراق ئۇنىڭ بۇ يولدا تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ كۆرۈش سەزگۈمگە بېلىقتەك ئىلىنىپ قېلىشى، مېنى ئەقىل مۈلكۈمدىن ئايرىۋەتكەندەك تۇيغۇ ئاتا قىلدى. قارىسام ئۇنىڭ ماڭا قاراپ تۇرغان پۈتۈن بەدىنى مېنى ئاززۇ دەپ چاقىرىۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى. لېكىن بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ ئاۋاز بوشلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى تەن شەكلىدىن چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. كۆزۈم ئۇنىڭ كۆزى بىلەن دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىكى قويۇق بوشلۇقتىن ئۆتۈپ چېكىتتەك بىر نۇقتىدا ئۇچراشتى. قولۇمدىكى سۇ چاچقۇ بولسا ئاڭسىز رەۋىشتە بىر يانغا قىيسىيىپ، ئىچىدىكى سۇ ئېرىقتىكى سۇغا سىرغىماقتا ئىدى.

— ئاززۇ!

مەن ئۇنىڭ مېنى چاقىرغىنىنى روشەن ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ ماڭا تونۇش ئاۋازى دەرەخلەر-

نىڭ قويۇق شاخ-سايىلىرىنىڭ ئارىسىدىن شۇنداق ئەركىن ئۆتۈپ، ئىچىمگە بىر تىنىق ھاۋادەكلا كىرىپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى ئىچىمگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن شەكىل ئۆزگەرتىپ، سېنى ياخشى كۆرىمەن، دېگەن سۆزگە ئايلىنىپ كەتتى. شۇئان بەدىنىم تىترەپ كەتتى. يۈزۈم ئوت كەتكەندەك ۋىللىدە قىزاردى.

— مېنى چاقىردىڭما؟

تىترەپ تۇرغان ئاۋازىم بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىدىن قايتۇرۇپ سورىدىم. شۇنداق دەپ بولۇپلا ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىدىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاڭلاش سەزگۈسىدىن گۇمان ھېس قىلىپ قورقۇپ كەتتىم. ئەگەر ئۇنىڭ ئاۋازى مېنىڭ ئىچىمگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن شەكىل ئۆزگەرتكەندەك مېنىڭ ئاۋازىممۇ ئۇنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسىدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئىچىگە بىر تامچە سۇدەك قۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن شەكىل ئۆزگەرتسە بۇ ئاۋاز چوقۇمكى «مېنى ياخشى كۆردۈڭما؟» دېگەندەك شەكىلگە كىرىدۇ. ئۇ ھالدا مەن نومۇستىن ئېرىقتىكى سۇغا ئايلىنىپ كەتسەممۇ ھېچ يەرگە ئېقىپ كېتەلمەي ئۆز-ئۆزۈمگە چاچراپ كېتىمەن.

— ھەئە، سېنى چاقىردىم.

ئۇ خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك جاۋاب بەردى. مەن شۇندىلا يېنىك نەپەس ئالدىم. چۈنكى ئۇنىڭ ئىچىدە مېنىڭ ئىچىمدىكىدەك ئاۋاز ئۆزگەرتكۈچ تۈيغۇسىنىڭ يوقلۇقىغا جەزم قىلغانىدىم.

— نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟

— سەن بىلەن كۆرۈشەي دېۋىدىم.

— مانا كۆرۈشتۇقۇ.

— بۇ ھېساب ئەمەس.

— قانداق بولسا ھېساب بولىدۇ؟

— ئايرىم كۆرۈشسەك.

— ھېلىمۇ ئايرىم كۆرۈشتۇقۇ مانا.

— بۇ يەردە ئەمەس.

— ئەمىسە قەيەردە؟

— دەريا بويىدا.

ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ھەم ھاياجانلاندىم ھەم قورقۇپ كەتتىم. چۈنكى دەريا بويىغا ئادەتتە يىگىتلەر قىزلارنى ئاپىراتتى. باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە دەريا بويى دېگەن يەرنىڭ ھەممە يېرىدە بىر خىل سېھىر بارمىش. بۇنداق سېھىر قىزلارنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى يىگىتلەرگە بېرىۋېتىشىگە ئاڭسىز رەۋىشتە يول قويارمىش. شۇنداقتىمۇ بۇ گەپلەرنىڭ قانچىلىكىنىڭ راست، قانچىلىكىنىڭ يالغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن قىز-يىگىتلەرنىڭ دەريا بويىدا نېمە ئىشلارنى قىلىدىغىنىنى بىلىمەن. بۇنى مەن قىزلارنىڭ پىچىرلاپ دەپ بېرىشلىرىدىن نەچچە قېتىم ئاڭلىغان. بىر قېتىم پەرىدە ئۆزىنىڭ دەريا بويىدا مەلۇم بىرى بىلەن ئاجايىپ شېرىن مۇھەببەتلەشكەنلىكىنى دەپ بېرىۋېدى، بىر تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلسام، يەنە بىر تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھەسەتمۇ قىلغانىدىم. راستىنى دېگەندە پەرىدە ۋاي دەپ كەتكۈدەك چىرايلىق قىزلاردىن ئەمەس ئىدى. لېكىن شوخلۇقى كۆزىدىن تۆكۈلۈپلا تۇراتتى. شۇڭا ئوغۇللارنى پەرىدەگە يېقىنچىلىق قىلامدىكەن دەپ ئويلايمەن. گاھىدا كۆزدىن ئايرىلغان خۇدا ھاسىدىن ئايرىمايدىكەن، بولمىسا پەرىدە دەريا بويىغا بېرىپ بولغۇچە قېرىپ كېتەرىدى، دەپمۇ ئويلاپ كېتىمەن. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭ ئاشۇ نامەلۇم بالا بىلەن دەريا بويىدا سۇغا يىقىلىپ كەتكەنلىكى ھەۋەس قۇشۇمنى ئۆلتۈرۈپ، ھەسەت قۇرتلىرىمنى سەكرىتىۋەتتى.

پەرىدەنىڭ مەن سۆيۈشنى ئاشۇ دېدەك قىزدىن ئۆگەندىم، دېگەن سۆزى پات-پاتلا قۇلاق تۈۋۈمدە جاراڭلىشىپ تۇراتتى. دەرسلىك كىتابلىرىمىزدا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئادەم

تەربىيەلەش رولى ھەققىدە مۇرەككەپ جۇملىلەر بولىدىغان. ئەگەر ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئادەم تەربىيەلەش رولى راستلا تۇرمۇشىمىزدا يۈز بېرىپ تۇرسا، تەلىم-تەربىيە بىلەن جامائەت ئەخلاقى چەكلەپ تۇرىدىغان ئىككى يات جىنسىنىڭ ئۆزئارا سۆيۈشۈش ھەرىكىتىنى، ھەرگىزمۇ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئادەم تەربىيەلەش رولىنىڭ قۇدرىتى دېگىلى بولمايتتى. بەلكى بۇ بىر خاتا تەربىيەلىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇ تەربىيەلەشتىكى خاتالىقمۇ ياكى تەربىيەلىنىشتىكى خاتالىقمۇ، راستىنى دېسەم پەقەتلا ھۆكۈم قىلالمايتتىم. لېكىن بىر شەخسنىڭ ئىجابىي تەربىيەگە قارىغاندا سەلبىي تەربىيەگە شەرتلىك رېفلېكس سۈپىتىدە مەپتۇن ئىكەنلىكىنى ئېقرار قىلمايمۇ قالمايتتىم.

قولۇمدىكى سۇ ئالغۇدىكى سۇ تۆكۈلۈپ بولغان ئىدى. يول بويىدا ماڭا قاراپ تۇرغان تونۇش گەۋدە قويۇق دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن كۆزۈمگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ مېنى دەريا بويىدا يالغۇز كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلغان، مەن دەريا بويى دېگەن گەپ بىلەنلا خىياللار دېڭىزىغا چۆكۈپ كەتكەن ئىدىم. ھەيرانمەنكى، سۇ، دەرەخ، ئورمان بىلەن دەريا بويى دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەرنىڭ ئادەمنى ھەم ھاياجانلاندۇرۇپ، ھەم قورقۇتۇشى تولىمۇ قىزىق ئىش ئىدى. ئارقىدىنلا مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ بىلەن دەريا بويىغا بېرىپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىم. دەريا بويى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر مېڭەمدە ئەكس ئېتىشى بىلەنلا كۆز ئالدىمدىكى سۇمۇ، قويۇق دەرەخلەرمۇ، دەرەخلەر ئارىسىدا ماڭا قاراپ تۇرغان ئۇ تونۇش گەۋدىمۇ يوقىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ مېنى بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى نەم چۆپلەرنىڭ ئۈستىگە يىقىتىۋېلىپ سۆيۈۋاتقان كۆرۈنۈشى ئالماشتى. شۇ ھالدا لەۋلىرىم ئۇنىڭ لەۋلىرى بىلەن بىر تەن، بىر جان بولۇپ كەتكەن بولۇپ، تۇم-تۇم دەرەخلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن كىرىشىپ كەتكەن ياپيېشىل ئۇچلىرى كۆرۈش سەزگۈمنىڭ ئونى ياكى ئون بەش مېتىر ئېگىزلىكىدە بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ تۇراتتى...

— جاۋاب بەرمەيسەنغۇ ئارزۇ؟

ئۇنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى دەريا بويى، خۇددى دېڭىز دولقۇنىنىڭ كۈچلۈك بېسىمىدا قالايمىقان چايقىلىپ ئارقىدىن سۇ ئاستىغا چۆكۈپ غايىب بولۇپ كەتكەن چىرايلىق پاراخوتتەك غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىشىك ئالدىدىكى ئورمانلىقنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغان رېئاللىقتىكى مەن بىلەن ئۇنىڭ شەكلى ئالدى.

— نېمە دەيمەن؟

مەن ئۇنىڭ ماڭا نېمە دەۋاتقانلىقىنى پەقەتلا بىلمىگەندەكلا ئۇنىڭ ئۆزىدىن سورىدىم.

— سەن دەيدىغان گەپنىمۇ مەن دەپ بېرەرمەنمۇ؟

— دەريا بويىدا نېمە بار؟

— سۇ بار.

— مېنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكۈم يوق.

— چۆپ بار.

— چۆپ دېگەن نەم بولىدۇ، مېنىڭ رېماتىزىم بولغۇم بولمىسا.

— ياق دېمەكچىمۇسەن ئارزۇ؟

— بىلمىدىم.

— ماقۇل دېگىنە!

— ماقۇل دېسەم بارسام بولىدۇ.

— بارساڭ نېمە بوپتۇ؟

— قورقىمەن.

— نېمىدىن قورقىسەن، مەندىنمۇ؟

— ياق، دەريا بويىدىن.

— دەريا بويى ئادەم يېمەيدىغاندۇ؟

— دەريا بويىدىكى ئادەم ئادەم يەيمىش.

— خۇددى مەكتەپكە بارغاندەكلا تۇيغۇدا بارساڭچۇ؟

— ئويلىشىپ باقاي.

— ئەمىسە ئويلىشىپ بولۇپ جاۋاب بەرگىن.

— ماقۇل.

— راست، جاۋابىنى قەيەردە بېرىسەن؟

— سەنچە قەيەردە بەرسەم بولار؟

— كەچكە دەريا بويىدا بەرگىن ئەمىسە.

— ماقۇل.

ئۇ خۇددى مەندىن شۇ جاۋابنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. ئېرىقتىكى سۇ يەنىلا بىر خىل رىتىمدا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتاتتى. قولۇمدىكى سۇ ئالغۇ بولسا تېخىچە ئۆلۈك توخۇنىڭ بېشىدەك بارماقلىرىمنىڭ ئارىسىدا بىر يانغا قىيسىيىپ تۇراتتى. ئىچىمدە بولسا قىزىق بىر ھارارەت تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقاندەك قىلاتتى. كۆزۈم بولسا يەنىلا ئۇ باياتىن ماڭا گەپ قىلغان يول بويىدىكى بوشلۇقتا ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۇ يەردە ھېچنېمە يوق، خۇددى نەچچە مىنۇت بۇرۇنمۇ ھېچنېمە مەۋجۇت بولمىغاندەكلا. مەن ئۆزۈمچە ئۇيغۇر تىلىنىڭ يوشۇرۇن مەنە ئىپادىلەش كۈچىنى كىچىككىنە تىلىم ئارقىلىق قالتىس نامايان قىلىۋەتتىم دەپ ئويلىدىم. چۈنكى ئۇنىڭ مەندىن ئالماقچى بولغان جاۋابى ئۇنداق ئۇزۇن گەپلەر دۆۋىسى بولماستىن، بەلكى ماقۇل، دېگەن ئىككىلا بوغۇملۇق سۆز ئىدى. لېكىن مەن ئىچىمدە ئۇنىڭ مېنى دەريا بويىغا تەكلىپ قىلغانلىقىدىن خۇشال بولغان بولسامۇ، ئۇنىڭ بۇ تۇنجى قېتىملىق تەكلىپىگە دەرھاللا ماقۇل، دەپ ئىپادە بىلدۈرۈشۈمگە قىزلىق غۇرۇرۇم يول قويمىغان ئىدى. بولمىسا ئۇ مېنى ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرغان شاللاق قىز ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى.

ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا تاغ يىقىلسا پۈكۈلمەيدىغان قىزلىق غۇرۇرۇم، ئۇنىڭ ئاشۇ خىيالى بىلەن يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشتە ئىچىمدىكى تېخنىكىلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىنى تىلىمدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا چىقىرىشقا تىرىشتىم. ھېس قىلىشىمچە، بۇ سۆزلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەلكىم ئۆيۈم بىلەن دەريا بويىنىڭ ئارىلىقىدىنمۇ ئۇزۇن بولسا كېرەك. شۇنداق بولسىمۇ ئۇدۇللا بارغىلى بولىدىغان نىشانغا، نۇرغۇن ئەگرى-توقاي مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ يېتىپ بارغان يولۇچىدەك، نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ چىمەنزارىدىن ئەۋرىشىملىك بىلەن ئۇچۇپ ئۆتۈپ يېتىپ باردىم. بۇ جەرياندا مەن ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى تەكلىپنى ئۆتۈنۈشكە، ئۆتۈنۈشنى يالۋۇرۇشقا ئايلاندۇردۇم. بۇنىڭ بىلەن مەن تەشەببۇسكار ئورۇنغا، ئۇ بولسا موھتاجلىق ئورنىغا چۈشۈپ قالدى. ئەمەلىيەتتە بۇ مېنىڭ تاشقى شەكىل جەھەتتىن غالىب كېلىشىم ئىدى. روھىي جەھەتتىن بولسا ئۇ غالىب كەلگەن ئىدى. چۈنكى مەن مەيلى نېمە دېمەي، تېخنىكىلىق سۆزلەرنىڭ رولىدىن قانچىلىك پايدىلانماي، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەنە ئىپادىلەش كۈچىدىن قانداق رەۋىشتە مەنپەئەتلەنمەي، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان ئىدىم. بۇ ھال شەرتلىك تەسلىم بولۇش بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى. لېكىن ھەق گەپنى قىلغاندا، بۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇشقا باشتىلا تەييارلىنىپ بولغانلىقىمدىن، پەقەت ساختا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىم ئارقىلىقلا ۋاقىت بىلەن سۆزنى ئىسراپ قىلىشىمدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ مېنى دەريا بويىغا تەكلىپ قىلىشى، خۇددى مېنى ئارزۇ دەپ چاقىرغاندەكلا قەلبىمنى ھاياجانغا چۆمدۈرۈۋەتكەن ئىدى. ئۇنداق بولمىسا قولۇم-

www.uyghurkitap.com

دىكى سۇ ئالغۇدا چايقىلىپ تۇرغان سۇنىڭ تامامەن تۆكۈلۈپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەستە، بۇ يەردىكى مەن پەقەت ناز قىلغۇچى ياكى خۇلقلانغۇچىلا خالاس.

ئۇ بىر ئايدىڭ ئاخشام ئىدى. ئۆيدىن چىقىپ دەريا بويى تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم. ئىچىمدە بىر خىل تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز خۇشاللىق بىلەن يەنە بىر خىل جىددىيچىلىك تەڭلا ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. قەدەملىرىم يول ئۈستىگە سەل - پەل تىترەپ بېسىلغىنى بىلەن دەريا بويىغا بېرىشقا ئالدىرايتتى. ئۆزۈم بولسا دەريا بويىدا يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىشلارنى خىيالەن تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ئالتىنچى سەزگۈم ئۇنىڭ بۈگۈن ماڭا چوقۇم مۇھەببەت تەكلىپى قويىدىغانلىقىدىن ئۇچۇق بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. شۇنداق بولسا بۇ مېنىڭ بىر يىگىتتىن تۇنجى قېتىم مۇھەببەت تەكلىپى قوبۇل قىلىشىم بولۇپ قالاتتى. گەرچە ئۇنىڭ مېنى يېقىملىق قىلىپ ئارزۇ دەپ چاقىرىشلىرىدىن، خېلى بۇرۇنلا ئۇنىڭ ماڭا قىزىقىپ قالغانلىقىنى ياكى مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسامۇ، بىراق ھەر ئىككىمىز بۇنى قەلبىمىزدە يوشۇرۇن ساقلاپ كەلگەن ئىدۇق. ساندۇققا يوشۇرۇپ قويۇلغان نەرسىنىڭ ھامان بىر كۈنى ساندۇقنىڭ ئىچىدىن چىقىشى مۇمكىن بولغىنىدەك، قەلبىمىزدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بۇ تۇيغۇنىڭمۇ ئەمدى قەلبىمىزنىڭ ئىچىدىن قەلبىمىزنىڭ تېشىغا چىقىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا تۇرماقتا ئىدى.

ئېيۇل ئاسمىنىدىكى تولۇن ئاي خۇددى مېنىڭ چىرايلىق كۆزۈمدەك ئاسمان كۆكسىدە ئېسىلىپ تۇراتتى. تولۇن ئاينىڭ سۈت رەڭ نۇرى خۇددى ئاسماندىن زېمىنغا تەكشى ھالەتتە تۆكۈلۈپ كەتكەن رەڭدەك، يوللارنىڭ ئۈستىدە، ئېرىقتىكى سۇلارنىڭ يۇمشاق ۋە سوغۇق تېنىدە، مەھەللە بويلىرىدا قويۇقلىشىپ ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرىدا، قاتار-قاتار ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدە يالتىرايتتى. ئاسمانغا قارىدىم. يۇلتۇز گۈللىرى ئاسمان كۆكسىدە غۇچچىدە چېچەكلەپ كەتكەن ئىدى. يۇلتۇز گۈللىرىنىڭ ئاستىدا تولۇن ئاي يالتىراپ تۇرغان بولۇپ، ھەر بىر قەدەم ئېلىشىمغا ئەگىشىپ ئۇ مەن بىلەن بىللە دەريا بويىغا كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن ئەنە شۇ يۇلتۇز گۈللىرىنىڭ ئىچىدە خۇددى چۆچەكلەردىكى مەلىكىلەردەك تۇيغۇدا كېتىۋاتاتتىم. تولۇن ئاينىڭ سۈت رەڭ نۇرى مەززىلىك ئەتىر ھىدى تاراپ تۇرغان زىلۋا بەدىنىم ئۈستىدە ئاقاتتى. ئۇشبۇ دەم ئاسماندىكى ئاي بىلەن يەردىكى ئاي دەريا بويىغا قەدەمسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى.

مەن ئارزۇ ! مەن ئۆزىنى مۇشۇنداق يېقىملىق ئاۋازدا ئاتىغان ئوغۇل ساۋاقدىشىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بىر قىز. شۇڭا ئۇ مېنى ھەر قېتىم ئارزۇ دەپ چاقىرغاندا، يېڭىدىن-يېڭى ھېس - تۇيغۇلارغا ئەسىر بولىمەن ۋە ئۇنىڭ شۇ چاقىرىشلىرىدىن ئەڭ قىزغىن مەنىلەرنى ھېس قىلىمەن. مانا شۇ تاپتىمۇ شۇنداق قىزغىن ھاياجان ئىچىدە دەريا بويىغا يېقىنلاپ كەلمەكتىمەن. ئېھتىمال ئۇ دەريا بويىدىكى سۈزۈك ۋە مۇزدەك سۇ بويىدا ياكى قايسىدۇر بىر توپ تېرەك ئاستىدا مېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندۇر. ئېھتىمال ماڭا ئوخشاش جىددىيلىشىپ بارماقلىرىنى بىكاردىن - بىكارغىلا ئۇۋۇلاپ قويۇۋاتقاندۇ. ئېھتىمال ئۆزىنى ئاينى باغرىغا بېسىپ تۇرالىغان ئاسمانغا مىسال قىلىپ، ئەڭ قىزغىن تۇيغۇلاردا بولۇۋاتقاندۇ.

دەريا بويىغا يېقىنلاپ كېلىشىمگە ئەگىشىپ قۇلىقىمغا يېقىملىق بىر سادا ئاڭلاندى. بۇ يېقىملىق سادا، تولۇن ئاينىڭ سۈت رەڭ

نۇرىدا سوزۇلۇپ ياتقان ئەنە شۇ دەريا بويىدىكى قىلىن-قىلىن ئورمانلىقلارنىڭ ئىچىدىن ئۆچۈپ چىقماقتا ئىدى. بۇ سادا سەھەردىكى تاڭ شامىلىدەك لەرزان، بۇلاق سۈيىدەك راھەتلىنىك ئىدى. شۇ تاپتا قەدەملىرىم يولدا، كۆزۈم يېپىلىپ ياتقان ئورمانلىقتا، قۇلىقىم ئاشۇ يېقىملىق سادادا ئىدى. بۇ بىر مۇزىكا ئىدى، بۇ بىر يېقىملىق گىتار مۇزىكىسى ئىدى، بۇ يېقىملىق گىتار مۇزىكىسىنى دەل مېنى ئاززۇ دەپ چاقىرىدىغان ئاشۇ ئوغۇل ساۋاقدىشىم چېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ گىتار چالالايدىغانلىقىنى بۇرۇنمۇ بىلەتتىم-يۇ، لېكىن ھازىرقىدەك بۇنچە ئەستايىدىل دىققەت قىلمىغان ئىدىم. ئۇنىڭ نەچچە قېتىملىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە زوق-شوقى بىلەن چالغان گىتار مۇزىكىلىرىنى، ئوقۇغان ناخشىلىرىنى ئاڭلىغان ئىدىم-يۇ، ھازىرقىدەك يېقىملىق ھېس قىلمىغان ئىدىم. بەلكىم بۇ ئاۋازنىڭ كېچىدىكى سېھرىي كۈچى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر ياكى ھازىر مەن بۇ ئاۋازلارنى ئۆزۈم يالغۇز ھالدا ئۆزۈمگىلا مەنسۇپ دەپ قوبۇل قىلغىنىمدىن بولسا كېرەك.

ئۇ توغرىسىدىكى خىياللىرىم ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ئۇنىڭ مۇزىكىغا ماس ھالدا ئوقۇغان ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. گەرچە ناخشا ئاۋازى پەس بولسىمۇ، كېچە جىمجىتلىقى ئىچىدە يەنىلا روشەن ئاڭلىنىۋاتاتتى. ناخشا تېكىستىنى ئاڭلىشىم بىلەن قەدەملىرىم ئۆز ئورنىدا ئىختىيارسىز ھالدا توختاپ قالدى.

بولغانىكەن بۇرۇن بىر رەسسام،
بار ئىكەن ھەم داچا، رەسىمى.
رەسسام ئاشىق بولۇپ بىر قىزغا،
بايان قىلماق بوپتۇ قەلبىنى.

ئاھ... بۇ مەن كۆچۈرۈۋالغان ھېلىقى شېئىرغۇ؟ ئۇ بۇنى قاچانلاردا يادلىۋالغان بولغىيتتى؟ دەپتىرىمدىكى بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن نېمانچە يېقىملىق رەۋىشتە چىقىدىغاندۇ؟ مەن ئۇنىڭ بۇ يەردە مەن ئۈچۈن گىتار چېلىشىنىمۇ، ئۆزۈمنىڭ تەقدىر-پېشانە بىلەن دەريا بويىدا بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ مەست-بىھوش بولۇشۇمنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئىدىم. لېكىن شۇ تاپتا ئۆزۈم كۆچۈرۈۋالغان شۇ شېئىردىكى ئالامەتلەر خۇددى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان سەھنە ئەسىرىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدەك رېئاللىقىمدا يۈز بەرمەكتە ئىدى. بىلمىدىم، بۇ مۇشۇنداقلا بىر توغرا كېلىپ قېلىشىمىدۇ ياكى ئاغزىمدىن بىلىپ-بىلمەي سائەت چىقىپ كەتكەن بولغىيمىتتى!

سېتىۋېتىپ سىزغان رەسىمىنى،
ھەم سېتىپتۇ كىچىك داچىنى.
سېتىۋېلىپ مىليون ئەتىرگۈل،
بېغىشلاپتۇ قىزغا بارىنى.

تۇيۇقسىزلا توختاپ قالغان نازۇك قەدەملىرىم يەنە يۆتكەلدى. سۈمبۇل چاچلىرىم قەدەملىرىمنىڭ ھەر بىر يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ لەرزان تەۋرىنەتتى. يۈزۈمنىڭ ئاستا-ئاستا قىزىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. نەپەسىممۇ سەل ئىتتىكلەشكەنىدەك قىلاتتى. قەدەملىرىم يولنى قىسقارتماقتا، ناخشا ئاۋازى ماڭا يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. گەرچە ئۇ ئادەتتىكى بىر گىتار ھەۋەسكارى بولسىمۇ، مەن كۆچۈرۈۋالغان شېئىرنى ناخشا قىلىپ ئوقۇغىنى ئۈچۈن، ئۇنى قالتىس بىر سەنئەتكاردەك ھېس قىلماقتا ئىدىم. يەنە بىر تەرەپتىن ئويلىسام، ئۆزۈم ھەۋەس ئېھتىياجىدىنلا كۆچۈرۈپ قويغان بۇ شېئىرنى، خۇددى ئۇنىڭغا ئاتاپلا كۆچۈرۈپ سالغاندەك ئىدىم. قارىماققا بۇ ھال خۇددى نۇرغۇن كۈنلەردىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى، نۇرغۇن كۈنلەر بۇرۇنلا تەسەۋۋۇر قىلىۋالغىنىمغا ئوخشايتتى.

قەدەملىرىم يەنىلا ئاستا ئىدى. بەلكىم بۇ مېنىڭ، ئۇ ناخشىنى تولۇق ئوقۇپ بولغۇچە ئۇ

يەرگە يېتىپ بارماسلىقىنى ئاڭسىز رەۋىشتە ئويلىغىنىم بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. چۈنكى مەندە ئۇنىڭ ناخشىسىنى تولۇق ئاڭلاپ بېقىش ئىستىكى پەيدا بولغان ئىدى. ئۇ مەن تېخى كۆرۈپ باقمىغان دەريا بويىدىكى سۇنىڭ بويىدا ياكى قايسىدۇر بىر تۈپ تېرەكنىڭ توپا باسقان غولىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى.

قىلار كىمنۇ مۇنداق سەۋدالىق،
سوغۇق-جۇتقا قىلماستىن پەرۋا.
تەنها قالدى بىچارە رەسسام،
قىزنى ساقلاپ دېرىزە ئاستىدا...

شۇ تاپتا ئۆزۈمگە يادا بولۇپ كەتكەن بۇ مىسرالارنى ئىسسىق ۋە يۇمشاق لەۋلىرىمدە قايتا-قايتا تەكرارلىدىم. خۇددى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان بىر سۆزنى تۇنجى قېتىم ئىشتىياق بىلەن تەكرارلىغاندەك، تەكرارلىغانسېرى ئىلگىرى ماڭا ئانچە بەك قىزغىن تۇيۇلمىغان بۇ سۆزلەر، ئەمدى قات-قېتىدىن ئوت يېلىنجاپ تۇرغان بىر پارچە چوغدەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. راستىنى دېسەم، بۇ مەن ئىچكى ھېسسىياتىم قالايمىقانلىشىپ، قانلىرىمدىكى ھاياجان دولقۇنلاپ كەتكەندە، ئۆزۈمگە تونۇش بولمىغان پەقەت خىيالىمدىلا مۇشۇنداق بولۇشى مۇمكىن ياكى مۇشۇنداق بولسا، دېگەندەك تەسەۋۋۇرلار بىلەن يېزىپ كۆچۈرۈپ قويغان شېئىر ئىدى. ئۇ چاغدا شېئىردىكى ئوبرازنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەقەتلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم، ئەمما تۇيغۇمدا مەلۇم بىر شەكىلنىڭ سىدام تېز سىزمىدەك ئۇزۇن-قىسقا، ئىرماش-چىرماش كۆرۈنۈشلا بار ئىدى. بۇنداق رەڭ بېرىلمىگەن، ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن شەكىلنى بىر كىمگە قىياس قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاشۇ كۈنى ئۇ كەينىمدە تۇرۇپ خاتىرەمدىكى بۇ شېئىرنى ئوقۇۋېلىپ ماڭا گەپ قىلغانىدا، ئۇنى شېئىرىمدىكى ئاشۇ نامەلۇم شەكىل ئىچىگە كىرگۈزۈپ باققان بولسام-مۇ، ئۇنىڭ ئوبرازى بىلەن شېئىردىكى نامەلۇم شەكىل ئوتتۇرىسىدا بەكمۇ زىل پەرق كۆرۈلۈپ، ئۇ شېئىردىكى شەكىلگە، شېئىردىكى شەكىل ئۇنىڭغا ماس كەلمىگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئايدىڭ ئاخشامدا ناخشا ئوقۇۋاتقان ئۇنى شېئىردىكى ئۇ شەكىلگە كىرگۈزمىگەن ھەم كىرگۈزۈشنى خىيال قىلمىغان بولسامۇ، شېئىردىكى شەكىل ئۇنىڭ بىلەن، ئۇ شېئىردىكى ئاشۇ تېز سىزمىدەك شەكىل بىلەن شۇنداق بىرلىشىپ كەتكەنكى، بۇ ئىككىسى بىرى يەنە بىرىنىڭ داۋامىدەك ياكى بىرى يەنە بىرىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدەك تۇيۇلماقتا ئىدى. دېمەك، ئاقىلدارلارنىڭ قەلەمنى قەغەزگە سانجىپ ئولتۇرۇپ «مۇھىت ئادەمگە تەسىر قىلىدۇ» دېگىنى نەق مۇشۇ بولسا كېرەك.

مەن ئورمانلىق قوينىغا كىرىپ، يېشىل، يۇمران چۆپلەر ئۈستىدىكى ئاينىڭ سۈت رەڭ نۇرىنى دەسسىگىنىمچە ئاستا قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدىم. ئۇنىڭ ئاۋازى بولسا ئورمانلىقنىڭ سۈكۈتىنى بۇزۇپ يەنىلا بىر خىل رىتىمدا ئاڭلانماقتا ئىدى. ئېھتىمال ئۇ ئۆزى بىلەن مېنىڭ ئارىلىقىمدىكى ۋاقىت مۇساپىسىنى قىسقارتىش ئۈچۈن ياكى مېنى تەسىرلەندۈرۈش ئۈچۈن ناخشا ئېيتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ياكى بولمىسا ئۆزىنىڭ دەريا بويىنىڭ قايسى تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى ماڭا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ناخشا ئېيتىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولسا، ئۇنىڭ مەسىلىلەرنى تېخنىكىلىق ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىشى ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى قايىل قىلماي قالمايتتى، مەنمۇ دەل ئۇنىڭ ئاۋازى كېلىۋاتقان تەرەپنى نىشانلاپ ماڭماقتا ئىدىم. بەلكىم ئۇنىڭ ئاۋازى بولمىغان بولسا، چوقۇمكى دەريا بويىغا كېلىپلا قايافقا قەدەم بېسىشىمنى ئاڭقى-

ـرالماي، تېخىرقاپ تۇرۇپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئاۋازى ماڭا خۇددى ئېلېكتىرونلۇق يول كۆرسەتكۈچتەك ياكى تارتىش كۈچى غايەت زور بولغان ماگنىت پارچىسىدەك تۇيۇلماقتا ئىدى. قەدەملىرىم ئۇنىڭغا يېقىنلاشقانسېرى ناخشىنىڭ ئەۋجى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. خۇددى مەن ئۇنىڭ يېنىغا پەيدا بولۇشۇم بىلەن تەڭلا ناخشا ئاخىرلىشىدىغاندەك، خۇددى مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن فىلىملەردە ئىككى ئاشىق-مەشۇق ئۇچراشقاندا ئېكراندا خەت چىقىپ كىنو تۈگەيدىغاندەك.

تەنها قالدى بىچارە رەسسام،

ئارزۇنى ساقلاپ دېرىزە ئاستىدا...

ناخشىنىڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن ئاخىرقى ئىككى مىسراسىنى ئاڭلاپ تاس-تاماس قالدىم جايىمغىلا ئولتۇرۇپ قالغىلى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى«قىزنى» دېگەن سۆزنى «ئارزۇ»غا ئالماشتۇرۇپ ئېيتىشى، ئىچىمگە خۇددى ھەم سىلىق ھەم ئىسسىق بىر تاشنىڭ سىغدىلىپ چۈشۈپ كەتكىنىدەك تۇيغۇ بەردى. ماڭا ئىچىمگە چۈشۈپ كەتكەندەك تۇيغۇ بەرگەن ئۇ تاش، تاش بولۇشقا قارىماي شۇ قەدەر يەڭگىل ۋە راھەتلىك تۇيۇلماقتا ئىدى.

كۆزۈم يىراقتىنلا تونۇش گەۋدىگە چۈشتى. ئۇ سول پۇتىنى دەرەخنىڭ پەستىكى بىر تال قۇرۇپ قالغان شېخىغا قويۇۋالغان بولۇپ، ئۆزى سول مۈرىسى بىلەن دەرەخنىڭ غولىغا سەل يانتۇراق يۆلىنىۋالغان ئىدى. ئاسماندىكى تولۇن ئاينىڭ سۈت رەڭ نۇرى قويۇق يوپۇرماقلارنىڭ ئارىسىدىن سىغدىلىپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئۇششاق گۈللۈك كۆڭلىكى ئۈستىدە ئۇششاق نۇر دانچىلىرى شەكلىدە پارقىراپ تۇراتتى.

— كەلدىڭمۇ ئارزۇ؟

ئۇ مېنى كۆرۈپ قولىدىكى گىتارىنى يەرگە قويۇپ سورىدى. مەن يا ھەئە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى، يا بېشىمنى لىڭشىتىپ ئىپادە بىلدۈرۈشىنىمۇ بىلمەي قالدىم. تولۇن ئاينىڭ سۈت رەڭ نۇرىدا باشقىچە گۈزەللىشىپ كەتكەن ئورمانلىق قوينى ماڭا ئادەتتىكىدىنمۇ سىرلىق كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇ ماڭا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇنىڭ نەپىسى يۈزۈمگە ئىسسىققىنە ئۇرۇلدى. ئىچىمنىڭ قەيەرىدىندۇر پەيدا بولغان خىجىللىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا تىك بېقىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالماي، يەرگە، يەردىكى يۇمشاق چۆپلەرنىڭ ئىچىدە كۆرۈنمەي قالغان پۇتۇمنىڭ ئۇچىغا قارىۋالدىم. كاللامدا بولسا ئۇ يەنە نېمە دەر، قايسى سۆزىگە قانداق جاۋاب بەرسەم بولار؟ دېگەندەك ئىزتىراپلىق ئويلار شامالدىكى بىر پارچە يالتىراق پارچىسىدەك قالايمىقان ئۇچاتتى. مەن ئۇ ماڭا قانداق گەپ قىلسا قانداق جاۋاب بېرىشنى ئويلاپ تۇرغان ۋاقتىمدا، ئۇنىڭ قوللىرى چېكە چاچلىرىمغا تەگدى. شۇ ھامان تېنىم شۈررىدە قىلىپ قالدى. ئۇ ئۇنىڭ قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن سول كۆزۈمگە چۈشۈپ قالغان چېكە چاچلىرىمنى قۇلىقىمنىڭ كەينىگە ئاجايىپ بىر قىزغىنلىق بىلەن تاراپ قويۇۋېدى، ئۇنىڭ بۇ تولىمۇ ئاددىي ھەرىكىتىدىن پۇت-قولۇمدا جان قالمىغاندەك بولۇپ، تاس-تاماس قالدىم يەرگە ئولتۇرۇۋالغىلى ياكى ئۇنىڭ كەڭ كۆكرەكلىك يەلكىنىسىگە كونا تامدەك قىيسىيىپ يۆلىنىۋالغىلى. لېكىن ۋۇجۇد تۈپرىقىمدىكى بار كۈچۈمنى ئىككى پۇتۇمغا يىغىپ، زېھنىمنى ئاشۇ نەچچە سېكۇنتلۇق ئوبىيېكتىپ رېئاللىققا مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ قېتىم ئۆتكەلدىن تولىمۇ تەستە ئۆزۈمنى ئۆتكۈزدۈم. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ يېقىنچىلىقنى ئىپادىلەپ ئۆتكۈزگەن بۇ بىر قېتىملىق سۆيۈملۈك خاتالىقىدىن ھاياجان ۋە خۇشاللىق ھېس قىلدىم. مەن بۇ ساۋاقداشىمنىڭ مېنى ئارزۇ دەپ يېقىملىق چاقىرىشلىرىدىن مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتىم، ئۆزۈمنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىم ياكى

www.uyghurkitap.com

ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى تازا ئېنىق بىلمەيتتىم. پەقەت ئۇنىڭ ماڭا قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشلىرى ۋە كۆزۈمگە ئوتلۇق نەزەردە تىكىلىشلىرىگە بېپەرۋالىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىقلا، ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭ ئۇچۇن قانچىلىك ئېگىزدىكى ئالما ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇرۇش، مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىم ئىدى. لېكىن ئەمدى ئويلىسام ئۇنى كۆرگەندە قەدەملىرىم نېمىشقىدۇر ئىختىيارسىز ھالدا قالايمىقانلىشىدىكەن، ئۇنى كۆرسەممۇ كۆرمەسكە سالىدىكەنمەن، چاچلىرىمنى، كىيىملىرىمنى تۈزەشتۈرىدىكەنمەن. مانا بۇلار ئۇنىڭغا بولغان ئىچكى ھېسسىياتىمنىڭ تاشقى ھەرىكەت شەكلىم ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى ئىكەن. دېمەك، مەندىمۇ ئۇنىڭغا بولغان قىزغىن ھېسسىيات باركەنئۇ، لېكىن مەن ئۆزۈم ھەر ۋاقىت بۇنى ئىنكار قىلىپ كەپتىمەن. ئەپسۇسكى ئۇنىڭغا يوشۇرۇن قارايمەن، ئۇنىڭ ماڭا تېخىمۇ ئامالسىزلىق ئىچىدە تەلمۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق ئۇنى كۆرسەم جىددىيلىشىمەن، ئۇنىڭ تەكلىپلىرىگە يالغان قارشىلىق قىلىپ تۇرۇپ ماقۇللۇق بىلدۈرىمەن، ئۆزۈم خالىغان ھەرىكەتنى ئۆزۈم خالىمىغان بىر قىياپەتتە قوبۇل قىلىمەن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىمنىڭ ھېچقانداق توسقۇنسىز ھالدا ئىپادىلىنىشى ئىكەن. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چېكە چاچلىرىمنى مەندىن رۇخسەتسىزلا تاراپ قويۇشى، مېنى مەيلى قانچىلىك جىددىيلەشتۈرۈشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھەرىكەتنىڭ تولۇن ئاينىڭ سۈت رەڭ نۇرىدا ئۇششاق چېچەكلەپ تۇرغان ئورمانلىق ئىچىدە يەنە بىر قېتىم تەكرارلىنىشىنى ئۈنسىز ئۈمىد قىلىپ قالدىم، ئەمما بۇنى ئاۋاز بوشلۇقۇمدىن چىقىرىشقا قىزلىق غۇرۇرۇم يول قويمايتتى.

— كېلىدىغىنىڭنى بىلەتتىم.

ئۇ خۇددى ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىۋاتقاندەك بىر ھالەتتە شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا يېقىملىق بىر نازلىنىپ باقماقچى بولدۇم. لېكىن بۇ خىيالىممۇ نورمال ھەرىكەتكە ئايلانماي تۇرۇپلا توزۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭغا يېقىملىق بىر ھالەتتە نازلىنىپ بېقىشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن قانداق شەكىلدە نازلىنىپ بېقىشنى دەماللىققا بىلەلمەي قالدىم . ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمدا پەرىدە بولغان بولسا، ئۆزىنىڭ مۇشۇكىنىڭكىدەك يېقىملىق خۇلقلىرى بىلەن ئالدىدا تۇرغان ئادەمنى بىردەمدىلا ئەس-ھوشىدىن ئايرىۋەتكەن بولار ئىدى. چۈنكى ئۇ قانداق يەردە قانداق خۇلق چىقىرىشنى، خۇددى ئۆزى ئولتۇرىدىغان پارتىنىڭ يۈزىدىكى ئىرماش-چىرماش سىزىقچىلارنى بىلگەندەك بىلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئادەتتە گەپ قىلغاندىمۇ خۇلق چىقىرىپ گەپ قىلىشلىرى مېنىڭمۇ ھەۋەسىمنى قوزغاپ قوياتتى. مەن شۇ چاغلاردا خۇلق دېگەننىڭ قىزلارنىڭ بىر خىل سېھىرلىك ئەتىگۈشتەرى ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا ھېس قىلاتتىم. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈم چوڭ بولۇپ مۇشۇ كەمگىچە بىر قېتىممۇ خۇلقلىنىپ باقماپتىمەن. مانا ئەمدى ئالدىمدىكى بۇ ئەر ئالدىدا يېقىملىق خۇلقلىنىپ بېقىشنى ئويلىغان بولسامۇ، لېكىن قانداق خۇلقلىنىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدىم ۋە ناھايىتى تېزلىكتە ئۆزۈمنىڭ بۇ خىيالىدىن ۋاز كەچتىم. شۇڭا ئۇنىڭ سوئالىغا ئۇدۇللا جاۋاب بېرىش بىلەن خۇلاسىلەندىم.

— ئەمما كۆپ تۇرمايمەن، سۆزۈڭنى ئاڭلاپ بولۇپلا كېتىمەن.

— نېمە؟ سەن مېنى بۇ قاراڭغۇ ئورمانلىقتا قونۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلاپ قالمىغانسەن-ھە؟

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتىم. كۈلۈپ كېتىپلا ھېس قىلدىمكى، كېچىدىكى قويۇق ئورمانلىق ئىچىدىكى كۈلكىمۇ يەنە باشقىچە جاراڭلىق ئاڭلىنىدىكەن. ئاڭغىچە ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قارا ئارزۇ، ئاي نېمانچە چىرايلىق-ھە؟

— چۈنكى ئۇ ئايدە!

— سەن ئاشۇ ئايدىنمۇ چىرايلىق ئارزۇ.

— مەنما؟

— ھەئە. سەن ئاي، مەن ئاسمان.

— پاھ... قالتىس ئوخشىتىش بولدى بۇ!

— ھە راست، ھېلىقى شېئىرنى ناخشا قىلىۋالدىم. ئاڭلىغانسەن؟

— ئاڭلىغاندەك قىلدىم.

— خۇش بولدۇڭمۇ؟

— شېئىرىمنى ئوغرىلىۋالغىنىڭغىمۇ؟

— ناخشا قىلىۋالغىنىمغا.

— مېنى بۇ يەرگە مۇشۇ گەپنى دېيىش ئۈچۈن چاقىرمىدىڭ ھەقاچان.

— شۇنداق، ساڭا باشقا بىر گەپنى دېمەكچى ئىدىم.

— ئەمىسە نېمىشقا شۇ گەپنى دېمەي شېئىرنىڭ گېپىنى دەيسەن؟

— سەل جىددىيلەشكەن بولسام كېرەك.

— سەنمۇ جىددىيلىشەمسەن؟

— سەن گۆش، مەن تاشمۇ؟

— ئۇنداققۇ دېمەكچى ئەمەسمەن.

— مەن دېمەكچى... ئەستا نېمە دېسەم بولار؟

— نېمە دېگۈڭ بار ئىدى؟

— ماڭا ياردەم قىلامسەن ئارزۇ؟

— نېمىگە ياردەم قىلىمەن؟ ياكى قاراڭغۇدا گەپنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمامدۇ-نېمە؟

— مەن... بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم !

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىمنىڭ چەكچىيىپ كەتكىنىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ ماڭا بۇنداق پوزىتسىيەدە گەپ قىلىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدىم. خىيالىمچە بولغاندا ئۇ ماڭا مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىشى لازىم ئىدى. مەن بولسام ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ مۇھەببەتكە ئالدىراپ بېرىلمەيدىغان قىز ئىكەنلىكىمنى پەش قىلىپ، ئۇنى كۈز پەسلىدىكى يوپۇرماقتەك سارغايتتىم. بىراق ئۇنىڭ باشقا بىر قىزنى ياقتۇرۇپ قېلىپ مەندىن ياردەم تەلەپ قىلىپ مېنى چاقىرتىشى، ئىچىمنىڭ بىر يەرلىرىنى يىلاندەك چېقىپ ئۆتتى. راستىنى دېسەم ئۇنى مۇشت بىلەن بىرنى قويۇپلا ئوڭدىسىغا چۈشۈرۈۋەتكۈم كېلىپ كەتتى. لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنداق قىلسام بىرى ئۇنىڭ ئالدىدا ئاجىزلىقىمنى ئاشكارىلاپ، ئۆزۈمنىڭ غۇرۇرىنى ئۆزۈم يەر بىلەن يەكسان قىلسام، يەنە بىر تەرەپتىن مېنىڭ بۇ گۈلنىڭ ياپرىقىدەك قولۇم ئۇنىڭغا خۇددى گۈل بىلەن ئۇرغاندەكلا تەسىر بېرىشى ئېنىق ئىدى.

«ئەبلەخ!»

ئۇنى ئىچىمدە شۇنداق تىللىۋەتتىم. ئۇنىڭ مېنى ئارزۇ دەپ چاقىرىشلىرى، كۆزۈمگە مولۇندەك تەلمۈرۈپ قاراشلىرى ھەممىسى مەندىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىكەن ئەمەسمۇ. مەن نېمانچە دۆت-ھە!

كۆزۈمنىڭ چەكسىز بوشلۇقىغا ئىسسىق ياشلارنىڭ لۆمۈلدەپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ مېنىڭ بىر ئەر ئۈچۈن تۇنجى قېتىم ئازابلىنىشىم ئىدى. ئەسلي مەن ئۇنى ئۆزۈم ئۈچۈن ئازابلايمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەپسۇس ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈم ئازابلىنىپ قالدىم. مەن نېمە دەپ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلىنىمەن؟ ئۇ مەن ئازابلانغۇدەك زادى مېنىڭ نېمەم ئىدى؟ ئۇنىڭ مېنى ئارزۇ دەپ چاقىرىشلىرى، كۆزۈمگە تەلمۈرۈپ قاراشلىرىنى خاتا چۈشەن-

www.uyghurkitap.com

نىپ قالغانلىقىم ئۈچۈنلا ئازابلىنىشىم كېرەكمۇ؟

ئىچىمدە نۇرغۇن جاۋابى يوق سوئاللار بوراندا قالغان قۇشلار توپىدەك ئەلەڭلەيتتى. ئۆزۈمنى تولىمۇ قەدىر-قىممەتسىز ھېس قىلدىم ۋە ئۆز-ئۆزۈمگە ئىقرار قىلدىكى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىم. ئۇنىڭ مېنى يېقىملىق چاقىرىشلىرى، كۆزۈمگە تەلمۈرۈپ قاراشلىرى بۇرۇنلا مېنى ئەسىر قىلىۋالغان ئىكەن. بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان خاتا تۇيغۇمدىن پەيدا بولغان ھېسسىيات بولۇپ، ئاشۇ خاتا تۇيغۇم مېنى مۇشۇ ئورمانلىقتا دەپسەندە قىلماقتا ئىدى. تورۇپلا مەن تۇنجى سۆيۈش، تۇنجى مۇھەببەتتە مەغلۇپ بولغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. ئەمما تۇنجى مۇھەببىتىمنىڭ ئۆلۈكىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئېغىز ئاچتىم.

— ئۇنى مەن تونۇمدىم؟

— ئاۋازىڭ تىترەيدىغۇ ئارزۇ؟

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تىترەپ كەتتىم. لېكىن بۇ تىترەشلىرىمنى سۆيۈملۈك قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ كۆرۈش دائىرىسىگە كىرگۈزمىدى.

— سەل توڭلاۋاتىمەن.

— ئۇ قىز مېنى يارىتارمۇ؟

ئۇ مەندىن سورىدى.

— نېمىشقا ياراتمىغۇدەك، سەندەك باشقىلارنىڭ شېئىرىنى ئوغرىلاپ ناخشا قىلىپ ئوقۇيدىغان سەنئەتكارنى ئەلۋەتتە خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ-دە!

— مېنى يەنە مەسخىرە قىلىۋاتىسەن ئارزۇ.

— مېنى ئارزۇگۈل دېگىن.

— كۆنۈپ قاپتىمەن.

— ئۇ قىز كىم؟

سۆھبىتىنىڭ ماڭا ئەكېلىدىغان روھىي بېسىمىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئۇ ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزنىڭ كىملىكى ھەققىدە ئېغىز ئاچتىم. ئەمدى ئۇ ماڭا مەن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر قىزنىڭ ئىسمىنى دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا يالغان ۋەدە بېرىپ قويۇپلا بۇ يەردىن كېتىمەن. ئاندىن ئۇنىڭ مەندىكى بارلىق تەسىرىنى پاكىز تازىلاپ چىقىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئادەتتىكى بىر ساۋاقداش بولۇپلا قالىدۇ.

مەن قىسقىغىنە ئارىلىقتا مۇشۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. خىيالىمنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى تولۇن ئاينىڭ سۈت رەڭ نۇرىدا يېيىلىپ ياتقان قاراڭغۇلۇقتا، كۈندۈزدە ئاڭلىغاندەك شۇنداق ئېنىق ئاڭلىدىم. ئاڭلاپ بولۇپ قۇلىقىمغا زادىلا ئىشىنەلمەي قالدىم. بەدىنىم يەنە قايتا تىترەپ، لەۋلىرىم چۆلدە قالغان ئادەمنىڭ كالپۇكىدەك قۇرۇپ كەتتى. ئۇ خۇددى باشقا بىر قىزنىڭ ئىسمىنى شەرەپ بىلەن تىلغا ئالغاندەك بىر خىل يېقىملىق تەلەپپۇزدا مۇنداق دېگەنىدى.

— ئۇ قىز سەن ئارزۇ!!!...

مەن ئارزۇ. ئۇ مېنى تۇنجى قېتىم ھەم ناھايىتى ئىنچىكە ھالەتتە ئارزۇ دەپ ئاتاپ كەلگۈچى. ئۇ مېنى ئاشۇ يېقىملىق ئاتاشلىرى بىلەن ئۆزىگە رام قىلىۋالغۇچى. ئۇ مېنىڭ تۇيغۇلىرىمنى خاتا مەنىدىكى توغرا گەپلىرى ئارقىلىق قالايمىقان قىلغۇچى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇ بارماقلىرىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ قوللىرىمنى تىترىتىۋەتتى. مېنىڭ ئۆزىگە ساختا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىمنى جانسىزلاشتۇرۇۋەتتى. چۈنكى مەن يېڭىلگەن، ئۇنىڭغا تەسلىم بولغاندىم. ماڭا بولسا خۇددى يەر شارى ئايلىنىشتىن توختاپ قالغاندەك، مېڭەمدىكى ۋاقىت ئۇقۇمى تۈزۈپ كەتكەن بولۇپ، يەرنىڭ تارتىش كۈچى تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كۆچكەن-



دەك ئۇنىڭ مېنى ئۆزىگە بوش تارتىشلىرى بىلەن گوياكى ئېگىزدىن تاشلانغان بىر تال تەڭگىدەك ياكى يامغۇر تامچىسى ئېقىنغا چۈشۈپ ئېقىن سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ ئېقىپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ قاۋۇل، ئىسسىق تېنىگە چاپلىشىپ كەتتىم. دەسلەپتە ئىككى تال ئار-غامچىدەك جانسىز ھالەتتە ساڭگىلاپ تۇرغان ئىككى قولۇم ئۇ مېنىڭ لەۋلىرىمگە سۆيۈشى بىلەن تەڭلا ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ ئىككى قولىنىڭ ئارىسىدىكى قاراڭغۇ بوشلۇقتىن سىغدىلىپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ يېتىم قوۋۇرغىسىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭ مېنى مەھكەم قۇچاقلاپ سۆيۈشى بىلەن تەڭ مەكتەپتىكى مەن مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ، دەريا بويىدىكى مەن ئاپىرىدە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئۇقۇم ئۆزىنىڭ شانلىق ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ، مۇھەببەت تۇيغۇسىنىڭ ھەرقانداق شەكىل ۋە مەزمۇندىكى تۈزۈملەرگە بويسۇنمايدىغان سۇلتان تۇيغۇ ئىكەنلىكىدەك يەنە بىر خىل ئۇقۇم، تەن ۋە روھىمىنىڭ ئالتۇن شېخىدا ۋىچىرلاپ سايراشقا باشلىدى. دەرسلىك كىتابلىرىمىزدا ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئادەم تەربىيەلەش رولى ھەققىدە مۇرەككەپ جۈملىلەر بولىدىغان. ئەگەر ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئادەم تەربىيەلەش رولى راستلا تۇرمۇشىمىزدا يۈز بېرىپ تۇرسا، تەلىم-تەربىيە بىلەن جامائەت ئەخلاقى چەكلەپ تۇرىدىغان ئىككى يات جىنسنىڭ ئۆزئارا سۆيۈشۈش ھەرىكىتىنى، ھەرگىزمۇ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئادەم تەربىيەلەش رولىنىڭ قۇدرىتى دېگىلى بولمايتتى. بەلكى بۇ بىر خاتا تەربىيەلىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، بۇ تەربىيەلەشتىكى خاتالىقمۇ ياكى تەربىيەلىنىشتىكى خاتالىقمۇ؟ راستىنى دېسەم پەقەتلا ھۆكۈم قىلالمايتتىم. لېكىن بىر شەخسنىڭ ئىجابىي تەربىيەگە قارىغاندا سەلبىي تەربىيەگە شەرتلىك رېفلېكس سۈپىتىدە مەپتۇن ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلمايمۇ قالمايتتىم. مانا مەن دەريا بويىدىكى ئۇنىڭ ئاشۇ ئەسەبىي سۆيۈشلىرى ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ خىل قاراشلىرىنىڭ تىرىك گۇۋاھچىسىغا ئايلانماقتا ئىدىم. مەن قىز ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتقان بۇ سۆيۈش، ماڭا شۇ تاپتا مارۇژنى بىلەن شاكىلاتنىڭ تەمىگىمۇ ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە بىر تەمنى ئاتا قىلماقتا ئىدى. گەرچە بۇ تەمگە قورساق تويمىسىمۇ، ئىنسان روھىنىڭ ئاجايىپ بىر روشەنلىككە ۋە شادلىققا تولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ قىزغىن سۆيۈشلىرى ئىچىدە ئېتىراپ قىلدىم.

ئېھ... بۆرۈتى خەت تارتقان دەريا بويى، بالاغەتكە يەتكەن سۈت رەڭ ئاي نۇرى، سىلەرگە قۇت بولغاي!

### مەن ناخشىچى

مېنى ناخشىچى دېيىشىدۇ. بۇنى مەن تېرە

سودىسى قىلىدىغان ئادەمنى تىرىچى دېگەندەكلا بىر گەپمىكىن دەيمەن. ئەمما تىرىچى بىلەن ناخشىچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆپ پەرق بار. چۈنكى تىرە سودىسى سەنئەتكە، تىرىچى سەنئەتكارغا كىرمەيدۇ. ئەمما ناخشا بولسا دەل سەنئەتنىڭ جانلىق بىر تۈرى، مەن بولسام سەنئەتكار، تىرىچى نەچچە يۈزلىگەن تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولغان سەھنىگە چىقىپ تىرە ھەققىدە سۆزلىيەلمەيدۇ. مەن بولسام ناخشام بىلەن گۈلدۈراس ئالقىش ۋە دەستە-دەستە گۈللەرگە ئېرىشىمەن. شۇڭا ماڭا تاماشىبىنلارمۇ، تىرىچى-جۇۋازچىلارمۇ ھۆرمەت بىلەن نەزەر تاشلايدۇ. مەن رەڭدار چىراغ نۇرلىرى بىلەن ئاجايىپ كۆركەملىشىپ كەتكەن سەھنىدە تۇرۇپ ئوغۇللارنىڭ كۆزىدىكى قايىللىقنى، قىزلارنىڭ كۆزىدىكى سېھىرلىك تەبەسسۇمنى كۆرىمەن. لاپ ئۇرۇپ تۇرۇپ دېسەم مەن دېگەن سورۇننىڭ گۈلى. چاينىڭ ئىسسىقى، مەينىڭ ئېسىلى، ھۆرمەتنىڭ نۆۋىتى مېنىڭ. قولۇمدىكى گىتار بىلەن ئاغزىمدىكى ئاۋاز مېنى مۇشۇنداق كاتتا ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلغان. مىخقا شەرەپ بېشىدىن كەلگەندەك، ماڭا شەرەپ بارماقلىرىم بىلەن ئاغزىمدىن كېلىدۇ. چۈنكى گىتار مۇزىكىسىنىڭ يېقىملىقلىقى ھەرقانداق بىر قىز-يىگىتنى ئەسىر قىلماي قالمايدۇ، مانا بۇ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئاجىزلىقى.

مېنىڭ تۇنجى قېتىم گىتار چالغان ۋاقتىم ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىم ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇش نەتىجەم ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ، مېنى سىنىپ مەسئۇلۇم بەك ياقتۇراتتى. ئۇ ئېگىز بوي، يېڭىلا خىزمەتكە چىققان، كېلىشكەن، ئويۇنپەز يىگىت ئىدى. ئۇ مېنى پات-پات ئۆزلىرىنىڭ سورۇنىغا باشلاپ بېرىپ گىتار چالدۇرۇپ ناخشا ئېيتقۇزاتتى ۋە مېنىڭ بۇ خالىسانە خىزمىتىم ئۈچۈن، مېنى سىنىپ قالدۇرماي ئۆرلىتىش بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى. قول قولنى يۇسا، قول يۈزنى يۇيۇپتۇ، دېگەندەك بىز بىر-بىرىمىزدىن شەرتسىز ھالدا پايدىلىناتتۇق. ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ئالدىدا، مەكتىپىمىزگە سەنئەت مەكتىپىنىڭ بىر تۈركۈم خادىملىرى كېلىپ، سەنئەتتە ئالاھىدىلىكى بار ئوقۇغۇچىلارنى ئالدىن قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. مەن سىنىپ مەسئۇلۇمنىڭ ئالايىتەن تونۇشتۇرۇشى بىلەن سىناققا قاتنىشىپ سەنئەت مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ كەتتىم. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىم ھەقىقىي بىر سەنئەت بوشلۇقى ئىچىدە ئاجايىپ بىر قىزغىنلىق ئىچىدە ئۆتتى. مەن بۇ جەرياندا سەنئەت ۋە سەنئەتكارنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە مۇپەسسەل تونۇشقا ئىگە بولدۇم ۋە بەش يىللىق مۇنتىزىم سەنئەت مائارىپى تەربىيەسىدە ھەقىقىي بىر سەنئەتكار، ھەقىقىي بىر گىتارچى بولۇپ يېتىشىپ چىقتىم. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئون يىللىق ھاياتىمنى خۇددى 100 يىللىق ھاياتتەك تولىمۇ تەستە تاماملىغان بولسام، سەنئەت مەكتىپىدىكى بەش يىللىق ھاياتىمنى خۇددى بەش ئايدەكلا تاماملىدىم. بۇ جەرياندا مەندە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئىلگىرى كوچا گىتارچىسى بولغان بولسام، كېيىن سەنئەت گىتارچىسى بولدۇم. ئىلگىرى رەڭگىرويىم يېزا باللىرىغا خاس توپا چىراي بولغان بولسا، كېيىن پۈزۈر شەھەر يىگىتلىرىنىڭ سىياقىغا كىردىم. ئىلگىرى يېرىم چېلەك سۇ بولغان بولسام كېيىن پۈتۈن بىر چېلەك سۇ بولدۇم. دېمەك، مەن بۇ چوڭ شەھەردە تولۇق ئۆزگەرگەنىدىم. بۇ ئۆزگىرىش چىراي شەكلىمگىمۇ بىۋاستە تەسىر قىلغان بولۇپ، ھازىرقى مېنى ھېچكىم ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئاشۇ گىتارچى بالا دېيەلمەيتتى.

مەن سەنئەت مەكتىپىدىكى بەش ئايغا تەڭداش بەش يىلنى ياخشى نەتىجە بىلەن

تاماملاپ، مۇشۇ رەڭدار شەھەردىكى سەنئەت
يۇرتىغا ئېلىپ قېلىندىم. شۇنداق قىلىپ مەن
گىتاردىن ئىبارەت بەش تارلىق پەنەركە ياغاچ-
نىڭ خاسىيىتى بىلەن مۇشۇ چوڭ شەھەرنىڭ
يەنە بىر يېڭى پۇقراسىغا ئايلىنىپ كەتتىم.
كىندىك قېنىم ئاشۇ يىراقتىكى توپا يوللۇق
مەھەللىگە تۆكۈلگەن بولسا، ئەمدىكى ئۆلۈم
سۈيۈم مۇشۇ چوڭ شەھەرگە تۆكۈلۈش ئالدىدا
تۇراتتى. يېقىن ئۆتىدىغان دوستلىرىم مېنى
مۇزىكا بىلەن قىزلارغا بۆلەكچە مېھرى بار
دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە مۇزىكا دېگەن
خۇددى قىزلاردەكلا سېھىرلىك تارتىش كۈچىگە
ئىگە نەرسە، قىزمۇ خۇددى مۇزىكىدەكلا يېقىم-
لىق تۈيغۇغا ئىگە ئوبيېكت. مېنىڭ مۇشۇ با-
يانلىرىمدەك ھەر بىر ئاڭلىغۇچى ئېتىراپ
قىلماي قالمايدۇكى، ھەرقانداق بىر ئۇلۇغ
سەنئەتكارنىڭ ناخشىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ
قىسمى مۇھەببەتكە، يەنى قىزلارغا ئاتالغان
بولىدۇ. مەنمۇ بۇ ھالدىن مۇستەسنا ئەمەس-
مەن. شۇڭا يېڭى بىر مۇزىكا ئىشلىسەم ئەڭ
ئالدى بىلەن ئىزدەيدىغان ناخشا تېكىستىم
مۇقەررەر مۇھەببەت تېمىسىدىكى تېكىستلەر
بولىدۇ. چۈنكى مېنىڭچە بولغاندا مانا مۇشۇن-
داق تەبىئىي ئاپىرىدە بولغان مۇزىكا ياكى
ناخشا تېكىستىلا ساپ سەنئەت دەرىجىسىگە
كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي
بىر سەنئەتكار ئەڭ ئالدى بىلەن چوقۇم سەن-
ئەتنىڭ ساپ سەنئەتلىك خۇسۇسىيىتىگە
ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. مەن بۇ يىل توپتوغرا
33 ياشقا قەدەم قويدۇم. بەلكىم كىندىك قېنىم
تۆكۈلگەن مەھەللەمدە بولغان بولسام، بۇ كەم-
گىچە ھېچ بولمىغاندا ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى
بولۇپ بولغان بولار ئىدىم. چۈنكى بىزنىڭ ئۇ
يەرلەردىكى ئادەملەرنىڭ ۋاقتى خۇددى توپا-
تۇماندەك كۆپكى، بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەتراپى-
دىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئىشلىرىغا تولۇقى
بىلەن كۆڭۈل بۆلەلەيدۇ. شۇڭا مەيلى يىگىت-

لەر ياكى قىزلار بولسۇن 25 يېشىغىچە بىر
ئۆينى بېشىغا كىيمىسە قېرى يىگىت بىلەن
قېرى قىزغا ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا
ئاتا-ئانىلارمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ توي ئىشىغا ئا-
لاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. بىراق بۇ چوڭ شەھەردە
ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدى-
كەن. كوچا ئاپتوبۇسىدا بىر يانچۇقچى بىر يو-
لۇچىنىڭ سومكىسىدىكى پۇلنى ئوغرىلاۋاتسى-
مۇ، باشقىلار بۇ خۇددى نورمال ئىشتەك ياكى
بۇ ئىش چوقۇم شۇنداق بولۇشى لازىمدەك كۆر-
سىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ
بۇنداق كارى بولماسلىق قارىشىدا ھېچقانداق
مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت بولمايدىكەن.
دېمەك، بۇ چوڭ شەھەردە ھەر ئادەم ئۆزىگە
پۇختا بولۇشى، ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ قوشنىسى-
نى ئوغرى تۇتماسلىقى كېرەك ئىكەن. نەچچە
يىلنىڭ ئالدىدا مەن بىلەن بىر قورۇدا ئولتۇرى-
دىغان بىر قىزنىڭ باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلى-
قىنى ئاڭلىدىم. ئۇ چاغدا مېنى تولىمۇ ئەجەب-
لەندۈرگىنى، ئۇ قىز زىيانكەشلىككە ئۇچرا-
ۋاتقاندا بۇ ئىشنى خېلى كۆپ ئادەملەر كۆرگەن-
مىش، لېكىن ھېچكىم ئۇ قىزنى ئۇ بالايىئاپەت-
لىك زىيانكەشلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش
ھەرىكىتىدە بولمىغانمىش. پەقەت زىيانكەش-
لىك قىلغۇچى قانۇن تورىغا چۈشكەندە، ئۇلار
بۇ ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئۆز كۆزى
بىلەن كۆرگەنلىكى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن-
مىش. مانا بۇ ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە مەسئۇل
بولغىنىمىش. ناۋادا بۇنداق زىيانكەشلىك
بىزنىڭ يۇرتلاردا يۈز بېرىپ قالسا، ئاددىيسى
بوۋاي-مومايلاردىن تارتىپ باشلانغۇچ مەكتەپ
بالىلىرىمۇ زىيانكەشلىك قىلغۇچىغا ئەركەك
شىردەك ئېتىلالايدۇ. ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىش-
نىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ، پەقەت يۈز بېرىش
ئالدىدىكى زىيانكەشلىكنىڭ ئالدىنى
ئالالايدۇ. بىزنىڭ كىچىك يۇرتلار بىلەن بۇ
چوڭ شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى مانا مۇشۇنداق

www.uyghurkitap.com

پەرقلەرگە باشتا كۆنەلمىگەن بولساممۇ، كېيىنچە ئاستا-ئاستا سۇغا چۈشكەن بېلىقتەك كۆنۈپ، ماڭىمۇ باشقىلارنىڭ ئىشلىرى ئۇنچە مۇھىم تۇيۇلمايدىغان بولۇپ كەتتى. چۈنكى چوڭ شەھەر دېگەندە ئادەممۇ كۆپ بولغاندىن كېيىن ھەممە ئىشلارغا دىققەت قىلىپ، كۆڭۈل بۆلۈپ بولغىلى بولمايدىكەن. دېمەك، مەۋجۇت مۇھىت ئادەمگە تەسىر قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەي، ئادەمنى تولۇق ئۆزگەرتىپ تاشلىيالايدىكەن. مانا مەن بىلەنمۇ بۇ چوڭ شەھەردە ھېچكىمنىڭ كارى يوق. مېنىڭ ئۆز ۋاقتىمدا توي قىلماسلىقىم بىلەن باشقىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش يوق. پەقەت ئاپام، داداملار خەت يازغاندا ياكى تېلېفونلاشقاندا بۇ ئىش ھەققىدە ئۇنتۇپ قالماي ئېغىز ئاچىدۇ ۋە قولۇم-قوشنىلارنىڭمۇ سۆز-چۆچەك قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنى بىر قېتىممۇ ياددىن چىقىرىپ قويمايدۇ. شۇڭا تۇرۇپ ھەيران قالىمەن. مەن بىلەن بىر بىنادىكى ئۇدۇل قوشنامنىڭمۇ مېنىڭ شەخسىي تۇرمۇشۇم بىلەن كارى يوق-يۇ، مەندىن نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاشۇ كىشىلەر مېنى يەنىلا ئۆزلىرى بىلەن باغلاپ ياشايدۇ، ئۆزلىرى يىللاپ كۆرمەيدىغان بىر ئادەم ھەققىدە پىكىر قىلىشتىن توختاپ قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ گېپىچە بولغاندا، ئوغۇل بالا توي قىلىش ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتسە كېيىن چاتاق چىقارمىش، توي قىلماي ئۆلۈپ كەتسە رەسمىيەت يۈزىسىدىن چالمىغا نىكاھ قىلىپ قويارمىش. ئەگەر مەن ماقۇل دېسەملا، مەندەك بىر تېلېۋىزوردىكى سەنئەت كېچىلىكلىرىدە ناخشا ئېيتىپ چىقالايدىغان يۇرتنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى ئۈچۈن، يۇرتتىكى ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ گەپ ئاڭلايدىغان قىزلارغا ئەلچى بولۇپمۇ بېرەرمىش، بۇ گەپلەردىن ئۇلارنىڭ مېنى لايىق چىقماي ئولتۇرۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن بېشارىتى ئوچۇقلا بىلىنىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ مېنىڭ توي قىلىش ئوبيېكتىمنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمدىكى كېچىكىپ توي قىلىشقا بولغان سوغۇققان پوزىتسىيەمنىڭ نەتىجىسى ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن بىر ئەر بىر خوتۇنلۇقلا بولۇشتەك قانۇنىي تەرتىپ بولغىنى بىلەن، بىر ئەرنىڭ بىرلا مۇھەببەت ئوبيېكتلىق بولۇشىدىن قانۇنىي تەرتىپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مېنىڭ مۇھەببەت ئوبيېكتىگە بولغان قارىشىم تولىمۇ ئابستراكتلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ماڭا توي قىلىش بىلەن مۇھەببەتلىشىش، جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل شەكىلدەكلا تۇيۇلاتتى. ئەمما مەن باسقۇنچى ئەمەس ئىدىم، نۇرغۇن قىزلار مەن بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشنى، مېنىڭ مۇھەببىتىمگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. كۆپ قىزلارنىڭ ماڭا بولغان قارىشىدا، مەن پەقەت بىرىگىلا تەۋە بولۇپ قالسام تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولاتتى. شۇڭا مەندەك بىر مۇھەببەتلىك كۈيلىرى بىلەن دىللارنى لال قىلىدىغان ئەر چوقۇم كۆپكە ئورتاق بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن بۇ مېنىڭ ئەخلاقىمدا مەسىلە بارلىقىغىمۇ سەۋەب بولالمايتتى. چۈنكى مەن كۆپ ھاللاردا ئىگىلەنگۈچى، ھەرگىزمۇ ئىگىلىۋالغۇچى ئەمەس. مېنىڭ قىزلارنى ياخشى كۆرۈش تارىخىم بولسا ئوتتۇرا مەكتەپتە باشلانغانىدى. ئۇ قىز مەن بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان، مەن بىلەن بىر مەھەللىلىك قىز ئىدى. ئۇ قىز ماڭا سىنىپتىكىلا ئەمەس مەكتەپتىكى باشقا قىزلاردىنمۇ يېقىملىق كۆرۈنەتتى. باشقىلار ئۇنى ئارزۇگۈل دەپ چاقىرسا، مەن نېمىشقىدۇر ئۇنى ئارزۇ دەپ چاقىراتتىم. مۇشۇنداق چاقىرسام ئۇنىڭغا بولغان ياخشى كۆرۈش تۇيغۇمنى بېشارەتلىك ئۇسۇلدا ئىپادىلىيەلمەيدىغاندەك تۇيغۇدا بولاتتىم. مەن ئۇ قىزنى راستلا سۆيەتتىم. شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى ھازىر غۇۋا ئەسلىسەم، ئاشۇ قىز بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈپ كېتىشنى

خىيال قىلغىنىمنى ئەسلىيەلەيمەن. ئۇ قىز
مەن تۇنجى قېتىم ياخشى كۆرگەن، مەن تۇنجى
قېتىم سۆيگەن، مەن تۇنجى قېتىم جىنسىي
مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن قىز ئىدى. ئۇ چاغدا
مەن ئۇ قىزغا نۇرغۇن ۋەدە-قەسەملەرنى بەرگە-
نىدىم. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئۇ قىزغا بەرگەن
ۋەدە-قەسەملىرىم قانداقتۇر بىر ئەھدە ئەمەس،
ئاغزىمدىكى گەپلا ئىكەن. چۈنكى مەن سەنئەت
مەكتىپىگە ئوقۇشقا كەلگەندىن كېيىن ئۇ
قىزنىڭ مۇھەببىتىدىن خۇددى ئاشۇ ئاق ھاكتا
ئاقارتىلىپ قويۇلغان كونا سىنىپتىن مېھىر-
سىزلا چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كەتكەنىدىم.
ماڭا ئەڭ گۈزەل تۇيغۇلارنى ئاتا قىلغان ئۇ قىز
كېيىن مېنىڭ ئەسلىمىلىرىم ئىچىدىمۇ غايىب
بولۇپ كەتتى. مېنىڭ بۇ ھالىتىم خۇددى يول
بويىدىكى مەلۇم بىر ئاشپۇزۇلدىن تاماق يەپ
بولۇپ چىقىپ كەتكەندەكلا تولىمۇ ئاددىي
ئىدى. كېيىن بۇ چوڭ شەھەردە نۇرغۇن قىزلار
بىلەن قىزغىن مۇھەببەتلەشتىم. ماڭا مەن يو-
لۇققان بىر قىز يەنە بىر قىزدىن چىرايلىق كۆ-
رۈنەتتى. ھەر قېتىم يېڭى بىر قىز بىلەن مۇ-
ھەببەتلەشكەن ۋاقتىمدا، مۇشۇ قىز بىلەن
ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتۈپ كېتىمەنغۇ، دەپ ئوي-
لايتتىم. لېكىن ئۇ قىزلارغا بولغان مۇھەببەت
ئوتۇم خۇددى قەغەزنىڭ كۆلىدەك بىردەملىكلا
ئىدى. ئۇ ئوت قانچە تېز كۆيۈشىدىن قەتئىينە-
زەر يالقۇنى ئاجىز، كۆلىنىڭ ھەجمى قانچە
چوڭ ۋە شەكلى قانچە قىرلىق بولۇشىدىن قەت-
ئىينەزەر شۇ قەدەر يەڭگىل ئىدى. بولۇپمۇ مەن
چىرايلىق سەھنە، رەڭدار تېلېۋىزور پىروگرام-
مىلىرىدىكى ئالاھىدە شەخس بولۇشقا باشلى-
غان ۋاقتتىن باشلاپ قىزلار بىلەن بولغان مۇ-
ناسىۋەت چەمبىرىكىم شۇنچە كېڭىيىپ
ماڭدى. ئاستا-ئاستا قىزلارمۇ خۇددى قولۇم-
دىكى بەش تارلىق چالغۇ ۋە بوغۇزۇمدىكى تا-
ۋۇشتەك ھەم ئاددىي ھەم سىرلىق، ھەم قەدىر-
لىك ھەم ئېتىبارسىز نەرسىگە ئايلىنىشقا باش-
لىدى. مەن سەھنە ھاياتىمدا قانچە قەدىر-قىم-
مەتكە ئېرىشكەنسىرىم ئەتراپىمدىكى ئادەم-
لەر شۇنچە ئاددىي، ھەتتا بەزىدە شۇ قەدەر ئې-
تىبارسىز تۇيۇلۇشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇلاردا
مېنىڭكىدەك يېقىملىق ئاۋاز، مېنىڭ بارماق-
لىرىمدىكىدەك سېھرىي كۈچ يوق ئىدى. مەن
گوياكى كۆككە كۆتۈرۈلۈۋاتقان رەڭدار شار
ئىدىم، لېكىن مېنى كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرۇۋات-
قان ئاشۇ كۈچنىڭ مېنىڭ تۇيغۇمدىكى ئاشۇ
ئېتىبارسىز كىشىلەر ئىكەنلىكىنى تامامەن
ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم. چۈنكى ھەشەمەتلىك
تۆت تام ئىچىدە چوقۇم مەلۇم ئىنسانلار توپى
بولۇشى لازىم ئىدى، ئۇنداق بولمايدىكەن، تۆت
تامغا ساز چېلىپ، ناخشا ئوقۇپ بېرىشنىڭ
قىلچىمۇ ئەھمىيىتى يوق ئىدى. بىراق مۇشۇن-
داق بىر ئەقەللىي ئۇقۇممۇ مېنىڭ ئېڭىمدىن
غايىب بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ غايىب بولۇشلار
خۇددى مېنىڭ ئاشۇ ئارزۇ ئىسمىلىك قىزنىڭ
مۇھەببىتىدىن غايىب بولۇپ كەتكىنىمدەكلا تو-
لىمۇ ئاددىي ئىدى. بىر قېتىم بىر قىز ماڭا چى-
رايلىق ئېچىلغان بىر دەستە گۈلنى سوۋغا
قىلدى. تۆۋەندە ئولتۇرغانلار قىزغىن ئالقىشلى-
رى بىلەن ماڭا يەنە تەنتەنە ياغدۇرۇشقا باشلى-
دى. ئۇ قىز قولىدىكى گۈلنى ماڭا ھۆرمەت
بىلەن تۇتقان ۋاقتىدا كۆزۈم ئۇنىڭ كۆلۈپ
تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ
قىز كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن تېخىمۇ چى-
رايلىقلىشىپ كەتكەن بولۇپ، كۆزۈمدىكى
ئىشتىياق قۇشلىرىم ئۇ قىزنىڭ كۈلۈپ تۇرغان
كۆزلىرىگە كىرىپ كېتىش ئۈچۈن ئەسەبىيلىك
بىلەن يۇلقۇنۇپ كەتتى. گەرچە ماڭا ھەدىيە قى-
لىنىدىغان گۈللەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش
گۈللەر بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر بۇ قىزنىڭ گۈلى-
نى ماختاپ قويغۇم كېلىپ كىچىك تىللىرىم
لىپىلداپ كەتتى.

— گۈللىرىڭىز باشقىچە چىرايلىقكەن.

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




1

قامىتىڭ ئاسمانغا بوي سوزغان مۇنار قەشقەر قىزى،
شۇ سىما روھىمدا دەل ئالتۇن تۇمار قەشقەر قىزى.
ھېسلىرىم فونتان قەلەمنى قولغا ئالسام شۇ ھامان،
ئەيلىدىم شائىر ئىزىنى ئىختىيار، قەشقەر قىزى.
سەن ئۇچۇن قازدىم تەپەككۇر كانىنى شامۇسەھەر،
بىلمىدىم بارمۇ قۇۋۋەت ھەم ئىقتىدار، قەشقەر قىزى.
غۇنچىسەن سەرخىل زەرەپشان ھەم تۇمەننىڭ بويىدا،
بۇلبۇلۇڭ كۈيلەشكە بەكمۇ ئىنتىزار، قەشقەر قىزى.
ھەر قەدەم قويسام كوچاڭغا جان تەلەپ قىلدى ھىدىڭ،
پەرى تۇغقانمۇ سېنى پاھ، خۇش ئىپار قەشقەر قىزى.
ئەيلىسەڭ نىگاھ، ئەدەپ، شەرم ـ ھايالىق پەردىدىن،
تۆكتى ياش چولپان بولۇپ چېھرىڭگە زار قەشقەر قىزى.
ھەر قېتىم ئاچساڭ يۈزۈڭنى جىلۋىسى تاڭدىن دېرەك،
ياغدى يامغۇردەك تىلەك ھەم ئىپتىخار قەشقەر قىزى.

2

پەرى پەيكەردۇر سىياقىڭ بىغۇبار، قەشقەر قىزى،
ئەي، ساداقەتلىك ۋاپادار، كۆڭلى قار، قەشقەر قىزى.
لەۋلىرىڭدىن رەڭ تالاشتى بوپ خىجىل پەرداز بوياق،
بەشكېرەمنىڭ باغىدا پىشقان ئانار، قەشقەر قىزى.
نە بالالىق سالدى خەنجەر دىلغا ئاھ، ئىشقى ئوتۇڭ،

ئاي گۈزەل، يېگانىمەن ھەر كۈن بىدار، قەشقەر قىزى.
تاج قىلىپ كەيدىم بېشىمغا سەن ئۆزاتقان دوپپىنى،
شۇ بادام دوپپاڭ ماڭا ئامەت سۇنار، قەشقەر قىزى.
يېڭىمەن ھەرقانچە مۈشكۈل توسسىمۇ قىلمايدۇ كار،
بېرىسەن ھەر چاغ تېنىمگە كۈچ-مادار، قەشقەر قىزى.
پەرقى يوقتۇر قىش-زىمىستانىنىڭ تومۇز، يازدىن ماڭا،
كېچە-كۈندۈز سىردىشىمسەن، نەۋ باھار، قەشقەر قىزى.
سەرۋى بوي نازۇك بەدەن تۇرسا دېمە ئاجىز ئۇنى،
سالسا تىل نائەھلىلەرگە تاش يارار، قەشقەر قىزى.
جىسمىدا نەپرەت، مۇھەببەت مەنىسى ئەينەك شۇڭا،
كەتسە جان قىلمايدۇ زىنھار روھنى خار قەشقەر قىزى.
مەنزىلى كۆچكەن نىشانلار ئۇل ۋەتەن ئارزۇسىدۇر،
پەندە ئۆرلەش قەلبىگە ئۆچمەس شوئار قەشقەر قىزى.
ياسىغان گۈلباغلىرىمۇ ئاپتۇ ئەندەز ھۆسنىدىن،
كۈلدى مېھنەت مېۋىسىدىن جەڭگىۋار قەشقەر قىزى.

3

قەدرىنى بىلگەن يىگىتكە، پاك نىگار، قەشقەر قىزى،
ئۆز ئۆيى ئەۋلادقا سادىق غەمگۈزار، قەشقەر قىزى.
ساپ نىيەت ئەقىدە جەمدۇر سۆيگۈ مىزان شەرتىدە،
كەم ئەگەر قايسىبىرى بولمايدۇ يار، قەشقەر قىزى.
بۇ ھايات بىر ناخشىدۇركى ئوخشىماس ۋەزنى بىراق،
ناخشىغا پەرۋازىدىن لەززەت قاتار، قەشقەر قىزى.
شۇ ئۇلۇغ ئۇزۇن سەپەردە يولچى، ھەمراھ ھەممىمىز،
سەپتە بىزگە ھەمنەپەس تەڭ رول ئالار، قەشقەر قىزى.
ئەڭ مۇقەددەس نامغا مەنسۇپ باغرىدىن ئەۋلاد ئۇچۇن،
جان ئانامنىڭ مېھرى چۆككەن نۇر تامار قەشقەر قىزى.
ئەسلىسەم نۇزۇك مومامدەك ئەھلى جەننەت نەسلى ئۇ،
ئول ۋەتەن، ئەل قەلبىدە مەڭگۈ ياشار، قەشقەر قىزى.

(ئاپتور قەشقەر يېڭى يۇلتۇز يەرلىك سودا چەكلىك شىركىتىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئىككى غەزەل

## مىڭ قۇياش تەپتىدە ئوت باغرىمدىكى

بىقارار ئىشقىڭغا يۈز تۈتتۈم قاچان شەيدا بولۇپ،
ئاھ نىتەي، شۇنىڭدىن بۇيان قالدىم ئەجەب سەۋدا بولۇپ.
سۈرىتىڭ كەتمەس كۆزۈمدىن گەر نىگاھ سالسام قايان،
بەرق ئۇرار قەلبىمدە جىسمىڭ بىر يېشىل دۇنيا بولۇپ.
دىل ئارام تاپقاي ئىدى ۋەسلىڭ مۇيەسسەر بولسا ئاھ،
يايرىساق دەرقەمتە بىز رەنا بولۇپ، بەرنا بولۇپ.
كۆرۈنۈپ غىل-پال جىنىمغا تاشلىساڭ مىڭبىر جاپا،
ئاۋۇدى ھەر بىر جاپاغا مىڭ ۋاپا بەرپا بولۇپ.
مىڭ قۇياش تەپتىدە بىر ئوت لەك ئۇرار باغرىم ئارا،
كۆيدۈرۈپ تەننى ئاقار تومۇردا قان ماگما بولۇپ.
بىر تالاي كەچمىشكە سالدىڭ، بەرمىدىڭ سالقىن ئەجەب،
سەكرىسەم كاچكۇلغا، مۇز ئاققاي ئېرىپ دەريا بولۇپ.
ئەھمىدى جىسمىنى مۇنچە قىلغىلى بەررە كاۋاپ،
سەن تۈرەلگەنمۇ نىگار ئالەم ئارا يەكتا بولۇپ؟

## ئىككىمىز

كۆپ ئۇزاق جۇپ تەن بولۇپ ئۆتتۇق كۆيۈمداش ئىككىمىز،
كۆتۈرۈپ كەلدۇق جاپا-مۇشكۇلنى تەڭداش ئىككىمىز.
ئاي سۈپەت رەنا ئىدىڭ، بەرنا ئىدىم قوشقاندا باش،
چېھرى-رۇخساردا ئىدۇق ئانارغا رەڭداش ئىككىمىز.
ھەر مەھەل ئۆي-ھۇجرىمىز بولدى گويا جەننەت مىسال،
تەقلەبان كۈندۈز ھارارەت، تۈندە ئوتقاش ئىككىمىز.
قوش ئىدۇق، جان ئاۋۇدى — ئۆيدە يېتىلدى نەچچە جان،
مۇشكۇلى تەڭ ئاۋۇدى، بەردۇقكى بەرداش ئىككىمىز.
باللار قەد-پەي تۈزۈپ ئۇچتى، ئۇۋا-ئاشيان تۇتۇپ،
پىرقىراپ قالدۇق بۇدەم «چوڭ ئۆي»دە مۇڭداش ئىككىمىز.
تۈز چىنار قەد نەدىدۇر، بەللەر ئېگىلدى، چاچتا قار،
پەسلى كەچ كۈزدە يەنە بولدۇق سەپەرداش ئىككىمىز.
باللار پات-پات كېلىپ كەتتى، چۇرۇقلاپ نەۋرىلەر،

يات-يامان كۆزدىن ئۇلارغا ئەمدى كۈنداش ئىككىمىز.
بۇ ئۇدۇم — جۈپتىن كۆپەيگەن — ئاۋۇغان ئىنسان توپى،
شۈكرىكى، قوشتۇق قاتار-سەپكە زەپەرداش، ئىككىمىز.
ئەمدى جان بەرگىدىن نۇسرەت تىلەر ئەۋلادىغا،
تۆكمىگەيمىز دەپ خىجىللىق ئىلكىدە ياش ئىككىمىز.

(ئاپتور خوتەن شەھىرى مەدەنىيەت يولى 24-قورۇدا)

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

# قار ئىشكىدىن چىقىش

## مەن سۆرگەن كەيپ

ئۇۋلاندىم، قاپقارا تۈندەك كۆزۈڭدە،
يۈرۈيمەن پايانسىز ھىجراندا ساياق.
دېرىزەم سىرتىدىن ئاڭلانغان ئۈندە،
بىر ئاق قۇ پەي تاراپ ئۇچماقتا يىراق.

باشلانغان ئاخشامقى ئەسلىمەم سەندىن،
دۇتارىم تارىدا يەلپۈنەر چېچىڭ.

كېچىچە تۈيغۇمنى پەرلىگەن چوغدىن
قەلبىمگە يېزىلدى بىر پارچە خېتىڭ.

مەن ماڭغان ئۇۋلىنىپ كوچىلار قىستاڭ،
ئەمما مەن چۈشۈمنى قىلمىدىم خىيال.
ئىزىڭدىن بىر چىمدىم تاشلىدىم ئۇتقا،
بەلكىم بۇ مەن سۆرگەن كەيپ ئېھتىمال.

## ئۆزگىنى بىلىش

ئاپپاق قار ياپسىمۇ قۇندۇز چېچىڭنى،
ياشىدىڭ تاغلارنىڭ قەددىدە يېنىپ.
خۇش پۇراق گۈل قىلدىڭ ھەممە يېنىڭنى،
ئۆزۈڭنى سۆيۈشتىن كەتمەستىن قېيىپ.

جېنىڭنى تار قىلىپ چالسىمۇ ھايات،
كەينىڭگە ئاھسىنىپ باقمىدىڭ قىيا.
سۆكۈتلەر نازىدىن ئىزدىمەي سۆبات،
سۆيگۈڭدىن تامچىلاپ ياراتتىڭ دەريا.

كۆزلەردە قامىتىڭ قۇياشقا تەققاس،
پارلىدىڭ ھەقىقىي ئۆزۈڭگە ئوخشاپ.

روھىڭغا تىغ ئۇرسا تىۋىشسىز رەققاس،
يالتىراق ئويلاردىن تاشمىدىڭ قايناپ.

بىر ئىسسىق ئۈن بىلەن يايدىڭ قەلبىڭنى،
گۈللەرنىڭ سېھرىدە سېنىڭ ئاۋازىڭ.
كۆي تاشقان ئېرىقلار يادلار ئېتىڭنى،
ئەسلەردە پورەكلەر ھەردەم سېمايىڭ.

سەن شۇنداق جېنىمدا چېچەكلىگەن كۆي،
تاڭ ئاتماس كېچىلەر سەنسىز ناخشامدا.
بارىمسەن، ئۆمرۈمگە ئېپارسەن خۇشبۇي،
مەن چاتقال ئويلاردىن سولۇپ ياتقاندا.

پەسلىدى سەن بىلەن ئېگىز پەشتاقلار،
قىيالار سەتھىدە كۆردۈم ئۆزۈمنى.
تۈيغۇمدا جىمىرلاپ تۇرغان يىراقلار
بال قىلدى ھىجراندىن ئىچكەن سۈيۈمنى.

مىھىر سەن تاشقىنلاپ ئاققان بىر ئېرىق،
كۆڭلىدە مىلىڭ-مىلىڭ ئىچسەم قانمايمەن ساڭا.
سەن بەرگەن ھېكمەتتىن يوق مەندە يېرىق،
سەن مەڭگۈ پەر-قانات ئاق بوز ئېتىمغا.

## قار ئېشىكىدىن چىقىش

چىقتىم قار ئىشىكىدىن يېشىل ئۈنلەرگە،
كۆزۈمدە تۈن ۋە كۈن تەخلەشكەن سەھەر.
تولدى كۆك ئاسمىنىم ئىللىق كۈنلەرگە،
ھەر چېچەك نازىدىن شاماللار ئەنبەر.

مەجنۇنتال بەرگىدە سۇمبۇل چاچلىق يار
يۈرەككە چوغ تاشلاپ ئوينايدۇ ئۇسسۇل.
ئاساۋ ئات كىشنەشتە قېنىدىن تاشار،
پەرۋازدا مەشرەپكە چاڭقىغان ئوغۇل.

ھېكمەتلەر كەڭ ئېتەك يايدى باھاردىن،
تەرلىگەن يەردىن كۆك ھىدى پۇرايدۇ.
دوپپىلىق قۇياشقا تولغان سەھەردىن
تاشقىنلاپ تاشقان كۆي جاننى سىلايدۇ.

ئاقىدۇ ئەگىزدە ساپ ئۇيغۇر تىلى،
توپا رەڭ ھېسلارغا مەنىلەر باشلاپ.

ياشاردى كۆكلۈلىنىڭ زەيلىگەن يېرى،
سوۋۇغان قانلارمۇ كەتتى غۇنچىلاپ.

نورۇز دەپ ئۇپۇققا بوي سوزغان يوللار،
تولدى لىق باھاردىن خۇشبۇي پۇراققا.
نورۇزغا چۈللەردەك چاڭقىغان قىرلار،
باغ-باغلاپ، چىرمىشىپ كەتتى قىياققا.

يۈيۈندى قىشچە چاڭ باسقان روھلار،
نەغمىچى قۇشلاردىن تامغان مېھرىدە.
تون كىيدى كۆكلەمدىن ئات باغرى قۇملار،
تاتلىق بىر كۈلۈش بار ھەر جان سېھرىدە.

چىقتىم قار ئىشىكىدىن يېشىل ئۈنلەرگە،
كۆزۈمدە تۈن ۋە كۈن تەخلەشكەن سەھەر.
جېنىمدىن تار ئەشتىم ئەتىسىز كۈنلەرگە،
پۈتمەس كۆي مەن تاڭلا نورۇزغا قەدەر...

## مۇھەببەتنى بىلىش

چاڭقىشىم قانمىغان بال دەرياسى سەن،
ھەر تىنىق ناخشامدا ئۈنىسىز ئېقىشىڭ.
چاڭلارنىڭ رەڭگىدە قالسام نىشانسىز،
كۆكلەردە ئۇچۇرار كۆزنى چېقىشىڭ.

مۇھەببەت نۇرلانغان خىيالدىن باقسام،
گۈللەردىن لېۋىمگە سۇنىسەن قايماق.
بېھىشكە تەخداش سەن، قىلسام سەيلى سەن،
غۇلىچىم سەن تامان، سەن جەۋھەر قىرغاق.

سەن تېخى مەن يېزىپ باقمىغان شېئىر،
تاشلىنىپ گۈلخانغا كۆيسەممۇ يال-يال.
سەن تېخى مەن ئېزىپ قايتمىغان چىغىر،
ئۇن توققۇز يېشىمدىن ۋەسلىڭگە قامال.

سەن سېھىر گۈللەردە ئويغاتقان ھەۋەس،
گۈللەر خۇش بېقىشنى باشلىغان سەندىن.
نە بولسۇن بۇلبۇلدا ھىجراننى سۆيۈش،
بولمىسا كەيپ، سەن تىككەن چىمەندىن.

سەن مېھىر ئېرىقى تاشقىنلاپ تاشقان،
بارخانلار ئاھىغا بەردىڭ يېشىل ئۈن.
سەن نۇرسىز چۈشلەرنى ئويغاتقان ئاق پەي،
پەرۋازىڭ يەتكەن ساي تاڭلاردىن گۈلگۈن.

سەن شۇنداق ئېتىمدىن سۆيگۈمگە تار سەن،
قىزىلگۈل بەرگىدەك قات-قېتىڭ ھېكمەت.
يۈرسەممۇ ئەرىشتە تىلىمدا بار سەن،
مۇشۇنداق ئوخشايدۇ بەلكىم مۇھەببەت...

(ئاپتور خوتەن ۋىلايەتلىك ئېلېكتىرىيە ئىستانسىسىدا)

ئوسمان تۇرسۇننىياز تۇغلان

# يەتتىم جانانغا، جاندىن كەچمىدىم

## ياپراق

باھار ساڭا ئاچقاندا قۇچاق،
شوخلۇق قىلىپ سۆيەرمۇ شامال؟
لەۋلىرىڭدە ئىللىق تەبەسسۇم،
چۈشلىرىڭدە سۇرەمسەن خىيال؟

ئاي تەبەسسۇم قىلسا ناۋادا،
ھاياجاندا تۆكەرسەنمۇ ياش؟
نۇر ئىلكىدە كەتسەڭ ئۇيقۇغا،
باش قويارمۇ ئۇستۇڭگە قۇياش؟

## دېرىزەمنى ئاچسام ناۋادا

دېرىزەمنى ئاچسام ناۋادا،
ماڭا قاراپ تۇرارمۇ تالا؟
ئېيپ كېتەرمۇ قۇشلار پەرۋازى
خىيالىمنى يىراق-يىراققا؟

دېرىزەمنى ئاچسام ناۋادا،
كېلەرمۇ ئاھ گۈللەرنىڭ ھىدى؟
غېرىبسىنىپ تۇرغان دەرەخلەر
كۆرەرمۇ ئاھ پەرىشان مېنى؟

دېرىزەمنى ئاچسام ناۋادا،
كۆرۈنەرمۇ قۇياشسىز ئاسمان؟
ياكى سىم-سىم يامغۇر ئاۋازى
كىرەرمىكىن ئۆيۈمگە پىنھان؟

## كۆز ياشلىرىڭ يۇتارمۇ مېنى

سۇرۇۋېرەر شېرىن خىيالنى
يالغۇزلۇقتا ئۆلمىگەن كۆڭۈل.
ناتونۇش قىز رەنجىمە مەندىن،
توزۇپ كەتتى قولۇمدىكى گۈل.

تىنىقىڭ ئوت، تېنىڭ گۈلىستان،
گۈللىرىڭنى ھىدلامدۇ شامال؟
يىقىلارسەن باغرىمغا بىھوش،
چۈشلىرىمگە كىرسەم ئېھتىمال.

كۆز ياشلىرىڭ يۇتارمۇ مېنى،
باسساڭ ئەگەر باغرىڭغا قات-قات.
مەن ئەركىمنى ساڭا تاپشۇردۇم،
سەن ئەمەسمۇ سۆيۈملۈك جاللات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## يەتتىم جانانغا جاندىن كەچمىدىم

كۆڭلۈم ئېچىلدى گۈلدەك يىرتىلىپ،
يەتتىم جانانغا جاندىن كەچمىدىم.
ۋىسال جامىغا لىقلانغان شاراب،
ئىچسەم قانغۇچە بولمىغاي يېرىم.

ئويناپ چېچىمنى مۇساپىر شامال،
سۇرەر ئېھتىمال يارىمدەك لەززەت.
كۈتكىن مېنى يار ئۆلۈپ كەتكۈچە،
قىلدىم ئاخىر تېنىمگە ھىجرەت.

## مەڭگۈلۈك باھار

كۆڭلۈمنى كۆڭلۈم قىلسا قارارگاھ،
بولماي نەچارە ئاشىق بىقارار.
جېنىم تېنىمدە ئۇسسۇل ئوينايدۇ،
كۈتمەكتە مېنى مەڭگۈلۈك باھار.

گۈلدەك ئېچىلغىن، بولمىغىن خازان،
گۈلزارلىقىڭنىڭ مەنلا بۇلبۇلى.
مەست بولسام ساڭا، ئۇسسايمەن چۆلدەك،
سۇنغىن لېۋىڭدە ۋىسال شارابى.

## ئېچىلىپتۇ گۈلدەك يۇلتۇزلار

ئېچىلىپتۇ گۈلدەك يۇلتۇزلار،
تاڭ ئاتقۇچە چاچار خۇش پۇراق.
ئاشىقنى كۈتكەندەك گويا،
كۆرۈندۇ ئايمۇ بەك ئۇماق.

مېھرى ئىسسىق ئەجەب تالانىڭ،
چىڭ قۇچاقلا مېنى شوخ شامال.
ئېيتىپ بەرمە سىرىمنى ھەرگىز،
يارىم مېنى قىلمىسا خىيال.

(ئاپتور گۇما ناھىيە سانجۇ يېزا چاسكام كەنت 107 ـ قورو)

(بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مۇھەررىرى ھەزرەتئەلى ئەخەت)



**پەرھات كازىمى**

# يانتاقلىق دالا

(ھېكايە)

### شەھەردىن مېھمان كەلدى

يانتاق تىپىك چۆل ئۆسۈملۈكى، ئۇ يەر تاللىمايدۇ. مۇنبەت تۇپراقتىمۇ، غىلتاك سىغىزلىقتىمۇ، شورلۇقتىمۇ، قۇملۇق جاڭگالدىمۇ ياشاۋېرىدۇ. ئادەتتە يانتاقنى كىشىلەر باغلىرىدا، ئېتىزلىرىدا ئۈنۈپ قالسا چېپىۋېتىدۇ. بولسا ئۇنىڭ يىلتىزىنى تېگىگىچە كولاپ بېغىدىن، ئېتىزىدىن تامام يوقىتىۋەتكۈسى بار. يانتاق كۆپىنچە دېھقانلار ياخشى كۆرمەيدىغان ئۆسۈملۈك، ئەمما چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا قېزىلغان بۇ كارىز ئەتراپىدا بولۇق ئۆسكەن يانتاقلىق بولغاچقا، «يانتاق كارىز» دەپ ئاتالغان.

كارىزنىڭ ئۇزۇنىغا سوزۇلغان قۇدۇقلىرى ئارىسىدا ئالتە-يەتتە ياشلار چامىسىدىكى بەش بالا قولللىرىغا بىردىن چىۋىق كۆتۈرۈشۈپ، يانتاقلار ئارىسىدا ئويناۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىككىسىنىڭ ئېغى ئوچۇق ئىشتىنىدىن بەش كۈنلۈك ئايچىلىك، يۇمران ساغرىسى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئىككى بالا ئاسما مايكا كىيگەن بولۇپ، ئىشتان كىيمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن پاچاقلىرىدىكى كۆكيانتاقنىڭ تىكەنلىرى جىجىۋەتكەن يەرلەر ئاقۇچ سىزىق بولۇپ قالغانىدى، يەنە بىرى قالغانلىرىدىن سەل چوڭ ئىدى.

— بۈگۈن قوڭغۇزنى كۆپ تېرەلمەيدىغان بولدۇق.

uyghurkitap.com

— كەسلەنچۈك ئۆرۈپ ئويناپلى.

— ئۇمۇ جان تورسا، ئىچىلىك ئاغرىمامدۇ؟

— ئالىم، تۈنۈگۈنكى قۇيرۇقى ئۇزۇلۇپ كەتكەن كەسلەنچۈك ئۆيىگە بارغان بولسا ئانىسى تازا ئۇرغاندۇ ـ ھە؟

— نېمىشقا ئۇرىدۇ؟

— ئۆتكەندە ئاپام ھېيتلىق ئېلىپ بەرگەن ئىشتىنىم جۇجەمگە چىقىپ يىرتىلىپ كەتكەندە مېنى ئۇرغانىدى. كەسلەنچۈك قۇيرۇقى يوق ئۆيىگە كىرسە ئانىسى خاپا بولىدۇ ـ دە.

— قاراغلار، يىلان ئىزى!

— يىلاننى مۇشۇ تايىقىم بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرىمەن.

— يىلاننىڭ قېنىنى چاچرىتىۋالما، بولمىسا ئاق كېسەل بولۇپ قالىسەن.

— مۇشۇ تايىقىمنى بىر ئاتسام بېلىنى ئۈزۈۋېتىمەن.

— ھېلى قاچارسەنمىكىن؟

— ھېلىم قارا، پوتتۇڭدا يىلان بار ئىكەن!

— ئاپا!

— ھەي ئالدامچى.

— مەن تەرگەن قوغۇز ئون بولدى.

— مېنىڭ سەككىز بولدى.

— يۈرۈڭلار، ئەمدى چۈجىلىرىمىزگە بەرسەك...

شۇ ئەسنادا كارىز تەرەپكە ئىككى ماشىنا توپا توزۇتۇپ كىرىپ كەلدى.

— كىمنىڭكىگە كەلگەن ماشىنىدۇ؟

— بىزنىڭكىگە!

— بىزنىڭكىگە!

ئۇلار قوللىرىدىكى چېۋىقلارنى مىنىشتىدە، ماشىنا كەتكەن تەرەپكە چېپىشتى. پوتىغا تىكەن كىرگەنلىرى تىكەننى ئېلىۋېتىپ، دوستلىرىدىن قېلىشماي «ئېتى»نى چاپتۇراتتى. قويۇق ئۆسكەن كۆكيانتاقلارنىڭ بەزىلىرى ئۇلارنىڭ مەيدىسىگە كېلەتتى، تېخى قاتمىغان تىكەنلەر ئۇلارنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن بىلەكلىرىنى، ئىنچىكە پاچاقلىرىنى جىججىپ تۇرسىمۇ ماشىنىغا قىزىقىشىدىن ئاغرىشلارغا پەرۋا قىلمىشماي يۈگۈرۈشەتتى. ئۇلار كارىز ئېرىقى بويىغا كېلىپ سۇ ئىچكەچ دېمىنى ئېلىشتى.

— دېمىدىڭمۇ، بىزنىڭ ئىشكىنىڭ ئالدىدا تورمامدۇ ئەنە؟

— راست، ئالىملارنىڭ ئىشكىنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ.

— ئېسىل ماشىنا ئىكەن.

— ئالىم، ئاتاڭغا دېسەڭ، بىزنى شوپۇر ماشىنىغا سېلىپ كارىزنى بىر ئايلاندۇرۇپ قويسۇن جۇمۇ!

— بولىدۇ، مەن ئالدىدا ئولتۇرىمەن.

## زىددىيەت

بۇ يۇرتتا كارىز ھاياتلىقنىڭ جان تومۇرى. بۇ ھارارەتلىك، مېھرى ئىسسىق زېمىننى مۇشۇ كارىزلارلا كۆكلىتىپ، ئەۋلادنى ئەۋلادقا، ئەسىرلەرنى ئەسىرلەرگە ئۇلاپ كەلگەن. يانتاق كارىزنى ئالاھازەل بۇنىڭدىن 200 يىللار ئىلگىرى مۇشۇ كارىزنىڭ ئاقساقلى تۆمۈر يادتاقنىڭ 7 ـ ئەجدادى قازغان. يانتاق كارىزدا ھازىر ئولتۇرۇشلۇق 20 ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئۈچ ئائىلىلىكتىن باشقىسى بىر جەمەتتىن. بۇ ئۈچ ئائىلىلىكمۇ ھازىر قۇدىلىشىپ تۇغقان بولۇپ ئۆزلىشىپ كېتىشكەن. بۇ كارىزلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەقىمى «يانتاق». شۇڭا تۆت ئەتراپتىكى كارىزلىقلار ئۇلارنى «يانتاقلار» دەپ ئاتىشىدۇ، يانتاق كارىزنىڭ ئۈچ كىلومېتىر نېرىسىدا ھەسەنھاجى كارىزى بىلەن تۆلكە كارىز بار.

يانتاق كارىزدا تۇرمۇش رىتىمى ئۆز ئىزىدا. چۈنكى بۇ كارىزغا توك تارتىلغىنى بىلەن تېلېۋىزىيە سىگنالى تولۇق بارمايدۇ. كارىزدىكى باللار 12 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە، 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيدۇ. يانتاق كارىزدىكى يانتاقلار ئىلىم

سۆيەر خەقلەر. ھەر ئېغىر يىللاردىمۇ بالىلىرىنى ئوقۇتقان، ساۋاتسىز ئادەم يوق. تۆمۈر يانتاقنىڭ 5-ئوغلىنىڭ بالىسى ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپلا ئۈرۈمچىدە قېلىپ ئۆيلەندى. تويىنى ئۈرۈمچىدە ھەشەمەتلىك رېستوراندا قىلىپ بېرىپ، يۇرتتا چوڭ توي قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۈرۈمچىدىن قۇدىلار، قىزنىڭ دوستلىرى قوشۇلۇپ ئونلا ئادەم كېلىپ، ئۈچىنچى كۈنى كېتىشتى. بايا كەلگەن ماشىنىدىكىلەر ئاشۇ قىزنىڭ يېزنىسى، قېيىنئاكىسى ۋە ئۇلارنىڭ بالىچاقىلىرى ئىدى.

ئەنە، كىچىك ئاتىسى باشلاپ كەلگەن ئۈچ بالا بىلەن چىقىشىپ كەتكەن ئالىم ئۇلارنى دوستلىرىغا تونۇشتۇرۇپ، بىللە ئويناپ شادلانماقتا. شەھەرپەرەس ئىككى ئايالنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يەردىكى ئادەملەر ئاساسەن ئاپتاپلىق يوللاردا يالاڭ ئاياغ ماڭاتتى.

چوڭلار بالىلارنىڭ توپىغا مىلىنىپ ئويناشلىرىنى توسۇپ بولالمىدى.

— مەيلى، توپىمۇ دورا! — دېدى تۆمۈر بوۋاي ساقىلىنى سىيپاپ.

— شۇ ئەمەسمۇ، كېيىمى مەينەت بولۇپ كەتسە نېمە بولاتتى.

— ياۋروپاغا بارغانلاردىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ يەرلەردە بۇنداق ئاپتاپ چىقىدىغان بولسا ئائىلە بويىچە كوچا دېمەي يېتىۋالغۇدەك.

يانتاق كارىزلىق بالىلارنىڭ قىزىق-قىزىق ئويۇنلىرىغا ھەيران قالغان شەھەرلىك بالىلار ئۇلاردىن ئويۇن ئويناشنى ئۆگىنىۋېلىشاتتى، بولۇپمۇ كارىزلىق بالىلارنىڭ كارىز كۆلىنىڭ تېيىز جايلىرىدا سۇغا چۆمۈلۈپ، قىزىق قۇمدا يېتىپ راھەتلىنىشى ئۇلارنى يايرىتىۋەتتى. ئەنە شۇنداق سۇغا چۆمۈلۈپ ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىۋېتىپ ئادىل:

— مەن سىلەرگە چۆچەك ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى.

— بولىدۇ، «خېمىر باتۇر»نى ئېيت!

— «چىنتۆمۈر باتۇر»نى ئېيت!

شەھەرلىك بالىلاردىن كامىران بىلەن ئىمران پەقەتلا قىزىقمىدى. مەشئەل ئىسىملىك بالا سەل خاپىمۇ بولدى.

— «ئاۋتومەن (شۇ ناملىق بالىلار كارتون فىلىمى ۋە ئۇنىڭدىكى پېرسوناژنىڭ ئىسمى) نىڭ دېيىنى ئالغاچ كەلگەن ئىدىم. شۇنى كۆرەيلى.

— سىلەرنىڭ VCD يىڭلار بارمۇ؟

— نېمە قىلىدىغان نەرسە ئۇ؟

— مۇنداق «ئاۋتومەن»نى قويىدىغان نەرسە.

— مەن بىلىدىم. سىنقويغۇ!

— ياق، مۇنداق، نۇر دىسكىنى قويىدىغان نەرسە...

— قاراڭلار، بىز ياسىغان ئۇردا.

— يۈرۈڭلار، ھەربىي-دۈشمەن ئوينايلى.

— مەن چىنتۆمۈر باتۇر بولىمەن.

— مەن خېمىر باتۇر بولىمەن.

— مەن سەيۋىن ئاۋتومەن.

ئۇلار يوغان قارىياغاچ دەرىخى ئاستىدىكى ئېرىق بويىدا ئويۇننى باشلىۋەتتى.

— ئاۋتومەن دېگەن قالتىس. مەن سىلەرنى يوقىتىمەن، يات.

— چىنتۆمۈر باتۇر سېنىڭ ئاۋتومىنىڭنى مىسران قىلىچىدا چېپىۋېتىدۇ.

— سەيۋىن ئاۋتومەنىنىڭ قولىدىن نۇر چىقىدۇ.

— چىنتۆمۈر باتۇر نەچچە مىڭ دۈشمەندىن قورقمايدۇ. ئۇلارنى مىسران قىلىچىدا چېپىۋېتىدۇ.

— ئاۋتومەن يامان!

— چىنتۆمۈر باتۇر يامان!

— كېلە ئەمىسە، ئىككىمىز سوقۇشۇپ باقايلى!

— كېلە، ئاۋتومەن دېگەن كاساپەت، مىسران قىلىچىمدا توغرىۋېتىمەن.

— مەنمۇ سېنى قولۇمدىن نۇر چىقىرىپ ئېتىۋېتىمەن.

— كېلە!

— كېلە!

www.uyghurkitap.com

— سەن مېھمانىنى ئۇردۇڭ، سەن ئەدەپسىز ئىكەنسەن.

— ئاۋتومەن دېگىنىڭلار كامىراندەك يىغ-لامدۇ؟

...

كىم باتۇر

ئالىم شەھەرلىك ۋە كارىزلىق دوستلىرىنى باشلاپ ئۆيگە كىردى ۋە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى:

— ئاتا، چىنتۆمۈر باتۇر ھېچكىمدىن قورقمايدۇ - ھە؟!

— شۇنداق.

— ھە، كامىران، قانداق ئىكەن؟

كامىرانمۇ بوش كەلمىدى. ئۇمۇ دادىسى-نىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— دادا، ئاۋتومەن تاغدەك غەلىتە مەخلۇق-لارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ - ھە؟!

— نېمىنى تالىشىۋاتىسىلەر؟

— ئاۋۇلار ھەممىدىن چىنتۆمۈر باتۇر يامان دەيدۇ.

— شۇنداق، چىنتۆمۈر باتۇرمۇ يامان.

— ئۇنداقتا ئاۋتومەنچۇ؟

— ئۇمۇ قالتىس.

— ياق، بىرنى تاللا.

...

— مانا، ئاۋتومەننىڭ پلاستىنكىسى، قويۇپ بېرىڭلارچۇ؟

— بۇ يەردە VCD بولمىسا.

— بازاردىن ئېلىپ كېلىڭلار.

كامىران خەقشلىق قىلغىلى تۇردى. ئۇنىڭ تەتۈرلۈكىنى بىلىدىغان دادىسى، ئالىم-نىڭ دادىسىدىن يېزا بازىرىدا VCD ساتىدىغان دۇكان بار-يوقلۇقىنى سورىدى.

— سىنقويغۇ ساتىدىغان دۇكانغۇ بار. VCD قانداق ئىكىن.

ئالىمنىڭ ئاپىسى ئاشخانىدىن چىقىپ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن:

— بىزنىڭ نەجمىدىنلەرنىڭ بار. شۇنى ئېلىپ كېلىپ تۇرسىلا، نەچچە كۈن ئىشلىتە-ۋالىدىغانغا، سېتىۋېلىپمۇ ئىشمۇ؟ — دېدى.

كامىراننىڭ دادىسى ماشىنىغا چىقىشقا باللار دۈررىدە ئەگەشتى.

— بىزمۇ بارىمىز!

— ھەممىڭلار چۈشسەڭلار پاتمايسىلەر.

— قىستىلىشىپ ئولتۇرساق بولىدۇ. بىز بۇنداق پىكاپقا چۈشۈپ باقمىغان.

— ئۇنداق بولسا قېنى چىقىڭلار.

— ھوي... پىكاپقا چىقىدىغان بولدۇق.

— باللارنىڭ رايىغا قويۇپ بەرمىسىڭىز بولاتتى.

— بۇ يەردە قاتناش ساقچىسى بولمىغاندى-كىن...

— ئالىم، مەنمۇ سەن بىلەن ئالدىدا ئولتۇ-رايچۇ؟

— قېنى يېنىمغا كەل، خېمىر باتۇر!

...

ماشىنا ئىككى قاسىنقىدا كۆكيانتاقلار بولۇق ئۆسكەن تار يولدا توپا توزۇتۇپ توغراق كارىزغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. يىراقلار-دا ئالۋۇن گاھى سۈزۈك دەريا بولسا، گاھى دە-رەخلىك بولاتتى. ئالىم كامىرانلارغا بۇنى سۆزلەپ بېرىۋېدى، ئاتىسى كۈلۈپ كەتتى. ئۇلار توغراق كارىزدىن VCD نى ئېلىپ يانغاندا جاڭگال تەرەپتىن ئاجايىپ چوڭ قۇيۇنتاز ئاس-ماننىڭ تۈۋرۈكىدەك بۇياققا سۈرۈلمەكتە ئىدى.

— قاراڭلار، ئالۋاستى كۆچۈۋاتىدۇ.

— سەن قانداق بىلىسەن؟

— مومام شۇنداق دېگەن.

ئىككى دادا باللارنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلىشقاچ ئۇلارنى گەپكە تۇتۇپ يولنى داۋام قىلدى.

— قۇيۇنتاز يېڭنىدىن قورقىدۇ.

— نېمىشقا؟

— ئۇ يېقىن كەلگەندە، يېڭنەم بار سانجى-

مەن، مىلتىقىم بار ئاتىمەن، دېسەڭلار قېچىپ كېتىدۇ.

بالىلار ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن قويۇق-تازغا قاراپ ۋارقىراشتى:

— يېڭىنىم بار سانجىمەن، مىلتىقىم بار ئاتىمەن!

— ئەنە قاراڭلار، بىزدىن قورقۇپ ئاۋۇ چۆل تەرەپكە كەتتى.

— ئالۋاستىنىڭ ئۆيى چۆلدە ئوخشىمامدۇ؟

— ئاۋتومەننىڭ كىنوسىدىكى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئۆيىمۇ تاغنىڭ كەينىدە... ئۇلار دېگەن نەچچە قەۋەت بىنادەك بار. ئاۋتومەن شۇلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرەلەيدۇ.

— ئەمىسە ئاۋتومەن دېۋىمۇ نېمە؟

— دېۋە دېگەن قانداق بولىدۇ؟

— سەن دېگەن ئاۋتومەندەك بولىدۇ.

...

ماشىنا بىردەمدە يانتاق كارىزغا كېلىپ قالدى. كامىران ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئىسپاتلاشقا ئالدىرايتتى. ئالىملار بولسا شەھەرلىك بالىنىڭ دەۋاتقىنى قانداق باتۇردۇ؟ دەپ ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي تۇرۇشاتتى. كامىران بىلەن ئىمران ئالىملارغا قاراپ:

— مانا كۆرۈڭلار، ئاۋۇ دېگەن جىنكى ئاۋتومەن، ماۋۇسى سەيۋېن ئاۋتومەن، ماۋۇسى... دەپ چۈشەندۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى.

— ئۇلار ھەيكەلدەكلا ئادەملەركەنغۇ؟

— ئاۋۇنىڭ بېشىدا مۈڭگۈز بار ئىكەنغۇ؟ ئۆچكىمۇ نېمە ئۇ؟

— ھەي، ئۇ دېگەن...

— قېني ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقى؟

— سەل تۇرۇپ تۇرمامسەن؟

— VCD نى تېزلىتىپ قويايلى ئەمىسە.

— مانا، غەلىتە مەخلۇق دېگەن... قاراڭلار ئۇنىڭ چوڭلۇقىغا، بىناغا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەڭلارلا بولىدۇ. ئاۋتومەن شۇ غەلىتە مەخلۇقنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ... قاراڭلار، بىنالارنى دەسسەپ مېڭىۋاتامدۇ ئەنە.

— چىنتۆمۈر باتۇر چۆچەكىدىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇزمۇ نېمە ئۇ؟

— يالماۋۇز ئەمەس، غەلىتە مەخلۇق.

— ئاۋتومەننىڭ ئورنىدا چىنتۆمۈر باتۇر بولغان بولسا، مىسران قىلىچى بىلەن بىردەمدە يوقىتىۋېتەتتى.

— يەنە چىنتۆمۈرنىڭ گېپىنى قىلىسەنغۇ؟

— چىنتۆمۈر باتۇر دېگەن يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى قورقۇتقان...

— كاپ- كاپ كۈچۈكى ئاۋۇنىڭ پاچىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالىدۇ...

— كۈچۈك دېگەن غەلىتە مەخلۇقنىڭ يېنىدا نېمىتى.

— تالاشماڭلار، ئاۋتومەنمۇ ئەسكىلەرنى يوقىتىدىكەنغۇ؟ سىلەرمۇ ھە دېسە «ئاۋتومەن، ئاۋتومەن»لا دەيدىكەنسىلەر، چىنتۆمۈر باتۇر دېگەن قەدىمكى زاماندىكى تەڭداشسىز باتۇر. ئاۋتومەن دېگەن...

— ئاۋتومەن يېڭى دەۋرنىڭ چىنتۆمۈر باتۇرىمۇ؟

— چۆچەك دېگەن «بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا...» دەپ باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇن ئايروپىلان بولمىغان...

— ھازىرمۇ ئۇنداق ئايروپىلانلار يوقتۇ ھە قاچان. ئاسماندا ئۇچقان ئايروپىلانلار شۇنچە چوڭمۇ؟

خېلىدىن بېرى بالىلارنىڭ گەپلىرىگە قىزىقسىنىپ تۇرغان كامىراننىڭ دادىسى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— بۇ دېگەن تەسەۋۋۇر، خىيالىي ھېكايە... ئىلمىي فانتازىيە... سىلەرگە قانداق چۈشەندۈرسەم بولار...

كارىزلىق بالىلارنىڭ كىچىكلىرى غەلىتە مەخلۇقلاردىن قورقۇشۇپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىشتى. بىر - ئىككىسى چىقىپ كېتىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆي ئىچىدە ئادەم كۆپ بولغاچقا باللار تەرلەپ
كېتىشتى. بىر قىسىم «ئاۋتومەن»نى كۆرۈپ
بولۇشقان باللار بىر پارچىدىن ناننى ئېلە-
شىپ كۆل تەرەپكە چۆپقىلىرىنى مىنىشىپ كې-
تىشتى. باللارنىڭ ئەركىن ئويناپ يۈرگەنلە-
كىدىن سۆيۈنگەن شەھەرلىك ئاتا-ئانىلار
ئۇلارنىڭ يەنە ئىككى كۈن مۇشۇنداق خۇشال-
خۇرام ئوينىشىنى كۈتەتتى.

— سۇدا تۇتۇشماق ئوينايلىمۇ؟

— ئويىنساق ئوينايلى. تۇتۇلۇپ قالغانلار
ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن.

— ئەمىسە كىم تۇتىدۇ؟

— ئەمىسە مەن باشلايمەن. ئەنى، بەنى،
تۇركان سەنى...

سۇزۇك كۆل سۈيىنى تولا چۆمۈلۈپ، تۇ-
تۇشماق ئويناپ قايماقتەك قىلىۋەتكەن باللار
چوڭ كۆلدە يۈيۈنۈپ بولۇپ يەنە يوغان ئۇجمە
ئاستىغا كەلدى. ئالمىنىڭ كاللىسىغا يەنە بىر
ئوي كەلدى. ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ دېدى:

— مەن بىر ئىش كۆردۈم، تاغدا چۆش
كۆردۈم.

— قېنى ئاڭلايلى!

— تېپىشماق ئېيتساق قانداق؟ تاپالمىغان-
لار تىلمىدىن سۇ ئېلىپ كەلسۇن.

— ماقۇل!

— ئەمىسە مەن باشلىدىم.

— مەن باشلايمەن.

— ئاۋۋال بىز باشلايلى.

— ئۆزى مۈكۈپ تۇرىدۇ، ساقىلى چىقىپ
تۇرىدۇ، ئۇ نېمە؟

— قېنى، شەھەرلىكلەر تېپىپ باقامسىلەر؟

كامىران بىلەن ئىمران بىر - بىرىگە قا-
راشتى. مەشئەل سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— تاپتىم، ئۇ دېگەن ئۆچكە!

— ئۆچكە مۈكۈپ تۇرامدۇ؟

— ئەمەسكەن.

— تاپالمىدىڭلارمۇ؟

— بىزمۇ ئېيتىپ باقايلى ئەمىسە.

— تاپالمىغاندىكىن ئاۋۇ سۇدانغا تىلمە-
دىن سۇ ئېلىپ كېلىڭلار.

— تىلما دېگەن قەيەر؟

— تاماق.

— تاماق دېگەن قەيەر؟

— ۋاي-ۋۇي، بۇلارغا بىر نېمە ئوقتۇرماق
نىمانچە تەس. مەنلا ئېلىپ كېلەي. ئاۋۋال سى-
لەرنىڭ تېپىشمىقىڭلارنى ئاڭلىۋالاي، يولدا
تاپقاچ ماڭاي.

مەشئەل سەل ئويلانغاندىن كېيىن:

— بىر نەرسە بار ئۈچ كۆزلۈك،
ئۈچ كۆزىدە ئۈچ سۆزلۈك.
بىرى چاققان، بىرى ئوت،
يەنە بىرى ئەمدى كۈت.

كارىزلىق باللار ئويلاندى. ئالىم سوغا
كەتتى. كارىزلىق باللاردىن سەل چوڭراق
ئەخمەت:

— بىلدىم، ئاسماندىكى ئۈچ تال ئوق
يۇلتۇز! — دېدى.

— ياق، ئۇ ئەمەس.

— ئەمىسە تېلېۋىزور!

— ئۇ دېگەنچۇ سىلەرنىڭ بۇ سەھرادا يوق.

— بۇ يەردە يوق تېپىشماق ئېيتساڭلار بىز
قانداق تاپىمىز؟

— سىلەرمۇ بايا بىز بىلمەيدىغان نەرسىنى
ئېيتتىڭلارغۇ؟

— بىز دېگەن يېسەڭ يېگىلى بولىدىغان، قى-
زىلمۇ، سېرىقمۇ بار بىر نېمە دەپ بەردۇققۇ...

— شۇ ئەمەسمۇ، سەۋزە دېسىلا بولاتتى.

— تورۇپ ياكى چامغۇر دېسىمۇ بولاتتى...

— سىلەرمۇ قاتناش چىرىغىنى تاپالمىدىڭ-
لارغۇ؟

...

ئاق بولكىۋاي تاتلىق ئەسلىمىلەرنى قالدۇ-
رۇپ كەتتى. ئۇ كۆكيانتاقلىق دالادا توپا توزۇ-
تۇپ كەلگەن بولسا، توپا توزۇتۇپ كەتتى. شە-

ھەرلىك تۇغقانلار بۇلارنىڭ «يەنە نەچچە كۈن تۇرۇپ كېتىشسىلە» دېگىنىگە ئۇنىماي كېتىشتى، ھەممىسىنىڭ رۇخسەتلىك ۋاقتى توشقان ئىدى.

ئالىم باشلىق باللار پات ـ پات شەھەرلىك دوستلىرى بىلەن ئۆتكەن خۇشال چاغلارنى كۆپرەك ئەسلەيتتى. ئالىم، ئىمران ئۇنتۇپ قالغان ئاۋتومەننىڭ ھەيكىلىنى كۆتۈرۈپ يۈردى.

— ئالىم، قوي ئۇنداق جىننى. قارا، بەدىنى ئادەم، بېشىدا مۈڭگۈز. كىم بىلىدۇ، يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ بىر بېشى مۇشۇ ئاۋتومەنمۇ تېخى.

ئالىم قىزىل كىيىملىك ئاۋتومەننىڭ ھەيكىلىنى تاشلىۋەتتى. باللار قوللىرىغا بىردىن «قىلىچ» ئېلىپ تەييارلاندى.

— بىز دېگەن چىنتۆمۈر باتۇر. ئاۋتومەن دېگەن مۈڭگۈزلۈك يالماۋۇزنىڭ بېشىنى كېسەيلى!

بىردەمدە ئاۋتومەننىڭ ھەيكىلى پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. ئەخمەت:

— ھەي، ھېلىقى VCDدا ئاۋتومەن ئادەملەرگە پاراكەندىچىلىك سالىدىغان ئالۋاستىلارنى يوقىتاتتى. بىز ئاۋتومەننى يوقاتتۇق...

باللار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئوسمان ئاۋتومەننىڭ ھەيكىلىنى ئېلىپ جايى ـ جايىغا چىپىسلاشتۇرۇشقا باشلىدى، ئالىم ئۆيدىن يېپىشقاق ئېلىپ چىقىپ چاپلىدى. ئاۋتومەننىڭ بۇ زەخىملەنگەن ھەيكىلى ئالىملارنىڭ ھويلىسىدىكى ئويۇقتىن ئورۇن ئالدى. ئالىمنىڭ دوستلىرى ھەر قېتىم بۇنى كۆرگەندە شەھەرلىك دوستلىرىنى ۋە ئۇلار بىلەن ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىشىپ ئۆز ئۆيلىرىگە كىرىشىپ كېتەتتى.

### قۇيۇن

يانتاق كارىزدىكى ھايات ئۆز رىتىمىدا كېتىۋاتاتتى. باللارنىڭ ھەر پەسىلگە ماسلاشقان ئويۇنلىرى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، كۈندىن ـ كۈنگە ئۇسسۇۋاتقان تېنىگە كۈچ، ئەقىل قوشاتتى.

مۇز ئېرىشكە باشلىغاندا باللار بىر ـ بىرىدىن قېلىشماي لەگلەك ياسىشىپ كەڭ دالانى بېشىغا كىيىشتى. توڭ ئېرىپ يەرلەر تەرلەشكە باشلىۋېدى، پىشقان دېھقانلار تېرىمغا تەييارلىق قىلىشىپ، يەرلەرگە نېمە تېرىش ھەققىدە تۆمۈر يانتاقتىن مەسلىھەت سورىشاتتى.

— يۇلغۇن ياقىسىدىكى يەرگىمۇ بۇغداي تېرىۋالدۇق. تۇرنىلارمۇ «بۇغدىيىڭلار ھوسۇل بەرسۇن» دېيىشىپ ئۆتۈپ كېتىشتى. باللارنىڭ رىزقى ئۈچۈن قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىمىساق بولماس.

— باللارنى ئۇنتۇغان بىلەن بولامدۇ. بەش تۆپ توغراق ياقىسىدىكى يەرگە ئۆتكەن يىلى كېۋەز تېرىغان، شۇ يەرگە قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىساق...

— ئۇ يەر سەل قۇمساڭغۇراق، قوغۇن تېرىدىغان بىلەن ئاسان ئۇسسايدۇ. ياخشىسى تۆرۈك ئويمانىدىكى يەرگە تېرىيلى، قانداق دېدىم تۆمۈر ئاتا؟

— ئالىقاندەك يەرگە قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىۋالساق قانداق بولىدۇ؟

— ئۇنداق دېگەن بىلەن ئۇ يەرگە بىر خىل زىرائەت تېرىغىلى ئۇزاق بولدى.

چوڭلارنىڭ بۇ تالاش ـ تارتىشلىرىنى سوقما تامغا مىنىۋېلىپ ئاڭلاۋاتقان باللارنىڭ كۆز ئالدىغا بىر ـ بىرىدىن يوغان، تەملىك قوغۇن ـ تاۋۇزلار كېلىشەتتى. چوڭلار بىر قارارغا كېلىپ تارقاشتى. باللار بولسا سوقما ئۈستىدە مېڭىش مۇسابىقىسى قىلىۋاتاتتى.

— يېڭىلىپ قالغانلارغا قانداق جازا بېرىمىز؟

— ئاۋۇ قۇملۇقتا ئون موللاق ئېتىپ بەرسۇن.

— مانا مەن ماڭدىم.

— ئاران سەككىز سوقما ماڭدىڭمۇ؟

— ھىلالدىن ئەڭ كۆپ ماڭدى!

— ئەيسا ئەڭ ئاز ماڭدى. ئەيسا موللاق ئاتسۇن!

ئەيسا ئىسىملىك بالا بۇ يىل كىرىپ تېخى سۇ ئېقىپ باقمىغان ئېرىقتىكى كۆك قۇملۇقتا موللاق ئېتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇرنىدىن چاشقاندەك پات-پات ماراپ تۇرغان پوتلىسىغا قۇم چاپلىشىپ قالغان بولۇپ، بالىلارنى كۈلدۈرۈۋەتتى. قۇم ئۇنىڭ چاچلىرى ئارىسىدىن كۆزلىرىگە كىرگەن بولسا كېرەك، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ جازانى تۈگەتتى.

كۆكلەم يانتاق كارىزغا ئەتىر چاچقان بولۇپ، كۆكيانتاق، تۆگىتاپىنى، لوقاقلارنىڭ ئاچچىق ھىدى دىماقلارنى ياراتتى. يىراق-يىراقلاردىن كۆتۈرۈلگەن قۇيۇنتازلار ئاسماننىڭ تۈۋرۈكىدەك كۆرۈنەتتى. مەكتەپ يېشىغا توشمىغان بالىلار قۇيۇنتازغا قاراپ قوشاق قېتىشىپ بۆكلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىپ ئوينىشاتتى. بالىلارنىڭ چۇرقىراشلىرىدىن چۆچۈشكەن ئىتلارمۇ قۇيۇنتازغا قاراپ قاۋاپ قويۇشاتتى.

يانتاق كارىزنىڭ باھار ئاخشىمى ئاسمانىدىكى يۇلتۇزلاردەك جۇلالىق. كارىزدىكى بالىلارنىڭ ئويۇنلىرى ئەمدى «ئوغرى تۇتۇش»قا ئۆزگەردى. ئۇلارنىڭ ئويۇنىدىن سۆيۈنگەن ئايمۇ بۇلۇتلار كەينىدىن چىقىپ زوقلانغاندەك كۆك قەھرىدە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— تۆرۈك ئويمانغا قوغۇن تېرىدۇق، ئوغرى كىرمىسۇن، كىملەر قوغۇن باقىدۇ؟

— مەن!

— مەن!

— ئۇنداق بولسا قوغۇن باقىدىغانلار، ئالىم، ھىلالىدىن، سۇلايمان... ئەمىسە چىنتۆمۈر باتۇردەك ھوشيار، خېمىر باتۇردەك سەگەك، دۈلدۈلدەك چاپقۇر... بولۇڭلار.

— قېنى، قوغۇن-تاۋۇز ياسايلى!

بالىلار قۇم يەرنى ئاۋايلاپ «چوڭنەك» تارتىپ، قۇملارنى چوڭنى ھېجىردەك، كىچىكىنى ئۇسسۇلۇق چىنىسىدەك قىلىپ دۆۋىلەپ «قوغۇن» - «تاۋۇز» ياسىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

— جاڭگالغا ئوتۇنغا بارغان ئىدىم، سۈيۈم تۈگەپ قېلىپ ئۆزلەردىن ئۇسسۇلۇق سوراپ كېلىۋېدىم.

— قاپاقتا مۇزدەك سۇ بار. قانغۇدەك ئىچىسىلە!

— ئاۋۇ قوغۇنلارنى ساتامىلا؟

— قوغۇنلار تېخى پىشمىدى.

ئۇلارنىڭ ئويۇنى داۋام قىلماقتا ئىدى.

— قوغۇنلۇققا ئوغرى كىردى!

— ۋاي، باتۇرلىرىم، چاققان ئوغرىنى تۇتۇڭلار!

بىر مۇنچە بالا «ئوغرى»نى قوغلاپ كەتتى. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ئۆتكەندە بالىلار قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ ئىككى ئوغرىنى ئېلىپ كەلدى.

— مانا، ئوغرىلار!

— ئالىم چىنتۆمۈر باتۇردەك چاققانلىق قىلىپ بۇ ئوغرىنى تۇتتى.

— ياق، ئاۋتۇمەندەك دېگىن.

...

— نېمىشقا ئوغرىلىق قىلىسەن؟

— ئۇسساپ كېتىپ ئۈزۈپ قويۇپتىمەن.

— ئۇسساپ كېتىپ قوغۇن-تاۋۇز ئۈزۈپ يېگەن ئادەم ئوغرى ھېسابلانمايدۇ، قويۇۋېتىڭلار!

— ئۇ دېگەن ئۈچ چوڭنەكتىكى تاۋۇزلارنى چېقىپ، ئىككى ئېرىقتىكى قوغۇنلارنى دەسسەپ، چەيلەپ نابۇت قىپتۇ.

— مەن، مەن ...

— تۈنۈگۈن مەن ساڭا «قوغۇن-تاۋۇزلار پىشمىدى»... دەپ قاپاقتىن سۇ بەرگەنغۇ؟

— مەن ئېزىپتىمەن.

— ئۈزۈك دەپ باقە، ساڭا قانداق جازا بەرسەك بولىدۇ؟

...

www.uyghurkitap.com

بالىلارنىڭ ئۆيىدىكىلەر سوزۇپ چاقىرىشقاندىلا چورقىرىشىپ سوزۇلگەن ئاڭدىكى يولتۇزلاردەك ئۆي-ئۆيلەرگە تارقاپ كېتىشتى.

سەھەردە يىراقتىكى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە ماڭغان بالىلار باھار سەھىرىدىكى قۇياشتەك شۇنچە روھلۇق ۋە جۇشقۇن ئىدى. باھارنىڭ سەھەردىكى غۇر-غۇر شامىلى ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى سىيپاپ، مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ ئۆتەتتى.

ئۇيقۇسىغا قانغان، مەكتەپ يېشىغا توشمىغان بالىلار بولسا ئاتا-ئانىلىرى چىنىگە چىلاپ قويغان يۇمشاق ناننى راھەتلىنىپ ئىچىشىپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قۇم ئېرىققا چىقىشتى. ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرى تۈگەپ قالمايتتى. ئۇلار بۈگۈن ئېرىقتىن ئاتلاش ئويۇنىنى ئويناپ تازا هاردى.

— قاراڭلار، قۇيۇنتاز كېلىۋاتىدۇ!

— قۇيۇنتاز ئەمەس، «ئاۋتومەن» دىگىن غەلىتە مەخلۇق!

— مەن سەيۇن ئاۋتومەن، غەلىتە مەخلۇقنى يوقىتىمەن!

— مەن جىگى ئاۋتومەن! ساڭا ياردەملىشىمەن!

— قېنى، ئۇ ئالۋاستىنى يوقىتايلى!

بالىلار قوللىرىغا «قىلىچ، نەيزە»لىرىنى ئېلىپ چۆل تەرەپكە كېتىپ باراتتى. ئۇلار خېلى ئۇزاپ كەتكەن بولۇپ، يېشى كىچىكلەرى ھېرىپ قېلىپ ئۇلارغا قاراپ قېلىشتى. خېلىدىن بېرى بالىلارنىڭ چۇرقىرىشىنى ئاڭلاپ تۇرغان تۆمۈر يانتاق تۇرۇپلا بالىلارنىڭ چۇرقىرىشىنىڭ توختىغانلىقىدىن سەل غەلەتىلىك ھېس قىلىپ، ھاسىسىنى تۇكۇلداتقانچە قۇم ئېرىق تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئادەتتە بالىلار بۇ يەردىن كەتمەي ئويناپتتى.

— بالىلىرىم، ئالىمجانلار قېنى؟

— قۇيۇنتازنى يوقاتقىلى ئاۋۇ يەرگە كەتتى.

تۆمۈر بوۋاي قولىنى سايىۋەن قىلىپ چۆل تەرەپكە قارىدى. دالادا تۆت-بەش بالىنىڭ قارىسى كۆرۈندى، قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى ئويلىغان بولسا كېرەك، تۆمۈر يانتاق قەدىمىنى ئىتتىكلىتىپ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ھويلىسىغا كىرە-كىرمەي ۋارقىرىدى:

— ھوي، تۇرسۇن، بارمۇ سەن ؟!

— نېمە بولدى ئاتا؟

— ئالىمجانلار قۇيۇنتازنى ئۆلتۈرىمىز دەپ چۆل تەرەپكە كېتىپ قاپتۇ. تېز، ئۇلارنى ئېلىپ كەل.

تۆمۈر يانتاقنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى تۇرسۇن يانتاق شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ چۆل تەرەپكە قارىدى ۋە دەرھال چۈشۈپ ئاتنى ياۋداقلا مىنىپ چۆل تەرەپكە قاراپ چاپتۇردى. كۆكيانتاقلىق دالادا بالىلار ۋارقىرىشىپ، يىراقلاپ كەتكەن قۇيۇنتازغا ھوميىشىپ توختاپ قېلىشتى. قوللىرىدىكى تاياقلارنى قورال قىلىپ، كۆكيانتاقلارنى ئۇرۇپ «ئۆلتۈرەتتى»...

شۇنىڭدىن بېرى بالىلار تۆمۈر يانتاقتىن «چىنتۆمۈر باتۇر»، «خېمىر باتۇر»، «ئېيىق باتۇر»... نىڭ چۆچىكىنى ئاڭلىماس بولدى. ئالىمنىڭ دوستلىرى سەھەر ئورۇنلىرىدىن تۇردىمۇ بولدى، ئالىمنى ئويغىتىپ تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. زېرىكسە تۆمۈر يانتاق چۈشەنمەيدىغان گەپلەرنى دەپ بىر - بىرى بىلەن ئېلىشاتتى. غەلىتە قىلىقلارنى قىلىشىپ كۈلۈشەتتى. ئۇلار بىز «ئاتومەن» دەپ ھويلىنى بېشىغا كىيىشەتتى. ئىلگىرىكىدەك چاپقۇر ئات، كاپ-كاپ كۆچۈك، تاق-تاق توخۇلارنى چاقىرمايتتى. قارىغاندا ئۇلار «چىنتۆمۈر باتۇر»، «خېمىر باتۇر»، «ئېيىق باتۇر»... لارنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

(ئاپتور پىچان ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش-تەتقىقات مەركىزىدە)

مۇھەررىرى مۇختار تۇردى

www.uyghurkitap.com




(ئەدەبىي خاتىرە)

ھېچ كىشى زاماننىڭ سىرىنى بىلمەس،
ئۇشبۇ سىر سەندە يا مەندە يېشىلمەس.
پەردىنىڭ ئىچىدە تۇرار بارچە سىر،
گەر پەردە ئېچىلسا، تۇگەيمىز بىر پەس.
ئۆمەر ھەييام

ئېسىمدە قېلىشىچە، 1998 ـ يىلىنىڭ باشلىرى ئامېرىكىنىڭ «تىتانىك» ناملىق فىلىمى كىنوخانىلاردا قويۇلۇپ، ئاجايىپ زور قىزىقىش پەيدا قىلغانىدى. بۇ فىلىمنىڭ بىلەت باھاسى شۇ چاغقىچە مەن بىلگەن فىلىملەرنىڭ بىلەت باھاسىغا نىسبەتەن مۇتلەق يۇقىرى بولۇشىغا قارىماي، ئۇنى كۆرگەنلەرنىڭ سانى ھەقىقەتەن كۆپ بولغان، ھەتتا بەزىلەر بىر نەچچە قېتىملاپ كۆرگەنلىكىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەشكەن ئىدى. خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە مەتبۇئاتلاردىمۇ بۇ فىلىمنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە فىلىمنىڭ ئىشلىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توغرىسىدا كۆپلەپ ماقالىلەر يېزىلغان ئىدى. چەت ئەلدە ئىشلەنگەن فىلىملەرنىڭ ئېلىمىزدە، جۈملىدىن بىز ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇنداق داغدۇغا پەيدا قىلىشى، بەلكىم ھىندىستاندا ئىشلەنگەن «سەرگەردان» فىلىمىدىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق يۇقىرى پەللە بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان ئىدىم. فىلىمگە كىرىشتۇرۇلگەن لەرزان، مۇڭلۇق، ھاياجانغا تولغان ناخشا خېلى يىللارغىچە ئەتراپىمىزدا ياڭراپ تۇردى. پۈتكۈل يەر شارى مىقياسىدا بۇ فىلىمنىڭ بېلىتىنى سېتىشتىن قىلىنغان كىرىمنىڭ 1 مىليارد 800 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىشى فىلىمنىڭ نەقەدەر كەڭ دائىرىدە تەسىر پەيدا قىلغانلىقىنىڭ بىر ئىسپاتى بولسا كېرەك.

ئەينى چاغدا مەنمۇ ئەل قاتارى بۇ فىلىمنى كۆرگەن ۋە چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمگەن، فىلىمنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن خېلى چاغلارغىچە فىلىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك شېرىن ھەم ئېچىنىشلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرىمۇ «تىتانىك» پاراخوتى بىلەن دېڭىز تەكتىگە چۆكۈپ كەتكەندەك گاراڭ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدىم، راستىنى ئېيتسام فىلىمدىكى ناخشا ھېلىمۇ قۇلىقىمغا بۆلەكچە يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ.

مەتبۇئاتلارنىڭ ئۇچۇر بېرىشىچە، ئامېرىـ

كىنىڭ بۇ فىلىمى «تىتانىك» ھەققىدىكى تۇنجى فىلىم ئەمەس ئىكەن، ئىلگىرىمۇ «تىتانىك» ھەققىدە بىر ئەمەس، بىر نەچچە فىلىم ئىشلەنگەن ئىكەن.

مەبلەغ سالغۇچى ۋە رېژىسسورنىڭ پالاكەت باسقان «تىتانىك» پاراخوتى ھەققىدە «كونا مۇقام»نى توۋلاپ، بۇ فىلىمنى ئىشلەشتىكى مەقسىتى نېمە بولغىيتتى؟ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈز بەرگەن بۇ دەھشەتلىك پاجىئەنى قايتىدىن كىشىلەرنىڭ ئېسىگە سېلىپ ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ؟ ياكى فىلىمدىكى ئىككى ياشنىڭ تەسىرلىك ھېكايىسى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ كۈندىن - كۈنگە سۇسلىشىپ كېتىۋاتقان مۇھەببەت ۋە ساداقەت تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈنمۇ؟ ۋە ياكى ئەنە شۇنداق زور بىر ھادىسىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى ھېسداشلىقىنى چىقىش قىلىپ، شۇنچە كۆپ مەبلەغ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەي، يەنىمۇ كۆپلەپ ئىقتىسادىي نەپكە ئېرىشىش ئۈچۈنمۇ؟

«تىتانىك» ناملىق فىلىم قويۇلۇپ، ئارىدىن شۇنچە ۋاقىت ئۆتكەن، فىلىم ھەققىدىكى ھاياجانلار ئاللىقاچان ئۇنتۇلغان بۈگۈنكى كۈندە يۇقىرىقى سوئاللار ھەققىدە ئويلىنىپ ئولتۇرۇش بەلكىم ئەخمىقانىلىقتۇر. ئەقىللىك مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە رېژىسسور بەلكىم بىز ئويلىغاندىنمۇ ئەتراپلىق مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتقاندۇ.

1

بەزىدە تاسادىپىي دۇچ كېلىپ قالغان كىچىككىنە ئۇچۇرلار خېلى مۇھىم نەرسىلەرگە سەۋەب بولۇپ قالىدىكەن. بەلكىم شۇنىڭ ئۈچۈن كونىلار، بۇ ئالەم سەۋەبنىڭ ئالىمى دېيىشىدىغاندۇ. ھاياتىمىزدا بىلىپ - بىلمەي نۇرغۇن سەۋەبلەرگە دۇچار بولۇپ تۇرىدىكەنمىز. ھەر كۈنىمىز دېگۈدەك سەۋەب، نەتىجىلەر قورشاۋىدا ئۆتىدىكەن، ئەمما بۇلاردىن بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىدىغىنى، بىزنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنىمىز ئاساسەن يوقنىڭ ئورنىدا بولىدىكەن، نەتىجىدە نۇرغۇن پۇرسەتلەردىن مەھرۇم قالىدىكەنمىز.

2006-يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا ئۆزبېكىستانلىق بىر بۇرادىرىم ئۈرۈمچىگە قەدەم تەشرىپ قىلدى. ئۇ مېنىڭ كىتاب، ماتېرىياللارغا ئامراقلىقىمنى بىلگەچكە قىممەتلىك سوۋغا سۈپىتىدە بىر تۈركۈم كىتاب، ژۇرناللارنى ئالغاچ كەپتۇ. قارىسام ئارىسىدا ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ بىر نەچچە سانىمۇ بار ئىكەن. قولۇمدا ئالدىراش بەزى ئىشلىرىم بولغانلىقى ئۈچۈن ژۇرنالدىكى قىسقىراق بەزى ئەسەرلەرنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقىپ قويۇپ قويدۇم. ئارىدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن قولۇم سەل بوشىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ژۇرنالنى تەپسىلىي ۋاراقلىدىم. ژۇرنالغا بېرىلگەن ئەسلىي لىۋانلىق بولغان، فىرانسىيە تەۋەلىكىدىكى يازغۇچى ئەمىن مائالوفنىڭ «سەمەرقەنت» ناملىق رومانى دىققىتىمنى تارتتى. بولۇپمۇ رومانىنىڭ بېشىدىكى ««تىتانىك» ناملىق غايەت زور پاراخوتنىڭ 1912-يىلى 14-ئاپرېلدىن 15-ئاپرېلغا ئۆتەر كېچىسىدىكى ھالاكىتى، دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك قول يازمىلارنىڭ بىرى بولغان، بۈيۈك پارس ئالىمى ۋە شائىرى ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنىمۇ دېڭىز تەكتىگە ئېلىپ كەتتى» دېگەن جۈملىلەر بىردىنلا مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بىر نەچچە يىللار بۇرۇن قايسىبىر ماتېرىيالدىن ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ «تىتانىك» پاراخوتى بىلەن دېڭىز تېگىگە چۆكۈپ كەتكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك قىسقىلا، مۇجمەل بىر ئۇچۇرنى كۆرگەنلىكىم

غوۋا ئېسىمدە ئىدى، قارىغاندا شۇ گەپ راست ئوخشايدۇ، دېگەن ئوي بىلەن روماننى ئوقۇشقا باشلىدىم.

مەن كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن. ھاياتىمنى كىتابسىز تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. ياخشى كىتابلارغا ئېرىشكەن ۋاقتىمدا ئاجايىپ سۆيۈنۈپ كېتىمەن. ئىمكانىيىتىمنىڭ يېتىشىچە كىتاب يىغىمەن. كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزۈمگە مەدەت، تەسەللى ئىزدەيمەن. ھەر بىر ئادەم ھاياتنى ئىمكانقەدەر ھۇزۇر-ھالاۋەت، ئازادىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە ئىنتىلىدۇ ۋە تەشنا بولىدۇ. ئەمما رېئاللىق ئادەمنى كۆپ ھاللاردا غەم - تەشۋىش، دىلخەستىلىك، بىئاراملىق قوينىدا سىناشقا مايىل. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ رېئاللىقنى قوبۇل قىلماي ئىلاجىمىز يوق. كىشىلەرنىڭ ئەنە شۇنداق شەپقەتسىز رېئاللىققا يۈزلىنىشى ئۆزى ئۈنۈملۈك دەپ ھېسابلىغان ھەر خىل ئۇقتىلارنى چىقىش قىلغان بولىدۇ. مەن رېئاللىققا كىتاب ئارقىلىق، كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق يۈزلىنىشكە ئادەتلەنگەنمەن. مەيلى خۇشال بولاي، مەيلى ئازابلىناي كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئۆز تۇيغۇلىرىم بىلەن سىردىشىمەن، بەزى كىتابلارنى قايتا-قايتا ئوقۇيمەن. قىسقىسى، ئىمكانىيەت يار بەرسىلا ھەر كۈنى دېگۈدەك كىتاب ئوقۇيمەن.

«سەمەرقەنت» رومانىنى ھۇزۇرلىنىپ تۇرۇپ كېچە-كېچىلەپ ئوقۇپ تۈگەتتىم. مېنى بەكرەك ئويغا سالغىنى ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ «تىتانىك» پاراخوتى بىلەن دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىشى بولدى. دۇنيادىكى ئاجايىپ مۆجىزىلەرنىڭ بىرى بولغان ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ تەقدىرىنىڭ دۇنيادىكى يەنە بىر مۆجىزە ھېسابلانغان «تىتانىك» پاراخوتى بىلەن باغلىنىپ غايىب بولۇشى ئاجايىپ تۇغرا كېلىپ قېلىش ئەمەسمۇ؟

رومانىدىكى بۇنداق ئاجايىپ تەقدىرنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئۇنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش قارارىغا كەلدىم. روماننىڭ تۈركچە تەرجىمىسىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەكەلدۈردۈم. ئىككى تەرجىمىنى بىرەر قۇر سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. خىزمەت ۋە تۇرمۇش ۋەسۋەسىسى سەۋەبىدىن روماننىڭ تەرجىمىسى خېلىلا ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ رومان 2010-يىلىنىڭ ئاخىرىدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

رومان تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئوقۇغانلار يېقىشلىق ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىشتى. كۆپ ساندىكى ئوقۇرمەنلەر ئورتاق ھالدا ئەسەر تارىخىي رومانمۇ ياكى توقۇلمىمۇ؟ ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ «تىتانىك» پاراخوتى بىلەن دېڭىزغا غەرق بولۇشى قانداق گەپ؟ بۇ ئاپتورنىڭ قۇراشتۇرۇشىمۇ ياكى تارىخىي جەريانمۇ؟ دېگەن سوئاللارنى سوراشتى. نەتىجىدە كەمىنە مۇشۇ سوئاللارنى چۆرىدىگەن ھالدا نەزىرىڭىزگە ھاۋالە قىلىنىۋاتقان ئۇشبۇ يازمىلار ئۈستىدە ئىزدىنىشكە مەجبۇر بولدۇم.

2

ئۆمەر ھەييام كىم؟ رۇبائىي دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداقلارچە ياۋروپاغا بېرىپ قالغان ۋە «تىتانىك» پاراخوتىغا چىقىپ قالغان؟

دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا نامى ئالەمگە پۇر كەتكەن، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەسەرلىرىنىڭ شۆھرىتى پەسلەپ كېتىش ئەمەس، بەلكى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان قەلەم ساھىبلىرى كۆپ ئەمەس. مەلۇم رايون، مەلۇم تىل سىستېمىسىدىكى كىشىلەرگە ياققان نەرسە باشقا بىر رايون، باشقا بىر تىل سىستېمىسىدىكى كىشىلەرگە ياقماسلىقى مۇمكىن. بۇگۈنكى كىشىلەرگە

ياققان نەرسە، ئەتىكى كىشىلەرگە ياقماسلىقى مۇمكىن. ئەمما ئۆمەر ھەييام بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئۇنى دۇنيا بىلىدۇ. ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىنى دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىلەر سۆيۈپ ئوقۇيدۇ ۋە ئوقۇپ كەلمەكتە. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەبەدىي سولمايدىغان قىزىلگۈلدەك جەلپكار رۇبائىيلىرى بىلەن پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى دۇنياۋى شۆھرەتكە سازاۋەر قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ پارسلارغا ياكى شەرققە ئەمەس، دۇنياغا مەنسۇپ شائىر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى پارسلارنىڭ قەلب ساداسى سۈپىتىدە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە يېيىلماقتا. ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى ئۈزۈكسىز ھالدا ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىپ كەلمەكتە.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىرغىچە ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرى دۇنيادىكى نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان، نەشر نۇسخىسى ئەڭ كۆپ ئەسەر ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنىڭ دۇنيادىكى تارقىلىشى خىرىستىيانلارنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولغان «ئىنجىل»دىن قالسىلا 2-ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئېنىقكى دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ھېچقانداق بىر ئەسەر بۇ قەدەر كەڭ دائىرىدە تارقىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان ئەمەس. ھېچقانداق بىر قەلەم ساھىبى بۇ قەدەر كۆپ ئوقۇرمەننىڭ قىزغىن، سەمىمىي، تەكرار ۋە تەكرار ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولغان ئەمەس، دۇنيا ئۆمەر ھەييامدىن باشقا ئىسمى رىۋايەتكە ئايلانغان بۇنداق بەختلىك، شەرەپلىك شائىردىن يەنە بىرنى تېخى كۆرگىنى يوق.

1859-يىلى ئەنگلىيەدە ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئېدۋارت فىتزگېرالد تەرىپىدىن ئىنگلىز تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسى رەسمىي نەشر قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ دۇنيا مىقياسىدا ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى قىزغىنلىقى باشلانغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىغا قارىغاندا، 20-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىغىچە ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ 32 خىل ئىنگلىزچە تەرجىمىسى، 16 خىل فىرانسۇزچە تەرجىمىسى، 12 خىل گېرمانچە تەرجىمىسى، 11 خىل ئوردۇچە تەرجىمىسى، سەككىز خىل ئەرەبچە تەرجىمىسى، بەش خىل ئىتالىيانچە تەرجىمىسى، تۆت خىل تۈركچە ۋە رۇسچە تەرجىمىسى نەشر قىلىنغان. يۇقىرىقى تەرجىمىلەرنىڭ نەشر نۇسخىسىمۇ كۆپ بولغان. پەقەت ئامېرىكىدىكى نيۇيورك كۇتۇپخانىسىدىلا ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ 500 نەچچە خىل نەشر نۇسخىسى ساقلاقلىق ئىكەن. يەنە ئىرانشۇناس ئالىملارنىڭ ھېسابلاپ كۆرۈشىچە، 1929-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۆمەر ھەييام ۋە ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى ھەققىدە يېزىلغان مۇھىم تەتقىقات ماقالىلىرى 1500 خىلدىن ئاشىدىكەن.

ئېلىمىزدە 1919-يىلى خۇشى تۇنجى بولۇپ ئۆمەر ھەييامنىڭ ئىككى رۇبائىيسىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. 1922-يىلى گومورو ئىنگلىز تىلىدىن 101 رۇبائىينى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ رۇبائىيلار 1924-يىلى كىتاب قىلىپ نەشر قىلىنغان. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ 12 خىل خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىنغان، رۇبائىيلارنى تەرجىمە قىلغان تەرجىمانلارنىڭ سانى 25 تىن ئاشقان.

ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا ئەڭ دەسلەپ قاچان تەرجىمە قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما ئۆمەر ھەييامدىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئۆتكەن پارس كلاسسىكلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەسەرلىرىنىڭ خېلى بۇرۇنلا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىغا قاراپ، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭمۇ بۇنىڭدىن چەتتە قالمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. 1981-يىلى ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ تۈركچە ۋە خەنزۇچە نەشرىگە ئاساسەن نۇرمۇھەممەد ئېركى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى نەشر قىلىندى. 2000-يىلى ئۆزبېكچە نەشرىگە ئاساسەن مۇھەممەد ئوسمان تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمىسى نەشر قىلىندى. 2003-يىلى يەنە ئۆزبېكچە نەشرىگە ئاساسەن ئوسمانجان ساۋۇت تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمىسى نەشر قىلىندى. يۇقىرىقى تەرجىمىلەرنىڭ ھەر بىرى ئاز بولغاندىمۇ ئىككى قېتىمدىن نەشر قىلىندى. بۇنىڭدىن ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى ئاجايىپ-غارايىپ قىسمەتلەر بىلەن تولۇپ تاشقان. ئۇنىڭ قىسمەتلىرى كىشىنى گاھ لەرزىگە سالىدۇ، گاھ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق يېرى، ئۆمەر ھەييام ھايات ۋاقتىدا رۇبائىيلىرىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى يالقۇنجاپ تۇرغان سېھرىي كۈچىدىن، ئۆز نامىغا بەخشەندە قىلىنىدىغان چەكسىز ھۆرمەت ۋە ئېھتىرامدىن بەھرىمەن بولالمىغان. چۈنكى ئۆمەر ھەييام ھايات ۋاقتىدا كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر ئاسترونوم، ماتېماتىك، پەيلاسوپ ۋە تېبابەت ئالىمى سۈپىتىدە شۆھرەت قازانغان. يۇقىرىقى پەنلەر بويىچە يازغان ئەسەرلىرى زور تەسىر قوزغىغان. بولۇپمۇ ئۇ ئاسترونومىيەگە بەكرەك قىزىققان. ئەينى دەۋر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىدىغان رەسەتخانا قۇرۇپ، ئۇنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. ئەمەلىي كۆزىتىشلىرى ئاساسىدا يېڭى كالېندار تۈزگەن. قىسقىسى، ئەينى دەۋر كىشىلىرى ئۇنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىنى بەكرەك بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى شائىر سۈپىتىدە ئەمەس، ئالىم سۈپىتىدە تونۇشقان. ھەييامنىڭ ئۆزىمۇ ئەقىل - پاراستى ۋە تەپەككۇرىنى رۇبائىي يېزىشقا ئەمەس، ئاساسلىقى ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا ۋە پەلسەپىگە قاراتقان.

ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام ئەللىرى مەدەنىيىتىگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا مۇنداق ئۆزگىچە بىر ھادىسىنى بايقىماي قالمايمىز: فارابى (950~873)، ئىبن سىنا (1037~ 980)لاردىن باشلانغان مۇتەپەككۇر، ئالىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خاس بىرلا پەن دائىرىسىدە ئەمەس، ئۆز دەۋرى ئىمكانىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئومۇمىي پەنلەر بويىچە ئەتراپلىق ساپاغا ئىگە دانىشمەنلەردىن بولغان. فارابىنىڭ خاسلىقى پەلسەپىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپسىمۇ، لېكىن مۇزىكا، ئېتىكا، ئېستېتىكا، لوگىكا، تېبابەت، ئەدەبىيات قاتارلىق پەنلەردىمۇ قىممەتلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئىبن سىنا تېبابەتنىڭ پىرى دەپ ئاتالسىمۇ، پسىخولوگىيە، فىزىيولوگىيە، پەلسەپە، مۇزىكا، گېئولوگىيە، ئەدەبىيات قاتارلىق پەنلەر بويىچە مۇھىم ئەسەرلەرنى مىراس قالدۇرغان. ھەتتا بىر قىسىم تېببىي ئەسەرلىرىنى شېئىرىي شەكىلدە يازغان. يىغىپ ئېيتقاندا ئەينى دەۋرنىڭ ئالىملىق مەرتىۋىسى كۆپ قىرلىق، كۆپ قاتلاملىق ئەقىل جۇغلانمىسىنى تەلەپ قىلغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ مەرتىۋىگە ئېرىشكەنلەر كىشىلەر دۇچ كېلىشى مۇمكىن بولغان ھەرقايسى پەن تۈرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆز قاراشلىرىنى شەرھلەپ ئۆتكەن. دەۋر تەقەززا قىلغان قىيىن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشنى ئۆزىنىڭ ئالىملىق

بۇرچى دەپ قارىغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ نامى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنماقتا.

فارابىمۇ شېئىر يازغان، ئىبنى سىنامۇ شېئىر يازغان، لېكىن شائىرلىق دەۋاسى قىلمىغان. ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىي يېزىشىمۇ شۇلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ شېئىر يېزىشتىن مەقسىتى ئەسلا شائىرلىق سەلتەنىتىنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇشنى تاما قىلغانلىقتىن ئەمەس. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىش، كۆزىتىش، مۇلاھىزە قىلىش جەريانىدا جوش ئۇرغان ھېس-ھاياجانلىرىنى، چوڭقۇر تەپەككۇر سەرخۇشلۇقىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئۇنتۇلماس تۇيغۇلارنى شېئىرىي يول بىلەن خاتىرىلەپ قويغان. بەلكىم ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەسەرلەرگە سىغدۇرۇش مۇمكىن بولمىغان ئىزتىراپلىرى، لىرىك كەچمىشلىرى پەقەتلا ئوخشىتىش، تەتبىقلاش، ئىشارە قىلىش ياكى دارىتمىلاش ئۇسۇلى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدىغان بەزى قاراشلىرى شېئىرىي شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندۇ، بەلكىم ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولغاندۇ.

3

رۇبائىي ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، شەرتلىك ھالدا ھەزەج بەھرىنىڭ ئەخرەم ۋە ئەخرەب تارماقلىرىنى ئۆلچەم قىلغان. تۆت مىسرادىن تەركىب تاپىدىغان بۇ شېئىر شەكلىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى مىسرالىرى قاپىيەداش كەلگەنلىرى، يەنى ھازىر بىزدە ئومۇملاشقان شەكلى رۇبائىي دەپ ئاتالغان. تۆت مىسراسىنىڭ ھەممىسى قاپىيەداش كېلىدىغان رۇبائىيلار تارانە دەپ ئاتالغان.

ئەسلىدە رۇبائىينىڭ ھەر بىر مىسراسىدا مەلۇم بىر ئوي-پىكىر ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، تۆت مىسرادىكى ئوي-پىكىرنىڭ ئومۇمىي يەغىندىسى ئورتاق ھالدا شائىرنىڭ مەلۇم بىر مەسىلە ھەققىدىكى قاراشلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشنى چىقىش قىلغان، ھەتتا رۇبائىيدا ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ مەنە قاتلاملىرى ۋە سىمۋوللۇق خاراكتېرىمۇ ئىنتايىن چوڭقۇر، مول بولۇش تەلەپ قىلىنغان. شەرق كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا مەخسۇس بىر رۇبائىي ھەققىدە بىر ئەمەس، بىر نەچچە خىل شەرھلەرنىڭ يېزىلغانلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ئاز ئەمەس. شۇڭا رۇبائىي يېزىش شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ قىيىن ئۆتكەل دەپ قارالغان، رۇبائىي يېزىشقا قىزىققانلار ياكى يازغانلار كۆپ بولسىمۇ ئەل ئارىسىدا ئېتىراپ قىلىنغانلىرى كۆپ بولمىغان.

رۇبائىي ئۆمەر ھەييام دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشتىن خېلى بۇرۇنلا شېئىرىيەتتە ئومۇملاشقان. رۇبائىي يازغان، رۇبائىي ئارقىلىق نام چىقارغان شائىرلارمۇ ئاز بولمىغان. شېئىرىيەتتە توم-توم دىۋانلارنى، زور ھەجىملىك داستانلارنى يازغان شائىرلارمۇ رۇبائىي يېزىپ ئۆز ماھارەتلىرىنى سىناپ كۆرۈشكەن ياكى ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە پەلسەپۋى چۈشەنچىلىرىنى رۇبائىي ئارقىلىق ئىپادىلەشكەن، ئەينى دەۋردىكى بەزى پادىشاھ ۋە سۇلتانلار شائىرلارنى، بولۇپمۇ رۇبائىي يازىدىغانلارنى ئالاھىدە قەدىرلىگەن، قىسقىسى رۇبائىي شېئىرىيەتنىڭ ئەركىسى ۋە سەركىسى ھېسابلانغان.

ئۆمەر ھەييامنىڭ زاماندىشلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخىي ئۇچۇرلاردا ئۇنىڭ شائىرلىقى ياكى رۇبائىي يازغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئۆمەر ھەييام بىلەن زامانداش ياشىغان نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندى ئۆزىنىڭ «چاھار ماقالە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنىڭ «نۇجۇم ئىلمىنىڭ ماھىيىتى ۋە مۇنەججىملەرنىڭ كامىل ئىلمى» دېگەن ئۈچىنچى قىسمىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ھىجرىيە 506-

يىلى «مىلادىيە 1112 ـ يىلى» بەلخ شەھىرىنىڭ
بەردىھ فەرۇشان رايونىدا خوجا ئىمام ئۆمەر
خەييام، خوجا ئىمام مۇزەپپەر ئەسفزارى بىلەن
بىرگە ئەمىر ئەبۇ سەئىد جەرىھنىڭ ئۆيىدە
مېھمان بولدى. مەنمۇ بۇ مېھماندارچىلىققا دەل
توغرا كېلىپ قېلىپ، بىرگە ئولتۇرۇپ
ئۇلاردىن تەلىم ئالدىم. داستىخان ئۈستىدە
ئۆمەر ھەييامنىڭ «مېنىڭ قەبرەم باھارنىڭ
ئىزغىرىن شامىلى گۈل بەرگىلىرىنى تۆكۈپ
تۇرىدىغان جايدا بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلى-
دىم. ئۇنىڭ گېپى مېنى خېلىلا ھەيران قالدۇر-
دى، ئەمما بۇنداق ئادەملەر كەلسە-كەلمەس
گەپ قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

ھىجرىيە 530 ـ يىلى (مىلادىيە 1136 ـ يىلى)
نىشاپۇرغا كەلسەم، ئۇستازىم ئاخىرەتكە سەپەر
قىلغىلى تۆت يىلدىن ئېشىپتۇ.

مەن جۈمە كۈنى قەبرە يوقلىغىلى چىقىش
ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئادەم تاپتىم. ئۇ كىشى
مېنى قەبرە بېشىغا باشلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ قەب-
رىسىنى ئىشارە قىلىپ ماڭا كۆرسەتتى...
قەبرە نۇرغۇن يوپۇرماق ۋە گۈل غۇنچىلىرىغا
پۈركەنگەنىدى. بۇ ۋاقىتتا مەن ئىختىيارسىز
ھالدا ئۇنىڭ بەلخ شەھىرىدە دېگەن سۆزىنى
ئەسلەپ، كۆزلىرىمگە ياش ئالدىم. مەن بۇ دۇن-
يادا ئۇنىڭدەك تەڭدىشى يوق ئەقىللىك ئىن-
ساننى تېخى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم، شەپقەت-
لىك ئاللا تائالانىڭ مەرھەمەت قىلىپ، ئۇنىڭ-
غا جەننەتتىن ئورۇن بېرىشىنى سورايمىز.»

ئۆمەر ھەييام بىلەن كۆرۈشۈش شەرىپىگە
مۇيەسسەر بولغان نىزامى ئەرۇزى سەمەر
قەندى ئۇنى ئەسىرىنىڭ «شېئىرىيەت ئىلمى-
نىڭ ماھىيىتى ۋە شائىرلارنىڭ سالاھىيىتى»
دېگەن 2 ـ قىسمىدا ئەمەس، بەلكى نۇجۇم ئىلمى
(ئاسترونومىيە) ۋە مۇنەججىملىك ھەققىدىكى
قىسمىدا تىلغا ئالغان، ئۇنىڭ شېئىر يازىدى-
غانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر بەرمىگەن.

15 ـ ئەسىردە ياشىغان دەۋلەتشاھ سەمەر-
قەندى ئۆزىنىڭ «شائىرلار تەزكىرىسى» ناملىق
ئەسىرىدە «ھەكىم ئۆمەر ھەييام نىشاپۇرلۇق
ئىدى. كۆپ پەزىلەتلىك، بولۇپمۇ نۇجۇم ئىل-
مىدە زامانىسىنىڭ يېتۈك كىشىسى ئىدى. پا-
دىشاھلار ئۇنى كۆپ قەدىرلەيتتى ۋە ھۆرمەت-
لەيتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۇلتان
سەنجەر ئۇنى تەختى يېنىدا بىرگە ئېلىپ ئول-
تۇراتتىكەن» دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىمۇ ئۆمەر
ھەييامنىڭ ئاسترونومىيە ئىلمىدە كامالەتكە
يەتكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ رۇبا-
ئىي يازىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنمايدۇ. قىسقى-
سى، ئۆمەر ھەييامنىڭ شائىرلىقى ۋە ئۇنىڭ
رۇبائىي يازغانلىقىنى دەلىللەيدىغان تارىخىي
مەلۇماتلار ھازىرچە تېپىلغىنى يوق.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى تەخمىن قىلىشقا بو-
لىدۇكى، ئۆمەر ھەييام رۇبائىي يېزىش بىلەن
مەخسۇس شۇغۇللانمىغان، رۇبائىي يېزىپ
شائىر بولۇش، نام قازىنىش خىيالىدىمۇ بولمى-
غان. پەقەت ئىلمىي ئىزدىنىشلىرى جەريانىدى-
كى شېئىرىي تۇيغۇلار بىلەن يۇغۇرۇلۇپ
كەتكەن ھاياجانلىرىنى، تەپەككۇر ئاسمىنىدا
چاقماقتەك چېقىپ ئۆتكەن پىكىر چېقىندىلى-
رىنى، پەلسەپۋى ئەسەرلەردە بىۋاستە، ئۇچۇق-
تىن ـ ئۇچۇق شەرھلەشكە ئىمكانىيەت يار
بەرمەيدىغان قاراشلارنى شېئىرىيەتتىكى
سىمۋول، ئوخشىتىش، دارىتمىلاش، تەققاسلاش
قاتارلىق ئوبرازلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ
ئىپادىلەپ بىر قىسىم رۇبائىيلارنى يازغان بو-
لۇشى مۇمكىن، ھەتتا ئەينى ۋاقىتتا ئۆمەر
ھەييامنىڭ رۇبائىي يازىدىغانلىقىنى بىلىدى-
غانلارمۇ ناھايىتى ئاز بولۇشى مۇمكىن. شا-
ئىرنىڭ ئۆزى يازغان رۇبائىيلىرىنىڭ سانى-
نىڭ ئانچە كۆپ بولماسلىقى، ئۇزاق يىللاردىن
بېرى تەتقىقاتچىلار كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىپ
كۆرگەن بولسىمۇ، شائىرنىڭ ئۆز قولى بىلەن

www.uyghurkitap.com

تۈزۈلگەن بىرەر رۇبائىيلار توپلىمىنىڭ بايقالماسلىقى، ئۆمەر ھەييامدىن ئىبارەت بۇ زاتنى مۇبارەكنىڭ نېمىشقىدۇر ئۆز رۇبائىيلىرىغا ئانچە جىددىي قاراپ كەتمىگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ سىرلىق مەنىلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان رۇبائىيلارغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر سىر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە مۇسۇلمان تەتقىقاتچىلارمۇ، ياۋروپالىق تەتقىقاتچىلارمۇ كۆپ قېتىم ئىزدىنىپ كۆرۈشكەن ۋە ئوخشاش بولمىغان پەرەز، قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. مۇسۇلمان تەتقىقاتچىلارنىڭ ئاساسلىق قارىشى، رۇبائىي يېزىش ئۆمەر ھەييامنىڭ مەقسىتى ئەمەس، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ پىنھان ئارزۇ-تىلەكلىرىنى، ئىزتىراپلىرىنى، ئۆز-ئۆزى بىلەن سىردىشىدىغان قەلب سىرلىرىنى رۇبائىي شەكلىدە پۈتۈپ قويغان خالاس، دېگەندىن ئىبارەت. ياۋروپالىقلارنىڭ ئاساسىي قارىشى بولسا، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر ئەينى دەۋرنىڭ تەپەككۇر دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، بولۇپمۇ ئەينى دەۋرگە خاس دىنىي چۈشەنچىلەر نۇقتىسىدىن ئالغاندا، رۇبائىيلاردا ئىلگىرى سۈرۈلگەن بەزى قاراشلارنى رېئاللىق قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيتتى، بۇنى ياخشى بىلگەن ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلارنى يوشۇرۇن تۇتقان ھەمدە مەخسۇس توپلام قىلمىغان دېگەندىن ئىبارەت. كېيىنكى چاغلاردا ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى ھەققىدە ئىزدەنگەنلەر ياۋروپالىق تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىنى كۆپرەك قوبۇل قىلىشتى، ھەتتا بۇ قاراش تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، رۇبائىيلاردا ئاپتور مەنسۇپ بولغان دىنىي ئەقىدىلەرگە قارشى بەزى ئىدىيەلەر تەرغىب قىلىنغان، دېگەن بىمەنە سۆز-چۆچەكلەر كۆپەيدى. تولىمۇ كۈلكىلىك يېرى شۇكى، ئىلمىي پىرىنسىپلارغا زىت ھالدا، ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرىدىن، ئۆمەر ھەييام ئالەمدىن ئۆتۈپ نەچچە ئەسىردىن كېيىن ئاندىن بارلىققا كەلگەن ماتېرىيالىزمغا خاس «ئېلېمېنتلار» تەكشۈرۈپ تېپىلدى. بۇ خىل نادانلىق ۋە بىر تەرەپلىمە كۆزىتىشلەر رۇبائىيلارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرىدىمۇ روشەن تەكرارلاندى. ئىلمىي مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئىلمىي پىرىنسىپ، ئىلمىي ئۇسۇل، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ياندىشىش ئەقەللىي ساۋات ھېسابلىنىدىغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ شەرق مۇسۇلمان ئەللىرى كلاسسىك شېئىرىيىتى، بولۇپمۇ پارس كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس سىر-ئەسرارلىرىدىن بىخەۋەر بەزى كىشىلەر بىچارىلەرچە، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئىدىيەسى، دۇنيا قارىشىغا مۇخالىپ ئۆمەر ھەييامنى ئىزدەش بىلەن ئاۋارە بولۇشتى.

شۇ نەرسە روشەنكى، ھازىر ئۆمەر ھەييامغا تەۋە دەپ قارىلىۋاتقان بىر قىسىم رۇبائىيلار ئۆمەر ھەييامغا، ئۇنىڭ ئەقىدىسىگە، ئۇ ياشىغان تارىخىي شارائىتقا ئەسلا ماس كەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى قاتارىغا كېلىپ چىقىشى سىرلىق، غەيرىي مۇددىئا-مەقسەتلەر ئارىلاشقان ساختا رۇبائىيلارنىڭ كىرىپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس.

4

ئۆزۈم شېئىرغا ئىخلاس قىلىدىغان بولغىنىم ئۈچۈن بولسا كېرەك، شەرق كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ تارىخىي كەچمىشلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرگە كۆپرەك قىزىقىمەن. ئەمما ئېرىشكەنلىرىم ئارىسىدا ئەپسۇسلىنارلىق مەلۇماتلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

بىر قىسىم شەرق مۇسۇلمان ئەللىرىدىكى خان، پادىشاھلار ئارىسىدا، ئىلىم ئەھلى يەنى ئالىم، ئۆلىما، شائىرلارنى ئوردىغا توپلاش، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئىشلىرىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش ئادەتكە ئايلانغان. بەزى خان، پادى-

شاھلار باشقا ئەللەردىكى ئالىم ۋە شائىرلارنى تەكلىپ قىلىش، بېسىم ئىشلىتىش، ھەتتا ئۇرۇش قوزغاپ ئەسىرگە ئېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۆز يېنىغا تارتقان. بولۇپمۇ شائىرلار خان، پادىشاھلارنىڭ ئوردىسىدا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولغان. خان، پادىشاھلار ئۆز ئوردىسىدىكى شائىرلارنىڭ ئاز-كۆپلۈكى، ئۇلارنىڭ شان-شۆھرىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى بىلەن باشقا خان، پادىشاھلار ئالدىدا ماختىنىدىغان، ئۆز دۆلىتىنىڭ شان-شەرىپىنى شائىرلار ئارقىلىق كۆز-كۆز قىلىدىغان ئەھۋاللار شەكىللەنگەن، ھەتتا بەزى خان، پادىشاھلار مەخسۇس شائىرلار ئۈچۈن «مەلىكۇش شۇئارا» يەنى «شائىرلار شاھى» دېگەن يۇكسەك مەرتىۋىلەرنى تەسىس قىلىشقان. بۇنداق مەرتىۋىگە سازاۋەر بولغان شائىرنىڭ ئورنى كۆپ ھاللاردا ۋەزىرلەر بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك بولغان، ئوردىلاردا خان، پادىشاھلارنىڭ بىۋاسىتە قاتنىشىشى بىلەن شېئىر ئوقۇش مەجلىسلىرى، ھازىر جاۋاب ئېيتىشىشلار ۋە شېئىر ھەققىدە مۇھاكىمىلەر ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرۇلغان. كۇتۇپخانىلار قۇرۇلۇپ، جاي-جايلاردىن ئەسەرلەر توپلانغان. مەخسۇس ئۇستىلار تەشكىللىنىپ، يېگانە ئەسەرلەردىن نۇسخا كۆچۈرۈش، ئەسەرلەرنى توپلاپ، رەتلەپ كىتاب قىلىش ئىشلىرى يولغا قويۇلغان. ھازىرقىدەك مۇنتىزىم مەتبۇئات بولمىغان ئاشۇ زامانلاردا خان، پادىشاھلارنىڭ بىۋاسىتە ھامىيلىقى بىلەن نۇرغۇن ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى مۇكەممەل كىتاب ھالىتىدە ساقلانغان. تارىخنىڭ شەپقەتسىز بوران-چاپقۇنلىرىدىن ئامان-ئېسەن قېلىپ دەۋرىمىزگە ئۇلاشقان، چىرايلىق ھۆسنخەتلەر بىلەن باشتىن-ئاخىر دېگۈدەك ئوخشاش كۆچۈرۈلگەن، بەتلەرنىڭ چۆرىسىگە چىرايلىق نەقىشلەر ئىشلەنگەن، ئارىلاپ-ئارىلاپ كۆزنى قاماشتۇرغىدەك رەڭلىك قىستۇرما رەسىملەر سىزىلغان، پىششىق كۆن-خۇرۇملار بىلەن مۇقاۋىلىنىپ، ئىسمى ئالتۇن بىلەن ھەللەنگەن قىممەتلىك قول يازما كىتابلار يۇقىرىقى بايانلىرىمىزنىڭ تېپىك مىسالى سۈپىتىدە ھېلىمۇ ئەقلىمىزنى لال قىلىپ تۇرۇپتۇ، ئەپسۇسكى تارىخ ئاچچىق كەچمىشلەردىن، رەھىمسىز قىسمەتلەردىن مۇستەسنا ئەمەس. چەك-چېگراسىنى بىلىپ بولمايدىغان بىپايان ئەللەر، قۇدرەتلىك شاھ، سۇلتانلار، ھەيۋەتلىك ئوردا-سارايلار، ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە مەدەنىيەت ئابىدىلىرى، ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلانغان، قىممىتىنى ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن دەخسەپ بولمايدىغان تالايلىغان بىباھا ئەسەرلەر تارىخنىڭ چاڭ-توزانلىرى ئارىسىدا غايىب بولدى. ئۇيەر، بۇيەرلەردىن مەلۇم بولۇپ قالىدىغان قانداقتۇر مۇھىم ئەسەرلەر ھەققىدىكى كەمتۈك ئۇچۇرلار كىشىنى ئاچچىق نادامەتكە مۇپتىلا قىلىدۇ. قايسىبىر نادىر ئەسەرنىڭ ئاپتورى نامەلۇم، قايسىبىر شائىرنىڭ تەخەللۇسىلا قالغان، ئىسمى نامەلۇم، قايسىبىر شائىرنىڭ ئىسمىلا قالغان، ئەسىرى نامەلۇم؛ قايسىبىر شائىرنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى نامەلۇم، قايسىبىر شائىرنىڭ تۇغۇلغان يىلى نامەلۇم؛ بەلكىم يەنە قانچە-قانچىلىغان شائىرنىڭ ئىسمىمۇ، تەخەللۇسىمۇ، ئەسىرىمۇ نامەلۇم بولسا كېرەك. ئەگەر بۇ ھەقتىكى مىساللارغا مۇراجىئەت قىلىدىغان بولساق، سۆزىمىز ئۇزىراپ، ئاساسىي تېمىدىن چەتنەپ كېتىشىمىز تۇرغان گەپ.

گەرچە ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەردە ئېنىقسىزلىقلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى يەنىلا كەم ئۇچرايدىغان ئامەتلىك شائىرلار قاتارىغا قويۇشقا بولىدۇ، ئەمما بۇ ئامەت شائىرغا ھايات ۋاقتىدا ئەمەس، بەلكى ۋاپاتىدىن 738 يىل ئۆتكەندىن كېيىن (مەنبەلەردە ئۆمەر ھەييامنىڭ ۋاپات


www.uyghurkitap.com

بولغان يىلى ھەققىدىكى قاراشلار بىردەك ئەمەس، بەزىلەر ئۇنىڭ ۋاپاتىنى 1122 ـ يىلى دېسە، بەزىلەر 1132 ـ يىلى دەپ قارايدۇ. كۆپ ھاللاردا كېيىنكى قاراش ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلمەكتە، شۇڭا مەنمۇ شۇ بويىچە ھېسابلىدىم)، ئۆز ۋەتىنىدە ياكى شەرقتە ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيەدە، يەنى ياۋروپادىن باشلاپ نېسىپ بولدى. ئەينى چاغدا ئۇ مۇنەججىم، ماتېماتىك، پەيلاسوپ سۈپىتىدە شۆھرەت قازانغان بولسا، بۇ قېتىم شائىر سۈپىتىدە شۆھرەت قازاندى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم ھاياتلىققا ئېرىشتى، ئۇنى بايقىغان ۋە بۇنداق پۈتمەس-تۈگىمەس شان-شەرەپكە ئېرىشتۈرگەن كىشى بىز يۇقىرىدا نامىنى تىلغا ئالغان ئېدۋارت فىتزگېرالد ئىدى.

ئېدۋارت فىتزگېرالد ئەنگلىيەدە يۇقىرى تەبىقىدىكى ئائىلىگە مەنسۇپ بولۇپ، كىچىكىدە ياخشى تەربىيە ئالغان. مۇزىكا، تىل ئۆگىنىش، ئەدەبىياتقا قىزىقىپ، شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان. كىتاب ئوقۇشقا بەكلا ھېرىسمەن بولۇپ، ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۆزى بىلەن زاماندا داخلىق يازغۇچىلار بىلەن يېقىن ئۆتكەن. گىرېك ۋە ئىسپان تىللىرىدىن بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. 44 يېشىدىن باشلاپ پارس تىلى ئۆگىنىشكە باشلىغان، ئۇنىڭ ئالىم ۋە سودىگەر دوستى ئېدۋارت گوۋېل ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بودلىيان كۇتۇپخانىسىدا ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ پارس تىلىدىكى نۇسخىسىنى بايقاپ ئۇنىڭغا تەۋسىيە قىلىدۇ. ئېدۋارت فىتزگېرالد رۇبائىيلارنى ئوقۇپ ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ، 1857 ـ يىلى ئۇ بەزى رۇبائىيلارنى لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا باشلايدۇ، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي بۇ تەرجىمىنى تاشلاپ قويۇپ، رۇبائىيلارنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا باشلايدۇ، 1859 ـ يىلى تەرجىمە قىلغان رۇبائىيلارنى ئۆز مەبلىغى بىلەن كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇرىدۇ. ئەپسۇسكى بۇ كىتاب ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىگە ئېرىشەلمەيدۇ، باھاسى ئۇدا چۈشۈرۈلۈپ، «ئەخلەت كىتابلار» قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. 1860 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك ئاتاقلىق شائىر د. گ. روسسېتتى (1828 ~ 1909 ـ يىللىرى باشلىغان) ۋە ئا. ك. سىۋىنبۇرن (1837 ~ 1909 ـ يىللىرى ياشىغان) باھاسى چۈشۈرۈلگەن كىتابلار ئارىسىدىن ئېدۋارت فىتزگېرالد تەرجىمە قىلغان رۇبائىيلار توپلىمىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ھەيران قېلىشىدۇ، ئۇلار رۇبائىيلارنىڭ قىممىتىنى يۇقىرى باھالاپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ۋە يازغۇچى-شائىرلارغا تەۋسىيە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرى ھەققىدىكى ئاجايىپ تەرىپلەر كۆپىيىپ، كىتابنىڭ بازىرى چىقىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە 1889 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە تۆت قېتىم نەشر قىلىنىپ، تارقىلىش دائىرىسى ياۋروپانى قاپلايدۇ. 1929 ـ يىلىغا كەلگەندە، رۇبائىيلارنىڭ ئەينى چاغدا «ئەخلەت كىتابلار» قاتارىغا تاشلىنىپ قالغان تۇنجى نەشرىنىڭ ھەر بىر نۇسخىسى نيۇ يوركتا 8000 دوللارلىق باھا بىلەن كىمئارتۇق قىلىپ سېتىلىدۇ، ئېدۋارت فىتزگېرالد ياۋروپالىقلارغا ئۆمەر ھەييامنى تونۇشتۇرغانلىقى بىلەن يۈكسەك ئابرۇيغا سازاۋەر بولىدۇ.

تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، 1859 ـ يىلى ئەنگلىيە ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتكۈل ياۋروپالىقلار ئۈچۈنمۇ چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە دەۋر بۆلگۈچ يىل ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مۇشۇ يىلى نەشر قىلىنغان ئۆمەر ھەييامنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە رۇبائىيلىرى بىلەن بۈيۈك ئالىم چارلىز دارۋىن (1809 ~ 1882 ـ يىل-

لىرى ياشىغان)نىڭ «تۆرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ئەسىرى ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنغان كىتابلار تارىخىدا ئەڭ زور تەسىر قوزغىغان ئىككى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئىككى ئەسەر گەرچە ئوخشىمىغان ئىككى تۈرگە — بىرسى ئەدەبىياتقا، يەنە بىرسى بىيولوگىيەگە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ياۋروپالىقلارنىڭ قەلبىنى قاتتىق لەرزىگە سالدى، ئۆمەر ھەييامنىڭ يالقۇنلۇق خىتابلىرى بىلەن چارلىز دارۋىننىڭ ئىلمىي يەكۈنلىرى ياۋروپالىقلارنى مىسلى كۆرۈلمىگەن قايناق بىر دەۋرگە باشلاپ كىردى.

ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى ياۋروپالىقلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلدى، ئۇلارنىڭ كىتابقا بولغان ئىخلاسىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى، رۇبائىيلارنىڭ شەرق مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ قەدىمكى قول يازما كىتابلىرىدىكى قىستۇرما رەسىملەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان قويۇق رىۋايەت تۈسىنى ئالغان رەڭلىك قىستۇرما رەسىملەر بىلەن بېزەلگەن، ئېسىل مۇقاۋىلار بىلەن مۇقاۋىلانغان، بىر-بىرىدىن كۆركەم، بىر-بىرىدىن ھەيۋەتلىك نۇسخىلىرى ئارقا-ئارقىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. دۇنياغا مەشھۇر گۈزەل سەنئەت ئۇستىلىرى تەرىپىدىن ئالاھىدە لايىھەلەنگەن ھەشەمەتلىك نۇسخىلىرىنىڭ باھاسى 200 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ رۇبائىيلارنىڭ ھەر بىر قېتىملىق نەشرى ياۋروپالىقلار ئۈچۈن بىر بەختلىك بولدى، شۇنداق قىلىپ تاكى 1925-يىلىغىچە رۇبائىيلار 139 قېتىم نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى، بۇنداق ئەھۋال ئەدەبىيات تارىخىدا، بولۇپمۇ شېئىرىيەت تەرجىمىچىلىكى تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان ھادىسە ھېسابلىنىدۇ.

كېيىنكى چاغلاردا تەتقىقاتچىلار ئېدۋارت فىتزگېرالد تەرجىمە قىلغان رۇبائىيلار ئۈستىدە ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە بۇ تەرجىمىدە نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقىنى بايقىغان. مەسىلەن، رۇبائىيلارنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغان يەنە بىر تەرجىمان خېرون ئالليىننىڭ قارىشىچە، ئېدۋارت فىتزگېرالد تەرجىمە قىلغان رۇبائىيلارنىڭ يېرىمى ئۆمەر ھەييامنىڭ ئەسلىي رۇبائىيلىرىغا ئاساسەن توغرا كەلگەن، بىر قىسمى ئۆمەر ھەييامنىڭ بىر نەچچە رۇبائىيلىرىنىڭ مەزمۇنى ئاساسىدا قۇراشتۇرۇلغان، يەنە بىر قىسمى بولسا ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرىغا توغرا كەلمىگەن. مانا شۇ ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، تەتقىقاتچىلار ئېدۋارت فىتزگېرالدنىڭ تەرجىمىسىنى ئەسلىگە سادىق تەرجىمە بولماستىن، بەلكى ئەركىن تەرجىمە دەپ قاراشقان.

شېئىرنى چۈشىنىدىغان، بولۇپمۇ ئاز-تولا شېئىر تەرجىمىسى بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرگە ئايانكى، شېئىر تەرجىمىسى تولىمۇ مۈشكۈل جەريان ھېسابلىنىدۇ، باشقا بىر تىل مۇھىتىدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن، بەدىئىي ۋاسىتە ۋە ھېسسىيات ئامىللىرىنى يەنە بىر تىلدا شېئىرىي تەلەپلەر بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەرجىماندىن يۈكسەك سەۋىيە تەلەپ قىلىدىغان ئىككىنچى قېتىملىق ئىجادىيەت جەريانى ھېسابلىنىدۇ، بىر-بىرىگە ئەسلا توغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان تىللار ئارىسىدىكى شېئىرىي تەرجىمىدە ئاپتورنىڭ شېئىرنى يازغان چاغدىكى ھېس-تۇيغۇسى ۋە مەقسەت-مۇددىئاسىنى چۈشىنىش، ئۇنى يەنە بىر تىلدا تولۇق يورۇتۇپ بېرىش — كاپالەتلىك قىلىش ئېھتىماللىقى ئانچە يۇقىرى بولمىغان مەسئۇلىيەت ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا شېئىرنى تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ، دېگەن قاراشنى ئانچە خاتا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ.

پارس تىلىنىڭ شېئىرىيەت تىلى دېگەن نامى بار، بۇنى ھەرگىزمۇ مۇنداقلا دېيىلگەن

گەپ دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئۆمەر ھەييام ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان دەۋرلەردە پارس تىلى ئۆزىنىڭ مول، رەڭدار، يارقىن، پاساھەتلىك، ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە باي ئەۋزەللىكى بىلەن باشقا تىللارغا مەنسۇپ شائىرلارنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلغان. مۇشۇنداق باي تىلدا يېزىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەقەت تۆت مىسرا بىلەنلا بىر پۈتۈن شېئىرىي مۇھىت ۋە مەزمۇننى نامايان قىلىدىغان رۇبائىيلارنى ئىنگلىز تىلىدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ رايىغا ياققۇدەك دەرىجىدە ئىپادىلەپ بېرىشنىڭ قىيىنلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس، شۇڭا ئېدۋارت فىتزگېرالد ھايات ۋاقتىدا رۇبائىيلارنىڭ ھەر قېتىملىق نەشرىدە تەرجىمىنى داۋاملىق تەھرىرلەپ پىششىقلاپ ماڭغان.

گەرچە ئېدۋارت فىتزگېرالدنىڭ تەرجىمىسىدىن كېيىن رۇبائىيلار ئىنگلىز تىلىغا باشقىلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، ھەتتا بۇ تەرجىملەرنىڭ ئەينەنلىكى ۋە تەرجىمە سەۋىيەسى كۆپ يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن ئېدۋارت فىتزگېرالدنىڭ تەرجىمىسى ھازىرغىچە يەنىلا مۇتىۋەر ئورۇندا تۇرۇپ كەلمەكتە.

5

1898-يىلى ئەنگلىيەلىك پېشقەدەم ماتروس مورگان روبېرتسون «ئامالسىزلىق» دېگەن تېمىدا فانتازىيەلىك بىر رومان يېزىپ، لوندوندىكى ئىشلىرى ئانچە يۈرۈشمەي ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر نەشرىياتقا ئېلىپ كېلىدۇ، نەشرىيات غوجايىنى يازغۇچىغا دېگەندەك قىزىقىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ھەرھالدا رومانىنى نەشر قىلىشقا رازى بولىدۇ، ئەپسۇسكى رومان نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ھېچقانچە سېتىلماستىن، كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك، نەس باسقان نەشرىياتقا يۈك بولۇپ بېسىلىپ تۇرۇپ قالىدۇ.

روماندا ئىنسانىيەت دېڭىز قاتنىشى تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە غايەت زور، مەڭگۈ چۆكمەيدۇ دەپ ھۆددە قىلىشقا بولىدىغان دەرىجىدە پۇختا ۋە غايەت كۆركەم، ھەشەمەتلىك، ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل ياسالغان «تىتان» ناملىق پاراخوتنىڭ تۇنجى قېتىملىق دېڭىز سەپىرىدە ئەنگلىيەدىن ئامېرىكىغا قاراپ يولغا چىققانلىقى، ئەمما سەپەر ئۈستىدە شىمالىي ئاتلانتىك ئوكياندا مۇز قاتلىمىغا سوقۇلۇپ كىتىپ پاجىئەلىك ھالدا چۆكۈپ كەتكەنلىكى، بۇ ھادىسىدە 1500 نەپەر كىشىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالدا ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن ئىدى، ئەمما ئارىدىن 14 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، توساتتىن بۇ رومانىنىڭ بازىرى چىقىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يۇقىرى تىراژ بىلەن قايتا-قايتا نەشر قىلىنىپ كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ كېتىدۇ، ئەسلىدە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك بىر پاجىئە چاڭ-توزان ئاستىدا بېسىلىپ قالغان بۇ رومانىنىڭ ئويلىمىغان يەردىن بازار تېپىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان ئىدى.

6

1912-يىلى 4-ئاينىڭ 10-كۈنى ئەنگلىيەنىڭ «ئاق يۇلتۇز دېڭىز قاتناش شىركىتى»گە قاراشلىق بىر ئالاھىدە يولۇچىلار پاراخوتى ئامېرىكىغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ يەردە ئالاھىدە دېگەن سۆزنى تىلغا ئېلىشىمىزدىكى سەۋەب بىرىنچىدىن، پاراخوتنى ياساشتا شۇ چاغدىكى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئىلغار نەتىجىلىرى، بولۇپمۇ كېمىسازلىق سانائىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەسى تولۇق جارى قىلدۇرۇلغان؛ ئىككىنچىدىن، پاراخوت غايەت چوڭ بولۇپ، ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ پاراخوت خادىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ 3300 كىشىگە مۆلچەرلەنگەنلىكى قەيت قىلىنغان؛ ئۈچىنچىدىن، پاراخوتقا ئەڭ سۈپەتلىك، چىدامچانلىقى يۇقىرى

ماتېرىياللار ئىشلىتىلگەن، ئېگىز ئىككى قات، ئەتراپى قېلىن پولات ماتېرىياللار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، مەڭگۈ چۆكمەيدىغان پاراخوت دەپ قارالغان. پاراخوتنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى توماس ئاندرېۋس ئەڭ قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ، بۇ پاراخوت ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە چۆكۈپ كەتمەي تۇرالايدۇ، دەپ كاپالەت بەرگەن؛ تۆتىنچىدىن، پاراخوتنىڭ ئەسلىھەلىرى ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن تەڭدىشى يوق دەرىجىدە مۇكەممەل ۋە ئىنتايىن ھەشەمەتلىك بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن «غايىۋى پاراخوت» دەپ تەرىپلەنگەن. پاراخوتنىڭ ئىچىدە ئۈچ رېستوران، ئىككى ئاشخانا، قەھۋەخانا، سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى، بەدەن چېنىقتۇرۇش زالى، تۈركچە مۇنچا، ھۆسن تۈزەش ئورنى، كۇتۇپخانا، قىرائەتخانا، باغچە، دوختۇرخانا، ئوپېراتسىيە ئۆيى، گولف توپ مەيدانى، كونسېرت زالى، دەم ئېلىش ئۆيى، لىفت بولغاندىن سىرت، تېلېگراف، سىمسىز ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىسى، 20 دانە قۇتقۇزۇش كېمىسى قاتارلىقلار سەپلەنگەن.

بۇ پاراخوتنىڭ كىشىلەر بىلمىگەن ياكى بىلىشكە ئۈلگۈرمىگەن، بىز ئاڭلىمىغان يەنە باشقىمۇ ئالاھىدىلىكلىرى، تېخنىكىلىق ئەۋزەللىكلىرى، شۇنداقلا ئاشكارىلانمايدىغان سىر - ئەسرارلىرى بولغىيتتى. ھالبۇكى پاراخوت ھەققىدىكى ئاجايىپ - غارايىپ تەھسىن - تەرىپلەر، ماختاش - تەنتەنىلەرنىڭ سادالىرى تېخى بېسىلماي تۇرۇپلا بۇلارنىڭ ھەممىسى مەڭگۈلۈك تېپىشماققا ئايلاندى. پاراخوت تۇنجى قېتىملىق سەپىرىنىڭ 4 - كۈنى، يەنى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كېچىدە ئاتلانتىك ئوكياندا مۇز قاتلىمىغا سوقۇلۇپ كەتتى. ھەرقانداق ئېغىر ئاقىۋەتكە دۇچ كەلسىمۇ ئۈچ كۈنگىچە چۆكمەيدۇ، دەپ ئىشىنىشكەن پاراخوت ئۈچ سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە دېڭىز تەكتىگە چۆكۈپ كەتتى. ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدا پاراخوتتا جەمئىي نەچچە ئادەمنىڭ بارلىقى ھەققىدىكى سان - سىپىرلاردا مەلۇم پەرق بار. شۇلارنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيە تەرەپ ئېلان قىلغان مەلۇمات بىر قەدەر ئىشەنچلىك دەپ قارالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە پاراخوتتا پاراخوت خادىملىرى ۋە يولۇچىلاردىن جەمئىي 2208 نەپەر ئادەم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىن ئاران 705 نەپەر ئادەم ئامان قالغان، 1503 نەپەر ئادەم ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلغان.

تەتقىقاتچىلار پاراخوتتىكى كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتى ھەققىدىمۇ ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، پاراخوتتا ئەينى دەۋردە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن 57 نەپەر مىليونېردىن باشقا، ئالىم، يازغۇچى، رەسسام، كىنو چولپىنى، كىيىم - كېچەك لايىھەلىگۈچى ۋە پاراخوتنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى، غوجايىنى قاتارلىقلار بولغان.

شۇ چاغقىچە بولغان پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ مۆجىزىسى، ئىنسانىيەتنىڭ 20 - ئەسىرگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ سىمۋولى دەپ قارالغان بۇ پاراخوتنىڭ ئىسمى «تىتانىك» بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇرلۇقى، مەشھۇرلۇق شەرىپىنىڭ قىسقىلىقى ۋە تولىمۇ ئېچىنىشلىق ھالاكىتى بىلەن ئۇنتۇلماس بالا - قازالارنىڭ بىرى سۈپىتىدە تارىختىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى.

باشتا بىز سۆزلەپ ئۆتكەن ئەنگلىيەلىك يازغۇچى مورگان روبېرتسوننىڭ «ئامالسىزلىق» دېگەن فانتازىيەلىك رومانىنىڭ 14 يىلدىن كېيىن توساتتىن بازارلىق بولۇپ قېلىشى، دەل مۇشۇ «تىتانىك» ناملىق پاراخوتنىڭ ھالاكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

بىز بۇ يەردە ئەدەبىياتنىڭ قىممىتى، ئۇنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئۆتمۈشى

ۋە كەلگۈسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز، پەقەت 14 يىل بۇرۇن نەشر قىلىنغان بىر رومانىنىڭ، 14 يىلدىن كېيىنكى ئېچىنىشلىق بىر ھادىسە بىلەن قانداق مۇناسىۋەتى بارلىقى ھەققىدە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىگە ھاۋالە قىلىش بىلەن چەكلىنىمىز، خالاس.

مورگان روبېرتسوننىڭ «ئامالسىزلىق» دېگەن رومانىدا تەسۋىرلەنگەن ھەيۋەتلىك پاراخوتنىڭ نامى «تىتان» بولۇپ، بۇ سۆز گرېك ئەپسانىلىرىدىكى بىر ئىلاھنىڭ نامىدىن كەلگەن. «تىتانىك» پاراخوتىنىڭ نامىدىكى سۆز ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى بۆلەك «تىتان»نىڭ مەنىسى رومانىدا تىلغا ئېلىنغان مەنىە بىلەن بىردەك ئىكەن، ئىككىنچى بۆلەك پاراخوتنىڭ «ئاق يۇلتۇز دېڭىز ترانسپورت شىركىتى»گە تەۋەلىكىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە ئىكەن. دېمەك، رومانىدا تىلغا ئېلىنغان پاراخوت بىلەن «تىتانىك»نىڭ نامى ئاساسەن ئوخشاش ئىكەن. رومانىدا پاراخوتنىڭ ئەنگلىيەدىن ئامېرىكىغا قاراپ يولغا چىققان تۇنجى قېتىملىق سەپىرىدە ئاتلانتىك ئوكياندا مۇز قاتلىمىغا سوقۇلۇپ ھالاكەتكە ئۇچرىغانلىقى، ھالاكەتكە ئۇچرىغان ۋاقىتنىڭ 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى كېچە ئىكەنلىكى، ھالاكەتتە ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنىڭ 1500 نەپەر ئىكەنلىكى يېزىلغان ئىكەن. بۇمۇ «تىتانىك»نىڭ سەپەر يۈنىلىشى، ھالاكەتكە ئۇچراش سەۋەبى، ھالاكەتكە ئۇچرىغان ۋاقتى، ئورنى قاتارلىقلار بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ئۆلگەنلەرنىڭ سانى جەھەتتە ئازراقلا پەرق بار ئىكەن. رومانىدا تەسۋىرلەنگەن پاراخوتنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى ئەمەلىيەتتىكى «تىتانىك»نىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىكەن، «تىتانىك» 55 مىڭ ئات كۈچىگە ئىگە بولۇپ، رومانىدا تەسۋىرلەنگەن پاراخوت 50 مىڭ ئات كۈچىگە ئىگە ئىكەن. ھەر ئىككى پاراخوتنىڭ ئىتتىرىش موتورى ئوخشاشلا ئۈچ بولغاندىن تاشقىرى، سائەتلىك تېزلىكىمۇ ئوخشاش ئىكەن، دېمەك مورگان روبېرتسوننىڭ «ئامالسىزلىق» دېگەن رومانى 14 يىلدىن كېيىنكى ئېغىر ھالاكەتنىڭ ئالدىن بېشارىتى بولۇپ قالغان.

7

«سەمەرقەنت» رومانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇيمىز: «مەن سىزگە ئاتلانتىك ئوكياننىڭ تېگىدە مەڭگۈلۈككە چۆكۈپ كەتكەن بىر كىتاب ھەققىدە سۆزلەپ بەرمەكچىمەن. ئەينى دەۋردىكى گېزىتلەردە بۇ توغرۇلۇق ناھايىتى كۆپ نەرسىلەر يېزىلغان ۋە بۇ ھەقتە بىر نەچچە بەدىئىي ئەسەرلەرمۇ يارىتىلغان. «تىتانىك» ناملىق غايەت زور پاراخوتنىڭ 1912 ـ يىلى 14 ـ ئاپرېلدىن 15 ـ ئاپرېلغا ئۆتەر كېچىسىدىكى ھالاكىتى، دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك قول يازمىلارنىڭ بىرى بولغان بۈيۈك پارس ئالىمى ۋە شائىرى ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىمۇ دېڭىز تەكتىگە ئېلىپ كەتتى.

مەن بۇ ھالاكەت ھەققىدە تەپسىلىي توختالماقچى ئەمەسمەن. كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار ئاللىقاچان بۇ ھالاكەتنىڭ دەھشەتلىك ئاقىۋەتلىرىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاپ كۆرۈشكەن، شۇ قېتىمقى ھالاكەتتە ھاياتىدىن ئايرىلغان ھەر بىر ئادەم ھەققىدە ئەتراپلىق، تەپسىلىي مەلۇماتلارنى توپلاشقان. مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ قېتىملىق ھالاكەتتىكى ئەڭ مۇھىم يوقىتىش، ئادەملەرنىڭ ھېساب ـ كىتابلىرىدا ئېتىبارغا ئېلىنمىغان ئاشۇ تەۋەررۈك قول يازما ئىدى. مانا بۇ ۋەقەلەرنىڭ سادىر بولغىنىغا

ئالته يىل بولغان بولسىمۇ، شائىرنىڭ ئۆزى يازغان قول يازمىنى ــ بىرچاغلاردا ئۆز قوللىرىم بىلەن تۇتقان بىباھا قول يازمىنى مەڭگۈلۈككە يوقاتقانلىقىمنى زادىلا ئۇنتۇيالمايمەن. چۈنكى بۇ قول يازمىنىڭ ئۆز ئانا يۇرتى ئاسىيادىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلىشىگە مەن بەختى قارا بىنجامىن ئۆمەر لېسساج سەۋەب بولدۇم. ئۇنى مەن نەرسە-كېرەكلىرىم بىلەن ئاشۇ پالاكەت باسقان «تىتانىك» ناملىق پاراخوتقا ئېلىپ چىققان ئىدىم، مەن بىلەن زامانداش كىشىلەرنىڭ مەنمەنلىكى ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكى تۈپەيلىدىن بۇ پالاكەت سادىر بولۇپ، قول يازما يەر يۈزىدىن غايىب بولدى.»

راستىنلا «تىتانىك» ناملىق پاراخوتتا ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلار توپلىمى بولغانمۇ؟ ئەگەر بار بولسا ئۇ «سەمەرقەنت» رومانىدا يېزىلغاندەك ئۆمەر ھەييامنىڭ ئەسلىي قول يازمىسىمۇ ياكى باشقا نۇسخىسىمۇ؟

«سەمەرقەنت» رومانىدىكى ئاساسىي شەخسلەرنىڭ بىرى بىنجامىن ئۆمەر لېسساج. ئۇ ئامېرىكىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان فرانسىيەلىكنىڭ ئەۋلادى. روماندا ئېيتىلغىنىدەك 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تۇغۇلغان نۇرغۇن ئامېرىكىلىق بالىلارغا ئاتا-ئانىسى ئۆمەر ھەييامغا بولغان ئىخلاسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆمەر دەپ ئىسىم قويۇشقان، شۇ قاتاردا بىنجامىننىڭ ئىسىم-فامىلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغىمۇ ئۆمەر دېگەن سۆز قوشۇلغان، چۈنكى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ ئۆمەر ھەييامغا قاتتىق چوقۇنىدىغان كىشىلەردىن بولغان.

بىنجامىن ئۆمەر لېسساج چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ «مەنىۋى ئاتا»سى ئۆمەر ھەييامغا قىزىقىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان رۇبائىيلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇغاندىن باشقا، مەخسۇس پارس تىلى ئۆگىنىپ، رۇبائىيلارنىڭ پارس تىلىدىكى نۇسخىسىنى ئوقۇپ بېقىش، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ياۋروپا، ئامېرىكا ئوقۇرمەنلىرىنى ھەيران قالدۇرغان ئەسلىي قول يازمىسىنى كۆرۈپ بېقىش ئويىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نۇرغۇن ئەگرى-توقايلىقلاردىن كېيىن ئىرانغا بېرىپ، ھايات-ماماتلىق كەچمىشلەر بەدىلىگە ئاخىر ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئەسلىي قول يازمىسىنى تېپىشقا مۇيەسسەر بولىدۇ، ئۇ ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ تەۋەررۈك قول يازمىسىنى ۋە بۇ قول يازمىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ياردەم قىلغان، ھەتتا ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغان سۆيۈملۈك مەھبۇبى، ئىران مەلىكىسى شىرىننى ئېلىپ ئامېرىكىغا قايتماقچى بولىدۇ، تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن ئۇ 1912-يىلى 4-ئاينىڭ 10-كۈنى تۇنجى قېتىملىق سەپەرگە ئاتلانغان ھەشەمەتلىك «تىتانىك» پاراخوتىغا چىقىدۇ، 4-ئاينىڭ 14-كۈنى كېچىسى پاراخوت مۇزغا سوقۇلۇپ چۆكۈپ كېتىدۇ، بەختكە يارىشا بىنجامىن ئۆمەر لېسساج ۋە ئۇنىڭ مەھبۇبى ھايات قالغان بولسىمۇ، لېكىن رۇبائىيلارنىڭ ئۆمەر ھەييامنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان بىردىنبىر قول يازما نۇسخىسى «تىتانىك» بىلەن ئاتلانتىك ئوكيانىغا چۆكۈپ كېتىدۇ.

روماندىكى بۇ تەپسىلاتلار مېنى قاتتىق قىزىقتۇردى، رومانىنىڭ تەرجىمىسى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنى ئوقۇغانلاردىن بىر نەچچىسى مېنىڭدىن مۇشۇ ھەقتە سوراپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ھەييام ۋە ئۇنىڭ رۇبائىيلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئىزدەپ تېپىپ ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقتىم، مەن ئۇچراتقان ماتېرىياللاردا رۇبائىيلارنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ «تىتانىك» بىلەن دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار تولىمۇ كەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسپات-

سىز، تەخمىنىي ئىدى. ئاخىر مەن تورغا مۇراجىئەت قىلدىم، بىر قېتىم ئەمەس، قايتا- قايتا زېرىكمەي ماتېرىيال ئىزدىدىم.

ساۋ چاڭچىڭ ئىسىملىك مۇئەللىپ «تىتانىك» ناملىق پاراخوتنىڭ ھالاكەتكە ئۇچرىغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەيمەن» ناملىق ماقالىسىدە: «پاراخوتتا يەنە بىر بىباھا گۆھەر — پارس شائىرى ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلار توپلىمىنىڭ قول يازمىسى بار ئىدى» دەپ يازىدۇ.

ئەزەربەيجاندا نەشر قىلىنغان «جەت ئەل ئەدەبىياتى» ناملىق مەجمۇئەنىڭ 2- قىسمىدا تارانە مەمەدوۋا «ئىنسانىيەتنىڭ سۆز ئۇستىلىرى — ئۆمەر ھەييام» دېگەن ماقالىدە: «20- ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە بۈيۈك بىرىتانىيەدە ياسالغان ئەڭ چوڭ، ھەشەمەتلىك پاراخوت ‹تىتانىك› چۆكۈپ كەتكەندە، ئۆمەر ھەييامنىڭ قەدىمكى قول يازمىسى ‹رۇبائىيات›نىڭ پاراخوتتا بولغانلىقى مەلۇم بولماقتا» دەپ يازىدۇ.

ئاپتورى ئەسكەرتىلمىگەن يەنە بىر تۈركچە تەتقىقات خاراكتېرىدىكى ماقالىدە «‹تىتانىك›تىن تېپىلغان ئالتۇنلارنىڭ ۋە گۆھەرلەرنىڭ مىقدارىنى بىلگىلى بولمايتتى، بولۇپمۇ پاراخوتتا قانچىلىك مال- مۈلۈك بېسىلغانلىقى نامەلۇم ئىدى؛ ھالبۇكى ئۆمەر ھەييامنىڭ پاراخوتتا قېپقالغان قول يازمىسى، گۆھەر سۈپەتلىك ‹رۇبائىيات›ى ناھايىتى چوڭ يوقىتىش ئىدى» دەپ يېزىلغان.

يەنە بىر تۈركچە ماقالىدە، «ئىنگلىزچە مەنبەلەردە كۆرستىلىشىچە، ‹تىتانىك›تا چۆكۈپ كەتكىنى ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ بىردىنبىر ئەسلىي قول يازمىدىن قىلىنغان ئىنگلىزچە تەرجىمىسىمىش. بۇ كىتاب ئىنتايىن قىممەتلىك ئۈنچە- مەرۋايىت ۋە ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ئامېرىكىدىن قىلىنغان ئالاھىدە زاكاز بويىچە ئىشلىنىپ يولغا سېلىنغان» دېيىلگەن.

ئاتاقلىق تەرجىمان خوالىڭ گاۋشى ئەپەندى «ئىنگلىزچە- خەنزۇچە 100 رۇبائىي» دېگەن كىتابقا يازغان «قويۇق رىۋايەت تۈسىنى ئالغان شېئىر — رۇبائىي» ماۋزۇلۇق كىرىش سۆزىدە، رۇبائىيلارنىڭ ئۈنچە- مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن بىر ھەشەمەتلىك نۇسخىسىنىڭ «تىتانىك» بىلەن دېڭىز تەكتىگە چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى يازىدۇ.

«تىتانىك» ناملىق بىر كومپيۇتېر ئويۇنى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئويۇن ئوينىغۇچىنىڭ «تىتانىك»تىكى ھەر خىل قىممەتلىك نەرسىلەرنى قۇتقۇزۇش جەريانىدا، ئۆمەر ھەييامنىڭ قول يازمىسىنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ئالاھىدە بىر ئۆتكەلنى بېسىپ ئۆتۈشى تەلەپ قىلىنغان.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولىدۇكى، «تىتانىك» ناملىق پاراخوتتا ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىيلىرى بولغان. شۇ ھالاكەتتىن 99 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئاتلانتىك ئوكيانغا چۆكۈپ كەتكەن رۇبائىيلارنىڭ ئۆمەر ھەييامنىڭ ئەسلىي قول يازمىسىمۇ ياكى باشقا بىر قىممەتلىك نۇسخىسىمۇ بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش قىيىن، ئەمما ئالەمدە تەڭدىشى يوق «تىتانىك» پاراخوتى، ئالەمدە تەڭدىشى يوق رۇبائىيلارنى دېڭىزنىڭ سىرلىق تەكتىگە ئېلىپ كەتتى، تالاي سىرلىق كەچمىشلەرنىڭ شاھىتى بولغان رۇبائىيلار يەنە بىر قېتىم سىر قوينىغا غەرق بولدى.

8

ئۆمەر ھەييام نامىدىكى رۇبائىيلارنىڭ سانى، مەنبەسى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي تەۋەلىك مەسىلىسى — دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، ھەرقايسى ئەللەردىكى رۇبائىي تەرجىمانلىرى، ئەدەبىياتشۇناسلار ۋە شەرقشۇناسلار ئىزچىل بۇ تېمىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە. مەلۇم بولۇ-

شىچە ھازىر تەخمىنەن 800 پارچە ئەتراپىدىكى رۇبائىي ئۆمەر ھەييام نامىدا تارقىلىپ يۈرمەكتە ئىكەن، ئۆمەر ھەييامنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە كۆچۈرۈلگەن رۇبائىي توپلاملىرىدىكى رۇبائىيلارنىڭ سانىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىكەن. ئۇزاق يىللىق تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۆمەر ھەييامنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ قول يازمىدىكى رۇبائىيلىرىنىڭ سانى 200 پارچىغا يەتمەيدىكەن. نىسبەتەن كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ قول يازمىلاردىكى رۇبائىيلارنىڭ سانى بولسا 400 پارچە ئەتراپىدا ئىكەن، تەتقىقاتچىلار مۇشۇ نۇقتىلارنى نەزەرگە ئالغان ھالدا قايتا - قايتا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىغا باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلغان رۇبائىيلارنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى، بۇلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ناھايىتى قىيىن ئىكەنلىكىنى، شۇنداقتىمۇ ئۇزاق يىللىق سېلىشتۇرۇش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تەخمىنەن 300 پارچىغا يېقىن رۇبائىينىڭ ئۆمەر ھەييامغا تەۋەلىكىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشقان، بۇلاردىن شۇنى تونۇپ يېتىشكە بولىدۇكى، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى ھەر قايسى دەۋرلەردە ئەسلىسىنى تاشلاپ كېتىش، يېڭىسىنى قوشۇپ قويۇش، تەھرىرلەش، ئۆزگەرتىش، ئۆمەر ھەييامنىڭ ئەسلىي ئىدىيەسىنى بۇرمىلاش ياكى سۈيىئىستېمال قىلىشتەك قىلمىشلاردىن خالىي بولالمىغان.

ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ بىزدە نەشر قىلىنغان ئۈچ خىل نۇسخىسىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە پەرق ۋە گۇمانلىق نۇقتىلار مەۋجۇت. گەرچە بىزدە بۇ ھەقتە ئەتراپلىق سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ئىچىدە «ساختا رۇبائىيلار»نى يوق دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ تەرجىمىلەرنىڭ مەنبەسى ئاساسەن تەرجىمىنىڭ تەرجىمىسى ياكى ئۈچىنچى قول تەرجىمە بولۇپ، ئانچە ئىشەنچلىك دەپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئۆزبېكىستانلىق بىر تەرجىمان ئىسپانىيەلىك مەشھۇر شائىر لوركانىڭ شېئىرلىرىنى ئىسپان تىلىدىن رۇس تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسىگە ئاساسەن ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇپتۇ. ئارىدىن خېلى ئۇزاق يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، شۇ تەرجىمە ئىشىدا كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ، ئىسپان تىلىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپتۇ، ئىسپان تىلىنى ئۆگىنىپ مەلۇم سەۋىيەگە يەتكەندىن كېيىن، ھەيران بولغان ھالدا ئۆزىنىڭ لوركانىڭ شېئىرلىرىنى ئەمەس، بەلكى لوركانىڭ شېئىرلىرىنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىماننىڭ شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلغانلىقىنى بايقاپتۇ. دېمەك، بىرىنچى قول تەرجىمىمۇ ئەسلىدىن كۆپ يىراقلاپ كەتكەن، شۇنداق ئىكەن، بىز كۆرۈۋاتقان ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ تەرجىمىسىنىڭ ئەسلىسىدىن قانچىلىك يىراقلىقىنى بىر نېمە دېمەك تەس.

خەلقىمىز ئارىسىدا پارس تىلىدىكى ئەسەرلەرنى بىۋاسىتە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنە مەۋجۇت. ئىشىنىمىزكى، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك، مۇنتىزىم ۋە ساپ نۇسخىسى ھامان بىر كۈنى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىنغۇسى.

(ئاپتور «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا)

مۇھەررىر مۇختار تۇردى




## قىلىق چىقىرىش

قۇياشتىن ھەر تىنىق نۇرلار كېلىدۇ،
بىلمەك تەس يېنىدا يۈرگەن ئادەمنى.
تاشلارمۇ سۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ،
تونۇشتىن ۋاز كەچتىم بۈگۈن دۇنيانى.

ئېچىلىپ-ئېچىلىپ توزۇۋالدى گۈل،
دەريادا قالمىدى دولقۇنلىغان جۇش.
بىر ئادەم دەرەختىن كەتتى يىقىلىپ،
ئاجايىپ راھەتتۇر ئۆزىنى ئۇنتۇش.

تۇيۇقسىز ئاسمانغا ئېتىپ يۈرەكنى،
ئۇخلىدىم قانغۇچە ئاينىڭ كۆكسىدە.

لېۋىڭنى قاپقارا چۈشەپ قالمەن،
يالىڭاچ ئۇخلىغان بەزى كېچىدە.

سىيرىلىپ-سىيرىلىپ ياغىدۇ يامغۇر،
پىچىرلاپ سارغىيار ھەممە يوپۇرماق.
بىر تېمىم سۇ دېگەن ئېسىل ھاياجان...
بەختمۇ دۇنيادا بىرگە ياشىماق...

يۇلتۇزلار كۆرۈنسە ئىچىمدە ئاچچىق...
كوچىلار سېغىنار قىلىقلىرىمنى.
قارايمەن بەزىدە دەرەخ كۆكسىگە،
بىلمەن ئۆلۈمگە يېقىنلىقىمنى.

## كەچمىش بولسۇن

ئالبومدا يەنىلا شۇ گۈزەل كۈنلەر،
يۈرەكتە يىغلايدۇ يەنە كونا گەپ.
قاپقارا كۆزۈڭنى سېغىندىم، دىلبەر
تىترىگەن ھەسرەتنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ.

قۇياشنىڭ نۇرلىرى سېنىڭ مېھرىڭدۇر،
ھىلالدىن ئاڭلايمەن ئاۋازلىرىڭنى...

كۆزۈمنى يۇمدۇرار تەنھا كېچىلەر،
چۈشۈمدىن ئىزدەيمەن پەرۋازلىرىڭنى.

ئاڭلايمەن گېپىڭنى يېقىن-يورۇقتىن،
بىر دەستە گۈل ئىدىڭ ئاشۇ چاغدىمۇ...
ياخشىلىق تىلەشنىڭ پايانى ئۇلۇغ،
سۆيۈنۈش تۇيغۇسى قالغان داغدىمۇ...

بىر گۈزەل ھېكايە ــ ياشلىق سۆيگۈسى،
گۈللەردەك ئېچىلغان كۆڭۈللەر ئامان.
ئىسمىمنى مەن يەنە قىزىل دېمىدىم...
ئىنساندەك ياشاشقا زاماندىن ـ زامان.

سەن كەتكەن يوللاردا ئاسمان قولى بار،
دەرەخلەر بار يەنە تۇرغان يېرىڭدە...

تەمبۇرنىڭ كۈيىنى ئاڭلىيالايسەن...
تۇپراقنى سۈپۈرۈپ ئايال مېھرىڭدە.

بار سۆزۈك بېرىشقا بولار كۆنلەرگە،
قولۇڭدا پاكىز ئەتمىشلەر بولسۇن...
كۆكسۈمگە ئۇرغىنىم مۇشۇ كۆنلەركەن
لېۋىڭدە قالغىنى كەچمىشلەر بولسۇن!

## دىلبەر كوچىسى

مېنىڭ ئادەم چىقماس، بىر ناخشا چىقار،
بىر تال كېچەڭدە مېنىڭ تاڭلار ئاتار...
مەن بارغان چاغدا ئاشۇ كوچىغا...
ئېچىلغان گۈللەر قاتارمۇ قاتار...

تەمبۇر چېلىنغان ئۆيلەر ياشلانماس...
يۈرىكى يوقتىن سۆيگۈ باشلانماس.
بىر تال چوغى يوق سۈرگەن خىيالغا،
لەۋلىرى قىزىل يارلار تاشلانماس...

مەلەڭدە يۈرسەم قۇشلار خىيالچان،
ئۆگزەڭگە چىقسام ئاسمانغا تۇتاش
ئاشۇ دەريادا مەن ئېقىپ باردىم...
قەلبىم رەڭگىدە رەڭلەن قەلەمقاش...

رىۋايەت ئەمەس ھېلىقى گەپلەر،
ئەرنىڭ لەۋزىدە بوغداي كۆيىدۇ.
قىرىق تال چېچىڭ يۆگىلەر ماڭا،
بىر كۈن يۈرەكنى بىر تال بوغىدۇ.

باشلا ساقاللىق يەرلىرىڭ بولسا،
يۈزگە نۇر بولۇر ھالالغا سالام.
چىغىر يوللاردا شەيتان ئولتۇرغان،
ئىشقتا تۇتقۇن يۈرەكلەر قارام.

بىر ناخشام قالسۇن سېنىڭ كوچاڭدا،
بىكار سۆيۈلمەس غۇنچە پەسىللەر.
بىر تال سۆيۈشنى ساقلاپ قويۇڭلار،
لەۋلىرى يېرىق، قەلبى مىسكىنلەر.

(ئاپتور شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇنىۋېرسال سەنئەت قانىلىدا)

رۇقىيە ئابدۇللا

# ئىككى شېئىر

## قويۇۋەتكىن يامغۇر تامان ئۈنۈڭنى

يامغۇرغا چىلىنىپ كېتىۋاتقان مەن،
مۇبارەك بولسۇن يامغۇرلىرىڭغا!
يامغۇرلۇق بۇ كۈندە قاغجىراپ ياتقان،
چۆللىرىڭدىكى ئالۋۇنلىرىڭغا.

تامچىلار چاچلىرىڭدىن ساقىپ تۇرسىمۇ،
قۇلىقىڭغا شېئىر تاتلىق سۆيسىمۇ،
يۈرىكىڭگە مەھكەم تۇتۇپ كۆنلۈكنى،
نېمانچە چۆچۈيسەن يامغۇردىن گۈلۈم؟
ئەجەبا، يەتمىگەن بولسا ھە ئۈنۈم !

بىلىمەن سەن يامغۇرغا ئاشىق،
شۇڭا ھەردەم كۆڭلۈڭ يوق قولۇڭدا.
سىمىلداپ تۆكۈلسە كۆكتىن تامچىلار،
گۈل ئۈنگەندەك بىلىنىدۇ يولۇڭدا.

ئەمما گۈلۈم
تۇتۇۋالما يۈرىكىڭگە كۆڭلۈكنى،
ئۇمۇ قېنىپ كۈلسۇن، يايرىسۇن.
يامغۇردىمۇ كۆيەمدۇ ئاچچىق،
سەگىۋالسۇن، ئۆزى ئايرىسۇن.

كۆردۈم
يۈزۈڭدىكى تامچىلاردىن چۆل پۈرايدۇ،
كىرپىكىڭگە قونغان تامچە قاپتۇ ھالسىراپ.
پىچىرلىغان شېئىرلارنىڭ رەڭگى سامان،
يامغۇر ئىچرە ئىزتىراپتا تۇرسا سۇسىراپ.

بىلىمەن، سەن يامغۇرغا ئاشىق،
بۇ يامغۇر بولسىمۇ شۇ قەدەر قۇرغاق،
تۇتۇۋالما يۈرىكىڭگە كۆڭلۈكنى،
قويىۋەتكىن يامغۇر تامان ئۇنىڭنى...
سىم-سىم يامغۇر

تۇغۇلغاندا روھىڭدا تىمتاس
سەنمۇ ھەم تۇغۇلسەن مىسرالىرىڭدا
يامغۇر بولۇپ چېچەكلەيسەن ئارمانلىرىڭدا
ئېھ گۈلۈم! ...

## سەن مەن تەرەپتىن كېتىۋاتقاندا

نەپەسلىرىڭ ئۇزاپ كەتتى بۇ يەردىن
سەزگۈلىرىم چۆل-چۆل بولدى ئاڭلانمىغاچ تىۋىشىڭ،
كۆزلىرىمدىن باھار كەتتى، باھار كەتتى...
قار ئۈستىدە كۆيەر نازۇك دىل،
سۆكۈتىنىڭ باغرىغا يىقىلغاندا تىل.

قايتىپ كەلدىم ئۆيۈمگە ئاستا،
كۆيلىنەر چېھرىمدە ھىجران يىقىملىق
يانفونۇمدىن ئاقار دەريا، ئاقار دەريا...
دېرىزەمنى چېكەلمەس ئاق قار،
سەن بولمىغاچ يېنىمدا ئەي يار.
تۈنىنىڭ ئاپپاق قوللىرىغا يىقىلدىم
سەن ئۇشتۇمتۇت مەن تەرەپتىن كېتىۋاتقاندا
بەرداشلىقىم ئىمجان بولدى، ئىمجان بولدى...
ئاپپاق پەيلەر توزىغاندا سەرسان-سەرسان،
دېكابىرنىڭ يۈرىكىدىن تامچىلار قان.

مەن پىنھاندا تۇراتتىم جىمجىت،
سەن بۇرۇلۇپ مەن تەرەپتىن كېتىۋاتقاندا
ئىزىڭنى ئاستا سۆيدۈم، ئاھ سۆيدۈم...
قۇياش غەربكە پېتىۋاتقاندا
تاڭنى كۈتتۈم جېنىم ئامرىقىم،
سەن بۇ يەردىن كېتىۋاتقاندا.

(ئاپتور «كۆسەن» ژۇرنىلى تەھرىراتىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۈلبوستان ئابدۇرېھىم

# ئۈچ شېئىر

## ئوقۇپ بەردىم چىمەنلەرگە لىرىكا

ئىلھامىمنىڭ بەرگىلىرىنى يايدىم مەن،
قۇياش ئالتۇن نۇرلىرىنى چاچماستا.
مىسرالىرىم لەشكەر كەبى تىزىلدى،
قۇشلار تاتلىق ئۇيقۇسىنى ئاچماستا.

ئوقۇپ بەردىم چىمەنلەرگە لىرىكا،
چۈنكى ئۇلار ئىلھامىمغا رەڭ بەرگەن.
شۇ سۇباتلىق، قايناق لىرىك مىسرانى
چىمەنلەرنىڭ كۆزلىرىدىن مەن تەرگەن.

## يۈرەك سەگىدى

سۆيگۈ چېچىپ لەرزان شاماللار،
ئېلىپ كەلدى ھېدىڭنى لەۋەن.
چىمەنلەردە كۈلگەن ياپراقنىڭ
ئۈزلۈقىدا يوقتۇر ھېچ ئېۋەن.

ئەتىرگۈللەر زىننىخلىرىدا،
ئوينار تاتلىق ۋىسال كۈلكىسى.
باغلار كۈلەر، بۇلبۇللار كۈلەر.
يەتكەچ گۈلگە ئوتلۇق سۆيگۈسى.

ئىپار يەڭلىغ خۇشبۇي ھىدىڭدا،
سۈزۈك يۈرەك سەگىدى ئەجەب.
قىرقىپ ئاچچىق ھىجران پېيىنى،
گۈللەر كۈلەر ۋىسالنى چۈشەپ.

پىراقىڭدا ئاققان قەترىلەر،
يۇيۇپ قويدى قىياق مەڭزىنى.
ئورمانلارغا شاد بولغان قۇشلار،
سۈرۈۋالدى بەخت پەيزىنى.

بىز ئىز سالغان چىغىر يوللاردا،
يۇلتۇزلاردەك چاقنار ئەقىدە.
ئارمانلارنىڭ شەپەقلىرىدە،
پاك سۆيگۈمىز بولدى رەسىدە.

ھىدىڭ كەلگەن شوخ شاماللارنىڭ،
قانىتىغا مىنگىشىپ كەلگىن.
دىدارىڭنىڭ مېھرىگە قاناي،
بۇنى ئۆزۈڭ يۈرەكتىن بىلگىن.

بىر شاختىكى بىر جۈپ چېچەكتەك،
تىنىقىمىز ھىدلانسا مەڭگۈ.
ئېيتساق بىللە ۋىسال كۈيىنى،
كۆكلىمەدۇ بىزدىكى سۆيگۈ.

# شامالللاردەك كەلگەن ئەي لەۋەن

قاراقلىرىم تۆكمىگەن ياشنى،
يۇرەكلىرىم تۆكتى بىر پاتمان.
سەن بىپەرۋا كەتكىنىڭ بىلەن،
قالدى مەندە ھەسرەتلىك ئارمان.

ۋاز كېچىشنى قىلمىدىم خىيال،
ئەقىدەمنى قىلساڭمۇ پايخان.
سىياقىڭنى ئۈزدەپ تاپالماي،
مەن يۈرىمەن تېخىچە سەرسان.

بۇلۇتلارنىڭ ئاراشلىرىدىن،
ئاي جىلۋە قىپ نازلىق باقىدۇ.
سېغىنىشنىڭ چوغدەك قىيانى
ۋۇجۇدۇمغا سەل بوپ ئاقىدۇ.

ئورمانلاردا تۈنىگەن قۇشلار،
دەردلىرىمنى سورايدۇ مەندىن.
قۇندۇز چېچىم ئاپپاق نېلۇپەر،
بولۇپ قاپتۇ ئايرىلىپ سەندىن.

چىمەنلەردىن پەقەت بىر ساڭا
گۈل تېرىيمەن ئۈبتەك-ئۈبتەكلەپ.
چۆنىكىمدە ئاپپاق ناۋاتلار
يار سەن ئۈچۈن كەتتى پىلەكلەپ.

گۈللەر چېكىپ ھايات پەسلىمگە،
شامالللاردەك كەلگەن ئەي لەۋەن.
ئاھ، بۇلۇتلۇق قەلبىم كۆكىدە،
سەيىد ئەتسۇن ھەسەنۇھۈسەن.

(ئاپتور قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپىدە)



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئازاد سۇلتان

# ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ھەققىدە

شائىر ئوسمانجان ساۋۇت بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ 1961-يىلى تۇنجى شېئىرى ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىزچىل تۈردە ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ»، «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپپاق»، «توزان قەسىدىسى»، «ياڭرا ئەجەم»، «يۈرىكىم، سىنىڭ قېپىڭ»، «دالىلارنى باشلاپ كەلدىم قۇچاقلىرىڭغا»، «قورۇق تام»، «كۆكلەم لىرىكىلىرى»، «تاغ ناخشىلىرى»، «ئاق يۇلتۇز»، «ئون ئەسىر»، «ئەجەم بىلەن سۆزلىشىش»، «يەر شارى يىغلىسا» قاتارلىق شېئىرلىرى ئۇنىڭ نامىنى ئېلىمىز كىتابخانلىرىغىلا ئەمەس، چەت ئەل ئوقۇرمەنلىرىگىمۇ تونۇتتى. ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ لىرىك شېئىر ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈرگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىگە مۇۋاپىق باھا بېرىش، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەش، نادىر ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر ۋە ئەھمىيەتلىك خىزمەتتۇر. بۈگۈنكى پائالىيەتمۇ بۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتەلىگەنلىكىمىزنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئوسمانجان ساۋۇت ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدا ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئەمما، ئۇ يىللاردىكى ۋە كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى ئاپەت خاراكتېرلىك ئىنقىلابلار ئىمكان بەرمىگەچكە، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى يېڭى دەۋر باسقۇچىدىلا ئاندىن گۈللىنىشكە يۈزلەندى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە 1000 پارچىدىن كۆپرەك شېئىرى ئېلان قىلىندى. ھەرقايسى نەشرىياتلاردا «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» (1984-يىلى)، «تاڭ لىرىكىسى» (1989-يىلى)، «تەڭرىتاغ شاماللىرى» (1996-يىلى)، «تۈن تىۋىشلىرى» (1999-يىلى)، «تاغلار بىلەن سۆزلىشىش» (2000-يىلى)، «گۈللەر سۆزلەيدۇ» (2007-يىلى) قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە لىرىك شېئىر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداق دېيىش تامامەن مۇمكىنكى، ئوسمانجان ساۋۇت بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە لىرىك شېئىر ئىجادىيىتىنى يېڭى پەللە-

گە كۆتۈرگەن ئالدىنقى قاتاردىكى شائىرلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توختالغاندا ئىزچىللىق، شېئىرىي تېمىدىكى كەڭلىك، پىكىردىكى چوڭقۇرلۇق، شېئىرىي ھېسسىياتتىكى قايناق ھەم جۇشقۇنلۇق، شېئىرىي تىلدىكى رەڭدارلىق، قۇرۇلمىدىكى پۇختىلىق ۋە يارقىن مۇزىكىدارلىق قاتارلىقلارنى ئوسمانجان ساۋۇت لىرىك شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىدىكى ئىزچىللىق ئاساسەن ئۇنىڭ ھېسسىيات ئىزچىللىقىغا قارىتىلغان. ھېسسىيات شېئىرنىڭ ئىچكى مەنبەسى، شېئىرىي پىكىرنىڭ قانىتى. ئۇ تەبىئەتتىن، جەمئىيەتتىن كېلىدۇ. شائىر تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ چوڭقۇرلىشىدۇ، بېيىدۇ ۋە ئۆز ھارارىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئوسمانجان ساۋۇت شېئىر ھەققىدە: «شېئىرىيەت — ئەڭ يۈكسەك سەنئەت، ھايات — شېئىر دېمەكتۇر. جەمئىيەت، تەبىئەت، ئىنسان قەلبى شېئىر بىلەن تولغان. پەقەت ئۇنى كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر كۆز، ھېس قىلالايدىغان ئوتلۇق قەلب، ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان چاقناق پاراسەت بولغاندىلا جەمئىيەت، تەبىئەتتىكى ھەر بىر شەيئى، ھەر بىر ھەرىكەت، ھەر بىر رەڭ، ھەر بىر ئۈن شائىرنىڭ ئەڭ ياخشى شېئىرىغا ئايلىنالايدۇ» دەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىجادىيەت مىزانى، شۇنداقلا ئىجادىيەت جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن تەجرىبىسىدۇر. ئۇ شېئىر ئىجادىيىتىنى شۇنداق دەپ بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ھاياتتىكى، تەبىئەتتىكى ھەر بىر رەڭ، ھەر بىر ئاۋاز، ھەر بىر كىچىك كۆرۈنۈشنى ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇلارنى ئۆز شېئىرلىرىنىڭ ھېسسىيات مەنبەسى قىلغان. شۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا كىشىلەرنىڭ دىققەت نەزىرى چۈشمەيدىغان «قارا تاش» بىردىنلا جانلىنىپ، ئاجايىپ چوڭقۇر شېئىرىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ؛ «ئالمىدەك يۈرەك»كە «ئالەمچە سۆيگۈ» سىغىدۇ؛ كىيىمىگە قونۇۋالغان «توزان» مۇقەددەس ۋەتەننىڭ مۇقەددەس تۇپرىقى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ، كىتابخانىغا چەكسىز يۈكسەكلىك تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ؛ «ئالا بويناق» بولسا ساداقەتمەن ۋەتەنپەرۋەر سىياقىدا نامايان بولىدۇ. «قارا تاش» بىلەن «ئالا بويناق»نى ۋەتەنپەرۋەر ئەزىمەتنىڭ سىمۋولى نۇقتىسىدىن، «توزان»نى مۇقەددەس ۋەتەن تۇپرىقى نۇقتىسىدىن كۆزىتىش ۋە جانلاندۇرۇپ ئىپادىلەش شېئىرىي ئوبيېكتقا بولغان مۇئامىلە نۇقتىسىنى ئۆزگەرتىشكە ماھىر شائىرلارلا ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغان ئىش بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئوسمانجان ساۋۇت يېرىم ئەسىرلىك ئىجادىيىتىدە خېلىلا كۆپ شېئىرىي نەمۇنە ياراتتى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە قوشقان مۇھىم تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ. ئوسمانجان ساۋۇت ئىجادىيىتى ئىزچىللىققا ئىگە دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ شېئىر يېزىشنى 50 يىلدىن بۇيان ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئاشۇ 50 يىلدىن بۇيانقى شېئىرلىرىدا لىرىك ھېسسىياتنىڭ ئىزچىل بېيىپ بارغانلىقىنى، شېئىرىي پىكىرنىڭ بارغانچە مۇكەممەللىشىپ، كېڭىيىپ ۋە چوڭقۇرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، شېئىرىي مۇھىتنىڭ رەڭدارلىشىپ، شېئىرىي ئوبرازلىرىنىڭ بارغانسېرى تاكامۇللىشىپ بارغانلىقىنى كۆزدە تۇتىمىز. مەسىلەن: 1962-يىلى يېزىلغان «قار» لىرىكىسى بىلەن 1985-يىلى يېزىلغان «قار باسقان دالالار، قار باسقان يوللار» لىرىكىسىنى، 1962-يىلى يېزىلغان «بۇلاق» لىرىكىسى بىلەن 1987-يىلى يېزىلغان «كۆكلەم لىرىكىسى» نىڭ بىر قىسمى بولغان «بۇلاق»نى، 80-يىللاردا يېزىلغان «ياڭرا ئەجەم» بىلەن 2006-يىلى يېزىلغان «ئەجەم بىلەن سۆزلىشىش»نى، 1991-يىلىدىكى «يېڭى كۈن قەسىدىسى» بىلەن 2006-يىلىدىكى «60 ياشقا كىرگەن كۈنۈمدە»نى ئۆزئارا

سىلىشتۇرىدىغان بولساق، شېئىرىي ھېسسىياتنىڭ ۋەزىن-سالمىقى، شېئىرىي پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە كەڭلىكى جەھەتتە بارغانسېرى كۆچەيگەن، يۈكسەلگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئوخشاش شېئىرىي ئوبيېكتلار ئالدىنقى مەزگىلدە پىزاژ تەسۋىرى ۋە ھېسسىي تەسىرات نۇقتىسىدىن، كېيىنكى مەزگىلدە بولسا پىسخىك تەسۋىر، ھاياتىي ھېكمەت ۋە مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت نۇقتىسىدىن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بىز دەۋاتقان ئىزچىللىق يەنە بىر خىل مەنىدە شائىرنىڭ سىرتقى دۇنيادىن روھىي دۇنياغا يۈزلىنىش، بەلكى ئۇنىڭغا بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ كىرىش، شېئىرىي ھېسسىياتتا بارغانسېرى بېيىش-پىشىش، شېئىرىي پىكىردە بولسا، بارغانسېرى چوڭقۇرلاش ۋە كەڭلىك ھاسىل قىلىش ئىزچىللىقى ھېسابلىنىدۇ.

ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، تەبىئەتتىكى ئەڭ ئادەتتىكى ھادىسىلەر، جەمئىيەتتىكى ئەڭ ئاددىي شەيئىلەرمۇ، شائىرنىڭ لىرىك كەيپىياتتىكى نەزىرىدىن قېچىپ كېتەلمەيدۇ. «قاشلىق بۇلبۇلغا»، «قارلىغاچ ۋە قىزىم»، «قورۇق تام»، «كەچۈرگىن سەن مېنى، ئالا بويىنقىم»، قارىغاي»، «ئۇۋۇل»، «ئۇيۇل تاش» قاتارلىق شېئىرلار سۆزىمىزنى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

شائىردا ئالدى بىلەن باشقا ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغان تۇيغۇ، زوقلىنىش ۋە شائىرانە ئىستېدات بولىدۇ. شائىر تەبىئەت، جەمئىيەت، ئادەم ۋە ئۆزلۈكنى، شۇنداقلا ئۇلاردىكى روھىي بوشلۇقنى باشقىلاردىن چوڭقۇرراق كۆزىتەلەيدۇ ھەم ئۇلارنى سەنئەتلىك ھالەتتە قايتا ئىجاد قىلالايدۇ. ئوسمانجان ساۋۇت مانا شۇنداق شائىر، شۇڭا ئۇنىڭ ھەر بىر شېئىرى كىشىگە ئالاھىدە يېقىشلىق ۋە ھوزۇرلۇق بىلىنىدۇ.

پەلسەپىۋىلىك ــ شېئىر مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەم ئۇنىڭ سەنئەتتىكى يۈكسەك ئورنىنىڭ كاپالەتلەندۈرگۈچىسى. شېئىرلاردا پەلسەپىۋى مەزمۇن قانچە چوڭقۇر بولسا، ئۇنىڭ كىتابخانغا بېرىدىغان تەسىرى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ ۋە ئۇزاققا سوزۇلىدۇ. شېئىرنىڭ ھاياتلىقى ــ ئۇنىڭ پەلسەپىۋى پىكىر بىلەن قانچىلىك تويۇنغانلىقىغا زىچ باغلىنىشلىق. شېئىر ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشى ۋە ئۇنىڭغا مەنە ئاتا قىلىشىدىكى ئۆزگىچە تەپەككۇر ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. شېئىرىي تەپەككۇر كەسكىن پەلسەپىدىن ئېنىق ھالدا ئايرىلىپ تۇرغاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن پەلسەپە دۇنيانى كۆزىتىشنىڭ ئۇسۇلى سۈپىتىدە سەنئەت، جۈملىدىن شېئىرىيەتكە مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، شېئىر بىلەن پەلسەپە بىر-بىرىدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدۇ، شېئىرىي پىكىر پەلسەپىۋى يۈكسەكلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھاياتىي كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ. شېئىرغا پەلسەپىۋىلىك بەخش ئېتىدىغان مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: مەيلى ئاچچىق ياكى شېرىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شېئىر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن ھايات ھەقىقەتلىرى، كۆرسىتىلگەن كېلەچەك يوللىرى، ئاشكارا قىلىنغان قەلب سىرلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ جۈملىگە كىرىدۇ. ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرلىرى ئادەتتىكى پەلسەپىۋى ئۇقۇملارنىڭ تىزمىسى ۋە شەرھىسى ئەمەس، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا پەلسەپىۋىلىك يېڭىچە بەدىئىي رەۋىشتە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: شائىرنىڭ «قورۇق تام» شېئىرىنى ئالساق، ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن بۇيان ئادەم ئۆزىنى قورۇقتا ئالدى ۋە بۇنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ئادىتى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىۋالدى؛ ئۇنى ئادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ، دېگەن پىكىرنىڭ تۆۋەندىكىدەك يورۇتۇلغانلىقىنى كۆرىمىز:

چېگراسىز كۆڭلۈمدە چېگراسىز دالا،
خىسلەتلىك زەررىلەر، يانا، يورۇق شام.
ئويلايمەن، ئويۇمدا سالا ۋە سالا،
بىنالار ئالدىغا چۈشكەن قورۇق تام.

قەيەردىن كىردى ئۇ ھاياتقا، كۆلگەن.
سۆيگۈگە يەتكۈزدى قانداق ئەھمىيەت؟
كىم دەسلەپ زېمىننى بۆلەككە بۆلگەن؟
قورۇقنى ياسىغان قايسى بەتنىيەت؟

لىرىك ھېسسىيات بىلەن ئادەملەرنىڭ تىراگېدىيىك تەقدىرى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرنىڭ ئورگانىك بىرىكىشى، بۇ شېئىرنىڭ ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ. سەن — ئادەم، قەلبىڭ بىپايان؛ يەنە سەن — ئادەم، لېكىن ئۆزۈڭ ئۆزۈڭنىڭ بىپايان قەلبىنى قورۇققا ئېلىپ، تىراگېدىيىك تەقدىرىڭنى ياساپ چىقىۋاتىسەن...

شائىر ئوسمانجان ساۋۇت بۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن شېئىرلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىنسان قەلبى... شېئىر بىلەن تولغان دېگەن پىكرىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

پەلسەپىۋىلىك ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىدا يەنە ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنى ئارقىلىق تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈلىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئۆلمەس تېما. مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىدىن تارتىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ناۋايى، زەلىلى، خىرقىتى، موللا بىلال شېئىرلىرىغىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇرتقىسى بولۇپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋەتەنپەرۋەرلىك كلاسسىك شائىرلىرىمىزغا ئىنسانىي بۇرچ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە شائىرانە ۋىجدان بېغىشلىغان بۈيۈك مەنىۋى كۈچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئوسمانجان ساۋۇتمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئەڭ ئىچكى قاتلاملىرىغىچە، ھەتتا ھەر بىر سۆزلىرىگىچە «ۋەتەن» ئۇقۇمى «ۋەتەن» ئېڭى سىڭگەن. بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى خىلمۇخىل بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك خاھىشى بىلەن تويۇنغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. شائىر «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ»، «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپپاق»، «توزان قەسىدىسى»، «كەچۈرگىن سەن مېنى، ئالا بويىنقىم»، «تۇپراق»، «ئون ئەسىر»، «يەر شارى يىغلىسا» دېگەندەك كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىكنى خىلمۇخىل نۇقتىلاردىن، ئوخشىمىغان كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقلاردىن كۈيلىگەن. بۇ ھەم قەدىمىي، ھەم مەڭگۈلۈك تېمىنى تېخىمۇ يۈكسەك ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغان. ئۇنىڭ «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» شېئىرى ئاشۇ خىل يۈكسەكلىكنىڭ شائىر ئىجادىيىتىدىكى نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ.

قەدەھكە قەدەھتەك شاراب سىغىدۇ،
ئېرىقتا ئاقالماس دەريا كەبى سۇ.
قىل سىغماس ھەقىقەت بولۇپ ئەزەلدىن،
كىشىلەر قەلبىگە ئورنىغان سۆز بۇ.

ۋە لېكىن ۋەتىنىم سەن باشقا دۇنيا،
مېھرىڭدىن تاشقىمۇ بەردىڭ سەن سەزگۈ.
مەن سېنىڭ پەرۋانەڭ، ئورناتتىڭ ئۆزۈڭ،
ئالمىدەك يۈرەككە ئالەمچە سۆيگۈ.

پۈتۈن شېئىر مۇشۇ ئىككىلا كۇپلېتتىن تۈزۈلگەن «قەدەھ» بىلەن ئېرىق، «شاراب» بىلەن «دەريا»نىڭ سېلىشتۇرمىسىدىن ھاسىل بولۇۋاتقان، پەلسەپىۋى يۈكسەكلىككە يەتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىك بۇ شېئىرنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىق مەركىزىگە تۇتاشقان بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن ئىختىيارسىز ھالدا روھنىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن مۇقەددەسلىكىنى تولۇق ھېس قىلىمىز. قەدەھ، شاراب، سۇ، تاش، سەزگۈ قاتارلىقلار بۇ شېئىردا بىر پۈتۈن شېئىرىي ھېسسىيات سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈپ، چەكلىك مەۋجۇتلۇقتىكى چەكسىز روھىيەتنىڭ قۇدرىتىنى ۋەتەنگە

www.uyghurkitap.com

باغلايدۇ.

1996-يىلى يېزىلغان «ئىدىقۇت»، 1997-يىلى يېزىلغان «تۇپراق»، 1998-يىلى يېزىلغان «لوكچۇن نەزمىلىرى» قاتارلىق شېئىرلارمۇ يەنىلا ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا يېزىلغان، ئانا يۇرت مۇھەببىتى ئىزھار قىلىنغان نادىر لىرىكىلار بولۇپ، ئۇلاردىمۇ ئوخشاشلا ئانىجان ۋەتەنگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت ناھايىتى يارقىن، كونكرېت ئوبرازغا ئايلاندۇرۇلغان بولغاچقا، كىشىگە چىن ۋە ئىشەنچلىك تۇيۇلىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى ھاياجانلاندۇرىدۇ، تەسىرلەندۈرىدۇ. مىسال سۈپىتىدە «تۇپراق» ناملىق شېئىردىن بىرلا كۇپلېتنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

...

جەننەت سەندىن باشلىنىدۇ، ئۇنتۇلغاي جاپا،
قىلالمايدۇ قىسمەت مېنى ھەر يەردە خاپا.
توغراقلىرىڭ توغراپ قويدى تولۇن ئايلارنى،
ھەر پارچىسى ھەر ھۆجەيرەم ۋە ساڭا ۋاپا.

«لوكچۇن نەزمىلىرى»دە بولسا شائىر مۇنداق يازىدۇ:

يانتاقلارنىڭ چېچىكى يالقۇن،
شېكەر تۇتار ئاستا كېچىدە.
قۇم قوينىدا يالتىرار ئالتۇن.
كۆپ مىسرالار بار بۇنىڭ ئىچىدە،
داستانىم سەن مەڭگۈلۈك لوكچۇن،
يېتىپ ئاشار مىڭبىر كېچىگە.

بۇ ئۈزۈندىلەردىن بىز تامچىدا بالقىغان قۇياش نۇرىنى كۆرگەندەك تۇيغۇغا كېلىشىمىز مۇقەررەردۇر.

دېمەك، ئوسمانجان ساۋۇت پەلسەپىنى شېئىردىكى بىر مەنە سىستېمىسى دەپ قارىغانلىقى، شېئىرنى ھەرگىزمۇ پەلسەپىنىڭ پاسسىپ شەرھىسىگە، ئۆزىنى بولسا ۋەزخانغا ئايلاندۇرۇپ قويمىغان. شائىر تەبىئەتتىكى ئەڭ كىچىك ۋە كۆزگە ئاسان چېلىقمايدىغان مەۋجۇداتنىمۇ شائىرانە تۇيغۇسىدىن ساقىت قىلىۋەتمىگەچكە، شۇنداقلا قايناق ھېسسىياتنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىكتە ئىپادىلىگەچكە، «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» شېئىرى ئۆلمەس شېئىرغا ئايلىنالىغان.

شائىر ئوسمانجان ساۋۇت ئۆزىنىڭ تەبىئەت ۋە ئىنسانلارغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى، ھايات ھېكمەتلىرىنى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئوي-پىكىرلىرىنى، ئەخلاقىي قاراشلىرىنى، شۇنداقلا سۆيگەن يارىغا بولغان مۇھەببەتلىك ھېسسىياتلىرىنى لىرىك قەھرىمان «مەن»نىڭ چىن ۋە نازۇك ھېس-تۇيغۇلىرى ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرىدۇ. بولۇپمۇ، شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى لىرىكىلىرىدا لىرىك قەھرىمان بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىدۇ.

1979-يىلى يېزىلغان «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپپاق» شېئىرى شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە نادىر ئەسەردۇر.

تۆھمەتنى رەت قىلدىم، قىلمىدىم پىسەنت،
سۇيىقەست دەشتىدە ياۋ قالدى ياياق.
ئېلىشتىم، زورلۇقتا ياۋ يەڭگەن بىلەن،
ھەقىقەت بابىدا تاپشۇردى ياراغ.
بەقۇۋۋەت سەزدىممەن ئۆزۈمنى ئانا،
چۈنكى سەن سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپپاق.

«پەيلىم»دىن ياندىم، تۇردۇم قەد كېرىپ،
بولسىمۇ ئۇلارنىڭ قەستى جان ئالماق.
دېدىمكى، لەببەيچى تولغان جەننەتتىن،
مىڭ ئەلا پىداكار ئەر چۈشكەن دوزاخ.
پەزىلەت نۇر چاچتى، ئەي ئۇلۇغ ئانا،
چۈنكى سەن سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپپاق.

بۇ شېئىردا لىرىك قەھرىمان «مەن»نىڭ خەلقىمىزنىڭ بېشىغا ئاپەت ياغقان ئاشۇ قاراڭغۇ يىللاردىكى كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنىدۇ. لىرىك قەھرىمان يالغانلارغا ئالدانمايدۇ، سۇيىقەستلەرگە تىز پۈكمەيدۇ، زامانغا بېقىپ ئىش كۆرۈش توغرىسىدىكى دەۋەتلەرگە ئەگەشمەيدۇ. قىسقىسى، زۇلمەتتىن قېيىلىپ

تاغدىن كەچمەيدۇ. جۇرئەت، ئەقىدە ۋە ۋىجدان قۇدرىتى ھەر زامان سوۋۇماي «قايناق» ھالەتتە تۇرىدۇ. بۇ لىرىك قەھرىماننىڭ ۋۇجۇدىدىكى قەھرىمانلىق ۋە چىدام نەدىن كەلگەن؟ شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ، ئادالەت ۋە ھەقىقەتنىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا قەھرىمانلىقنىڭ سەۋەبىنى: «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپپاق» دېگەن مىسرا بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. شېئىرنىڭ ماۋزۇسى قىلىنغان ۋە ھەر بىر كۇپلېتتا بىر قېتىم تەكرارلانغان بۇ مىسرا شېئىرىي پىكىرنىڭ «كۆزى» بولۇپ، ئۇنىڭغا ئانىنىڭ پەرزەنتلەرگە بولغان مۇھەببەت رىشتىسى ئانىنىڭ ئاق سۈتى بىلەن پەرزەنت ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەندەك، ۋەتەنگە بولغان چىن ئەقىدە ۋە مۇھەببەتمۇ ۋەتەن سۆيەر ئوغلانلارنىڭ قەلبىگە، ئېڭىغا، پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن. بۇ بىر تەڭداشسىز ئۇلۇغ مۇھەببەت بولۇپ، ھېچقانداق قارا كۈچتىن يېڭىلمەيدۇ. ۋەتەن مۇھەببىتى ھەر قاچان، ھەر زامان ھەممىدىن غالىبتۇر دېگەن پىكىر مۇجەسسەملەنگەن. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ شېئىر بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «ئالمىدەك يۇرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» دېگەن شېئىرى ۋە ئېيىپجان ئېلىيېفنىڭ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» دېگەن نادىر ئەسىرىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن يەنە بىر نادىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

ئوسمانجان ساۋۇت قاباھەتلىك يىللاردىن كېيىن ئۆزىنىڭ تەپەككۇر چوڭقۇرلۇقىنى يۇقىرىقىدەك شېئىرلىرىدا ئىپادىلەپ توختاپ قالمىدى. ئۇ كېيىنكى مەزگىللەردە ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى تېمىنى تېخىمۇ تاۋلاپ، ئۇنىڭغا ئادالەت، ھەقىقەت ۋە غايە مەنىلىرىنى سىڭدۈردى. ئۇنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يازغان «ئىدىقۇت»، «ئەقىدە»، «دىل ئەمرى» «بوساغاڭدىن باشلىنىدۇ ۋەتىنىڭ، قاياش»، «سەپەر كۈيلىرى» قاتارلىق شېئىرلىرى ۋە 2000-يىللارنىڭ باشلىرىدا يازغان «ئون ئەسىر»، «ئەجەم بىلەن سۆزلىشىش»، «يەر شارى يىغلىسا» قاتارلىق شېئىرلىرىنى مانا مۇشۇنداق ئىجادىيەت دۇردانىلىرى سۈپىتىدە ئالاھىدە كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

...

سەن نۇردەك بالقىغاچ مەن بالقىپ كەتتىم،
سەن تىرىك بولغاچقا مەن قالدىم ھايات.
پەرىڭگە يامىشىپ تاغ ھالقىپ كەتتىم،
سەن باردا مەن مەڭگۇ چەكمەيمەن پەرياد.
بۇراقتا مىندىم-دە، مىراجغا يەتتىم،
جاھان بىر ئۈچۈمدۇر، مەن پاتمان ھەيھات!

«ئەجەم بىلەن سۆزلىشىش»تىن

ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ۋەتەن مۇھەببىتىگە بېغىشلانغان، ئۆزىدە يۇقىرىقىدەك پىكىر كەڭلىكنى ئىپادىلىگەن شېئىرلىرى ئايرىم-ئايرىم ئەسەرلەردەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مەزمۇن جەھەتتە بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، كۈچلەندۈرۈپ، مۇكەممەل بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى بارلىق ئەسەرلىرىنى ئوخشىمىغان مەزگىللەردە يېزىلغان، لېكىن مەزمۇن جەھەتتىن بىر-بىرىنىڭ داۋامى، تولۇقلىمىسى ۋە چوڭقۇرلىشىشى ھېسابلىنىدىغان چاتما شېئىرلار دېيىشكە بولىدۇ.

تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى جەھەتتىن ئالغاندا، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئىجادىيىتىدە ۋەتەن، خەلق مۇھەببىتى ئىزچىل ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەش بىلەن بىللە، بارلىق ھاياتلىقنىڭ بۇشۇكى بولغان سېخى ھەم گۈزەل تەبىئەت، ۋاقىت ۋە ھايات، ئىنسانىي مېھىر-مۇھەببەت، قېرىنداشلىق، دوستلۇق، ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەت، ياشلىقتىكى سۆيگۈ-ھەۋەسلەر، تەنھالىقتىكى قايغۇ-شادلىقلارمۇ ئۆزگىچە بەدىئىي ماھارەت بىلەن نەپىس شېئىرىي مىسرالاردا ئايان بولىدۇ. بىز شائىرنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدىن ئۇرغۇپ چىققان لىرىكىلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇ بارلىق ئىزگۇ ھېسسىيات، گۈزەل قەلبنىڭ سادىق كۈيچىسى سۈپى-

تىدە؛ گۈزەللىك مەستانىسى، ھەقىقەت ھامىيسى سۈپىتىدە؛ قاباھەت، خۇنۇكلۇك ۋە ساختىلىقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ لىرىكىلىرىدا مۇزىكىدارلىق يارقىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مۇزىكىدارلىق كىلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى ئارۇز ۋەزنىنى ئاساس قىلغان شەكىللەردە، تەلىپى قاتتىق رىتىم ۋە تۇراقلاردا، ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ قاپىيەلىنىشى ياردىمىدە گەۋدىلىنەتتى، شۇنداقلا تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى، شائىرلارنىڭ تىل ماھارىتىنى سىنايدىغان بىر ئۆلچەم سۈپىتىدە مۇھىم بىر خىل شېئىرىيەت مېتودى بولغانىدى. ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرلىرىدا بولسا مۇزىكىدارلىق بىر خىل مېتودلا ئەمەس، بەلكى شېئىر گەۋدىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ كۇپلېتلىرى تۆت مىسرالىقتىن بولغان كۆپلىگەن لىرىكىلىرىدا 1 ـ ۋە 3 ـ مىسرا بىلەن 2 ـ ۋە 4 ـ مىسرانىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا توق قاپىيەلىنىپ كېلىشى ۋە شېئىر مىسرالىرىنىڭ ئوخشىمىغان كۇپلېتلاردا تەكرارلىنىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

يىغلاڭغۇ ئەمەسمەن، ئەمما يىغلايمەن،
ئانىلار نان تىلەپ كۆتۈرگەندە قول.
ئۆرتۈنەر يۈرىكىم، زىنھار قىيمايمەن،
ئۈمىدلىك ئەۋلادلار ئاداشقاندا يول.

«يىغا»دىن

خىلمۇخىل مىجەزلەر، خىلمۇخىل ئادەم،
خىلمۇخىل نىيەتلەر، خىلمۇخىل كۈلكە.
ئاشۇ كۆپ خىلمۇخىل ئىچىدە ئالەم،
ئايرىلىشىپ ياشايدۇ ئارسلان، تۈلكە.

«قارا كۈلكە»دىن

شېئىر دېگەن ھاياتتۇر، شېئىر دېگەن مۇھەببەت،
ئوت بېرىدۇ باغرىدىن ئۆتسىرىغان ئالەمگە.
شېئىر دېگەن خۇدادۇر، شېئىر دېگەن مۇھەممەد،
شەيتىنىنى بولغۇزلاپ ئازاد بولغان ئادەمگە

«شېئىر ــ ھايات، ئانا، مۇھەببەت، ۋەتەن»دىن

دېرىزەمدە ئاقىدۇ ئەلۋەك،
قاردەك ئاپپاق ئايىنىڭ شولىسى
تۆكۈلگەندەك سەزدىم ئۆيۈمگە،
ئاي نۇرىنىڭ تەڭدىن تولىسى،
قاردەك ئاپپاق ئايىنىڭ شولىسى.

«ئايدىڭ كېچە لىرىكىسى»دىن

يەنە شۇنىمۇ تەكىتلەشكە توغرا كېلىدىغىنى، ئوسمانجان ساۋۇت يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، شېئىرىي شەكىلگە، شېئىرنىڭ بەدىئىي تۈسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلۈك، قاتمال قېلىپنىڭ ئىچىگە كىرىۋالمايدۇ، شېئىرىي پىكىر بىلەن شېئىرنىڭ شەكلىنىڭ ئەركىن ھالەتتىكى تەبىئىي بىرلىكىنى قوغلىشىدۇ.

كۈزدىكى ياپراقتەك تۆكۈلدى ئىللەت،
قەددىمدىن، قەلبىمدىن (يا شاھى مەردان!)
زورايدى خىسلىتىم، تاپتىم كۆپ قىممەت،
چاقنىدى ئۆمرۈمدە ھەر ئۆتكەن جەريان.
سەن بىلەن ئاسمانغا تاقاشقان بېشىم.
ئۈرۈمچى، سەن مېنىڭ ئون توققۇز يېشىم.

«ئۈرۈمچى، سەن مېنىڭ ئون توققۇز يېشىم»دىن

ئوق يىلتىزىم خويمۇ تىرەن، تەنلىرىم قۇدرەت،
خۇش بۇيلىرىڭ تۆكۈلىدۇ، ئىپارمەن ئەبەد.
يۇلغۇنلىرىڭ كېرىلگەنچە سۆزلەيدۇ قىسسە،
تىرىكلىكىم سېنىڭ بىلەن راسىنار پەقەت.

«توپراقتىن»تىن

باغلىرىمۇ گۈل دېدى سېنى،
تاغلىرىمۇ گۈل دېدى سېنى.
ھەيران قېلىپ ھەيران يۇلتۇزلار،
دائىم شۇنداق گۈل دېدى سېنى.

گۈلگە ئوخشاپ يۇلتۇزغا ئوخشاپ،
كۆككە يەتكۈز مەڭگۈ بېشىمنى.

ساڭا تالىق پاكىز تەبىئەت،
پاكىز يېگىن مەڭگۈ ئېشىڭنى.

«باغلىرىمىزگۇل دېدى سېنى»دىن

ئوسمانجان ساۋۇت كۆپىنچە بارماق ۋەزنىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا سۆزلەرنىڭ ئىنتايىن تەبىئىي ھالدا بىرىكىشى، مىسرالارنىڭ توق قاپىيەلىنىشى، سۆزلەرنىڭ، ھەتتا مىسرالارنىڭ تەكرارلىنىشى نەتىجىسىدە شېئىرىي مەزمۇن بىلەن مۇزىكىلىق ئامىل ئاددىي ۋە تەبىئىي ھالدا بىرىكىپ، ئاجرالماس بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە بېرىدىغان تەسىرىنى كۈچەيتىش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ نۇرغۇن لىرىكىلىرىدا شېئىرلارنىڭ ماۋزۇسى يەنە شېئىر تېكىستلىرىدە تەكرارلىنىدۇ. بۇنداق تەكرارلىق بەزىدە كۇپلېتلارنىڭ باش قىسمىدا، بەزىدە كۇپلېتلارنىڭ، ھەتتا پۈتۈن بىر پارچە شېئىرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۇچرايدۇ. تېخنىكىلىق جەھەتتىن ئالغاندا، ماۋزۇلار بىر پۈتۈن شېئىرنىڭ باش قىسمىدا كەلگەندە شېئىرىي پىكىرنى باشلاش رولىنى، كۇپلېتلارنىڭ، بولۇپمۇ بىر پۈتۈن شېئىرنىڭ ئاخىرىدا كەلگەندە بولسا، پۈتۈن ئەسەردىكى شېئىرىي پىكىرنى يەكۈنلەش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ كۆپلىگەن شېئىر ماۋزۇلىرى شېئىرىي تېكىستتىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان مۇستەقىل بىر بۆلەك ئەمەس، بەلكى شېئىرىي تېكىستنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

شېئىرىي تىلنىڭ ئېنىقلىقى، ئاددىيلىقى، دەللىكى، توغرۇلۇقى ۋە يېڭىلىقى جەھەتتىن ھارماي ئىزدىنىپ مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيەت تىلىنىڭ لۇغەت فوندىنى بېيىتىش، شېئىرنى ئىمكانقەدەر ئىخچام، قىسقا يېزىشىمۇ شائىر ئوسمانجان ساۋۇت ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم نەتىجىلەر قاتارىدا تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ 1961-يىلىدىن باشلانغان يېرىم ئەسىرلىك ئىجادىيەت ھاياتىدا يازغانلىرى يەنىلا كۆپ ئەمەس. ئەمما شېئىرلىرىنىڭ سۈپەت-ساپاسى، ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيىتى جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇ يەنىلا بىزدىكى بارماق بىلەن سانىۋالغۇدەك شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىزچىل تۈردە خەلققە «پىشمىغان غورا بەرمەسلىك» مەۋقەسىدە تۇرۇپ، ئاز يازدى، لېكىن ساز يازدى. يازغانلىكى شېئىرلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ ئۇنىڭ «ئامەت»لىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قەلەم بىلەن قۇدۇق قېزىپ، تىل دېڭىزىدىن ئۈنچە ئىزدىگەنلىكىدىن، يەنى ھەر بىر شېئىرى ئۈچۈن سېلىشتۇرغۇسىز بەدەل تۆلىگەنلىكىدىندۇر.

ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سىرنى يەشمەكچى بولساق مۇنداق ئاددىي بىر ھەقىقەتنى بايقايمىز، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ يازغانلىرىنىڭ ئىجادىي بولغانلىقى، ھېچكىمنى، ھەتتا ئۆزىنىمۇ دورىمىغانلىقى، ھەر بىر شېئىرىنىڭ بىر ئالەم تۇسىدە پۈت تىرەپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغانلىقىدۇر. بۇ ھەقىقەتەن دېمەككە ئاسان، چۈشىنىشكىمۇ ئاسان، لېكىن يامىشىپ چىقىش تولىمۇ تەس بىر پەللە. ئوسمانجان ساۋۇت ئۆز ئىجادىيەت مەۋقەسىنى قەيسەرانە ساقلاپ كەلگەن ھەقىقىي شائىر. شائىر دەپ ئاغزىمىزنى تولدۇرۇپ ئاتاشقا بولىدىغان، ئىسمى-جىسمىغا لايىق شائىر.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)

مۇھەررىر غېنى مۇھەممەت



# 61 يېشىڭغا مۇبارەك «تارىم»

ئابدۇكېرىم راخمان

«تارىم» ژۇرنىلى ئانا دەريا «ئالتۇن تارىم» نىڭ مەدەنىيەت سىمۋولى سۈپىتىدە ئەدەبىيات بوستانىمىزنى سۇغىرىۋاتقىنىغا 61 يىل بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ تارىخىي مۇساپىسىدە جۇڭگو ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشۇپ، ئەل ئارىسىدا يۇقىرى ئىناۋەت تىكلىدى. بۇ ژۇرنال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋە قىسمەن قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ نادىر نەمۇنىلىرىنى نامايان قىلىدىغان روشەن كۆزنەكلىك سالاھىيىتى بىلەن مىڭلىغان ئەدىب-يازغۇچىلىرىمىزنىڭ پەرۋىشكار باغۋىنى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. شۇڭا ھەرقانداق بىر يازارمەن ئۆزىنىڭ سىر خىل ئەسەرلىرىنى ئالدى بىلەن «تارىم» غا سۇنىدۇ، «تارىم»غا قەترە بولۇپ قوشۇلغانلىقىدىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ، ئۆزىنى پەخىرلىك ھېس قىلىدۇ، «تارىم»غا ئىھتىرام بىلدۈرىدۇ، «تارىم»نى قەدىرلەيدۇ. چۈنكى رايونىمىزدا بەدىئىي ئەدەبىيات سەمەردىلىرى بىلەن قوپۇرۇلغان بۇ «پىرامىدا» مەرھۇم پېشۋالىمىزدىن سەيپىدىن ئەزىزى، ياسىن خۇدابەردى، تېيىپجان ئېلىيېف، ئەلقەم ئەختەم، ئابدۇكېرىم خوجايوف، ئابلىز نازىرى، زۇنۇن قادىرى، ئىمىن تۇرسۇن، پەتتارجان مۇھەممەدى، رەھمىتۇللا جارى، ئەرشىدىن تاتلىق، تۇردى سامساق، شۇكۇر يالقىن، جاپپار ئەمەت، غوپۇرجان بۇرھانوف، مەريەم سەپەر بايېۋا، ئابلىمىت روزى، روزى قاسىم، قاھار جېلىل، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، ئارسلان ھوشۇر قاتارلىق مەرھۇملار ۋە ھايات پېشۋالاردىن مۇھەممەد رېھىم، رەخىم قاسىم، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئەھەد تۇردى، مۇھەممەد شاۋۇدۇن، مۇھەممەد پولات، ئوسمانجان ساۋۇت، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ياسىن زىلال، پاتىگۈل ئەخمەت قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى نەچچە ئەۋلاد مۇھەررىرلەرنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلىگەن جاپالىق ئەجىر-مېھنىتىدىن پۈتۈلگەن. شۇڭا «تارىم» تەھرىراتىدا خۇددى كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدىكى ماھىر تەنھەرىكەتچىلەردەك چىدام-غەيرەت بىلەن ئەدەبىيات گۈلىستانىمىزنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىشىغا پىشاڭ بولغان بۇ خالىس پەرۋىشكارلارنىڭ ئاسانلىقچە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئارقا سەپ خىزمىتىگە ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز.

ھازىرغىچە 614 سان نەشر قىلىنغان «تارىم» ژۇرنىلىدا تەخمىنەن 71 مىليون 500 مىڭ خەتلىك ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىپتۇ. شۇنچە كۆپ ھەجىمدىكى ئەسەرلەرنى خەتمۇخەت، قۇرمۇقۇر كۆرۈپ چىقىپ مەتبۇئات تەلىپىگە لايىقلاشتۇرۇپ تەھرىرلەش ئۈچۈن قانچىلىك ئەقىل-مېھنەت سەرپ بولىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. ئۇنىڭدىن باشقا مىللىي ئاپتورلار قوشۇنىنى تەشكىللەش، ھەر خىل ئەدەبىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق قوشۇمچە خىزمەتلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ. شۇڭا «تارىم» ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان پېشقەدەم مۇھەررىرلىرىمىزنىڭ ئالىيجاناب روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، «تارىم»نى پەللىمۇ پەللە ئۆرلىتىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان مۇشۇ ئەۋلاد تەھرىرات خادىملىرىغا ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلدۈرىمىز ۋە ئىشلىرىنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى تىلەيمىز.

بىز ھازىر سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىنتايىن پايدىلىق پۇرسىتىدە تۇرۇۋاتىمىز. بۈگۈنكى ھالقىما تەرەققىيات ئېھتىياجى «تارىم» يېتەكلىگەن ئەدەبىيات سېپىمىزنى قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇرلايدۇ. چۈنكى 60 ياشتىن ھالقىغان بۇ ژۇرنال ئۆزىنىڭ پېشقەدەملىك سالاھىيىتىگە ماس ھالدا، ئەنئەنىۋى رامكىلاردىن بۆسۈپ چىقىپ، زامانىۋى ئاڭ بىلەن سۇغىرىلغان بۈگۈنكى تۇرمۇش قاتلاملىرىنىڭ ئىچكى-تاشقى دىيالوگلىرىنى بەدىئىي ئەدەبىيات قانۇنىيەتلىرى بىلەن ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىشكە موھتاج. «تارىم» ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئېستېتىك تەلىپى ۋە قىممەت قارىشى بارغانسېرى ئۆسمەكتە ۋە يېتىلمەكتە. بۇ ھال ئەدەبىياتىمىزنى ئومۇملاشتۇرۇش باسقۇچىدىن ئۆستۈرۈش باسقۇچىغا ھالقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يۈكسىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىككى تەرەپنىڭ، يەنى ژۇرنال تەھرىراتى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ئاپتورلار ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى تەقەززا قىلىدۇ ھەمدە ژۇرنال باشقۇرۇش ئېنىق جەھەتتە دادىللىق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن «تارىم» نىڭ بىر ئوقۇرمىنى سۈپىتىدە بۇ ئانا ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپىلىرىنى تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇرۇپ، قۇرغاقلىشىپ كېتىۋاتقان ئەدەبىي مۇھىتىمىزنى جانلاندۇرۇش، ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ھەمدە ئالدىنقىلارنىڭ مۇبارەك قەدەم ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىۋاتقان بۈگۈنكى ژۇرنال تەھرىراتىدىكى ياش بوغۇنلارنىڭ دەۋر ئۈمىدىنى ئاقلىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. سىلەرگە رەھمەت!

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن)

مۇھەررىر مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋاھىدجان ئوسمان

# «تارىم»غا باغلانغان ئۆزۈلمەس رىشتە

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇۋاتقانلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قىزغىنلىقى تولىمۇ يۇقىرى ئىدى. مەكتەپلەردە ھەر خىل شەكىلدىكى ئەدەبىي پائالىيەتلەر پات ـ پاتلا بولۇپ تۇراتتى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن جەمئىيەتتىكى داڭلىق شائىر ـ يازغۇچىلار، مۇھەررىرلەر ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ۋە باردى ـ كەلدى مۇناسىۋەتى بار ئىدى، گېزىت ـ ژۇرناللار ئوقۇغۇچى ھەۋەسكارلارغا مەخسۇس سەھىپە ئاجرىتىپ بېرەتتى.

ھازىرقىدەك ئېسىمدە، 1984 ـ يىلى مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ 4 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغ ئىدى. فاكۇلتېتىمىزدىكى بىر قىسىم ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئەسەرلىرى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ «بۇلاق ھەققىدە ناخشا» ناملىق شېئىرىم بار ئىدى، مەن ئىسمىم ئاستىدىكى شېئىرىمنى ژۇرنال بېتىدە كۆرۈپ خۇشاللىقىمدىن قىنقىنىمغا پاتماي قالدىم، پەخىرلىك تۇيغۇلارغا چۆمۈلدۈم، ئەينى ۋاقىتتا ھېچقانداق گېزىت ـ ژۇرنالدا بىرەر پارچە ئەسىرى ئېلان قىلىنىپ باقمىغان مەندەك بىر ھەۋەسكار ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق، بوسۇغىسى خېلىلا ئۈستۈن ژۇرنالدا ئەسەر ئېلان قىلىشتىن ئارتۇق شان ـ شەرەپ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ بۇ بىر تۈركۈم ئەسەرلەر توغرىسىدا «تارىم» ژۇرنىلىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە ياشلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى رىغبەتلەندۈرۈلگەنىدى، بۇ قاتاردا مېنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ ماختالغانىدىم، تۇنجى ئېلان قىلىنغان ئەسەرگە بېرىلگەن تۇنجى ياخشى باھا ئالدىدا كىممۇ ھاياجانلانماي تۇرالىسۇن.

1985 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چوڭ زالىدا 1300 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان شېئىر دېكلاماتسىيە كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. كېچىلىككە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا ئۈرۈمچىدىكى داڭلىق شائىر ـ يازغۇچىلار، بىر قىسىم گېزىت ـ ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرلىرى تەكلىپ بىلەن قاتناشقانىدى. بۇ كېچىلىكتە مەن «ئانامنىڭ سۇرىتىگە قاراپ» ناملىق بىر پارچە شېئىرىمنى

دېكلاماتسىيە قىلدىم، دېكلاماتسىيە ئاخىرلىشىش بىلەن گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. مەن شېئىرىمنىڭ بۇنچىلىك ئالقىشلىنىدىغىنىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم، كېچىلىك ئاخىرلاشقاندا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى شېئىرىي ئەسەرلەر مۇھەررىرى، داڭلىق شائىر مەرھۇم جاپپار ئەمەت ئاكا مېنى چاقىرىپ، بۇ شېئىرنى بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ بېرىشىمنى، «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، تەلەپنى شۇ ھامان ئورۇنلىدىم، ئۇزاق ئۆتمەي شېئىرىم «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. بۇ بىر تالاي كەچمىشلەر مېنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىمنى تېخىمۇ پەللىگە كۆتۈرگەنىدى، ئوقۇش پۈتكۈزۈشكە ئاز قالغاندا، ساۋاقداشلار ئارىسىدا مېنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەقسىم قىلىدىكەن، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە بۆلىدىكەن دېگەندەك مىش-مىش پاراڭلار پەيدا بولدى، مەن بۇ گەپلەرنىڭ راست بولۇپ چىقىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلدىم، ئوقۇش پۈتكۈزۈپ تەقسىمات ئېلان قىلىنغاندا قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم، چۈنكى مىش-مىش گەپلەر راست بولۇپ چىققانىدى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت سېپىدىكى سەرخىللار توپلاشقان بۇ ئىدارىگە بۇرۇن كىرىشتىن ئەيمەنگەن بولسام، ئەمدىلىكتە مەزمۇت قەدەم بېسىپ يۈرەكلىك كىرەلەيدىغىنىمنى، بۇرۇن داڭلىق شائىر-يازغۇچىلار، پىشقان مۇھەررىرلەر بىلەن تونۇشۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلغان بولسام، ئەمدىلىكتە ئۇلار بىلەن خىزمەتداش بولىدىغىنىمنى ئويلاپ خۇشاللىقىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالماي قالدىم. مەن تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە خىزمەتكە چۈشتۈم، ئەمما «تارىم» ژۇرنىلىدىكى مۇھەررىر تاغىلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە ئۆتتۈم. ئۇلار مېنى ھەر جەھەتتىن يېتەكلىدى، ئىجادىيىتىمگە داغدام يول ئېچىپ بەردى، «تارىم» ژۇرنىلى بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ئۈزۈلمەس رىشتە پەيدا بولدى. خۇلاسىلىگەندە تۇنجى شېئىرىم «تارىم»دا ئېلان قىلىنىپتۇ، تۇنجى نۆۋەت «تارىم»دا ماختىلىپتىمەن، تۇنجى نۆۋەت مەندەك بىر ھەۋەسكارغا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى شېئىرىڭنى بىزگە بەر، بىز ئېلان قىلىمىز دەپتۇ. بۇ «تۇنجىلار» ھايات مۇساپەمدە بۇرۇلۇش ياساپتۇ، ئەگەر بۇ تۇنجىلار بولمىغان بولسا تەقدىر قىسمىتىم قانداق بولار ئىدى.

مېنىڭ بۇ كەچۈرمىشىم 60 نەچچە يىلدىن بۇيان ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىغا كىرىپ «تارىم» ژۇرنىلىدا تۇنجى ئەسىرىنى ئېلان قىلغان ئەدىبلەرنىڭ كەچۈرمىشى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمىسىمۇ، نىسپىي ئورتاقلىققا ئىگە دەپ قارايمەن، مانا بۇ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئىستىلى، كەڭ ئاپتورلار قوشۇنىغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنىڭ يارقىن نامايەندىسى.

«تارىم» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان ئەدەبىي ژۇرناللار ئىچىدە باسقان مۇساپىسى ئەڭ ئۇزاق، ئەڭ چوڭ، ئەڭ مۆتىۋەر ژۇرنال، رايونىمىزدىلا ئەمەس، ھەتتا چەت ئەللەردىمۇ نامى بار ژۇرنال. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك سۈپىتىگە لايىق ئوبراز تىكلىدى. مەيلى شەكىل جەھەتتىن، مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، ئۆزىگە خاس ژۇرنال ئۇسلۇبى ياراتتى، مەۋقەدىن ئېغىش، ئۇ قۇتۇپتىن بۇ قۇتۇپقا كۆچۈش، تۇرۇپ قىزىپ، تۇرۇپ سوۋۇپ قېلىش خاھىشىدا بولمىدى، ئۆزىدىكى بىر خىل ئىزچىللىقنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، زامانىۋى ئىلغارلىق ۋە يېڭىلىقلارنى ئۈزۈكسىز قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن

ئىزدەندى. مۆتىۋەرلەرگە خاس تەمكىنلىك ژۇرنالنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىدىن بىرى بولۇپ قالدى، بۇ ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆپ قاتلاملىق مەنىۋى ئېھتىياجى ۋە ئېستېتىك تەلىپىنى تولۇق قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىزدەندى.

پېشقەدەملەرنى ھۆرمەتلەش، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلارنى قوللاش، يېڭىدىن ئىجادىيەت سېپىگە قوشۇلغان ھەۋەسكارلارنى بايقاپ، ئۇلارنى توغرا ئىجادىيەت يۆنىلىشكە يېتەكلەش جەھەتتە باشقىلارغا ئۈلگىلىك رول ئوينىدى، بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ ئۆزئارا مۇڭدىشىدىغان، تەجرىبە ئالماشتۇرىدىغان سورۇنىغا، ئۆز تالانتىنى نامايان قىلىدىغان سەھنىگە، ئۆزئارا بىر-بىرىدىن ئۆگىنىدىغان دەرسخانىغا ئايلاندۇردى.

«تارىم» ژۇرنىلىنى ۋاراقلايدىغان بولساق ئۇنىڭ سەھىپىلىرىدە، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ھەرقايسى تۈر، ژانىرلىرى بويىچە يۇقىرى سۈپەتكە ئىگە بولغان زور بىر تۈركۈم ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى، ئاپتورغا ئەمەس، ئەسەرگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان ئىستىل تۇرغۇزۇلغاچقا، ياخشى، سۈپەتلىك ئەسەرلەر نەزەردىن ساقىت بولۇپ قالمىدى. ھەر خىل قاتلامدىكى ئاپتورلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئۆزئارا گىرەلەشمە ھالەتتە ژۇرنال سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى، دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى يېڭىلىقلارنى، ئەدەبىي ئېقىملارنى پىلانلىق تونۇشتۇرۇپ، ئىجادىيەت قوشۇنى ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دۇنيا ئەدەبىيات ئۇچۇرلىرىدىن خەۋەردار بولۇشى ئۈچۈن كۈچىدى.

بولۇپمۇ يېقىنقى يىللار مابەينىدە «تارىم» ژۇرنىلى دادىللىق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى پائالىيەتلەر ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئاپتورلارنى ئۇچراشتۇردى، ئۇلارنى ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەپ، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈردى. يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ چىقىپ، ئۈزۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىشقا دالالەت قىلدى.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر يۈرۈش سەمەرىلىك خىزمەتلىرى ۋە نەتىجىلىرى ئاسان قولغا كەلگەن ئەمەس. ئۇنىڭ كەينىدە تامادىن خالىي، ئىرادىلىك مۇھەررىرلەر قوشۇنىنىڭ بارلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك. گەپ قىلماق ئاسان، ئىش قىلماق ئانچە ئاسان ئەمەس. تىنىماي چۆرگىلەپ ئۈگۈت تەلەپ قىلىپ تۇرىدىغان تۈگمەننى توختىتىپ قويماي چۆرگىلىتىش ئانچە ئاسان ئەمەس. «تارىم» ژۇرنىلى ئەنە شۇنداق تۈگمەنگە ئوخشايدۇ، بۇ تۈگمەننىڭ ئەتراپىدىكى تىنىمسىز مېھنەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنى چۈشىنىشىمىز، ئۇلارنىڭ مىننەتسىز ئەجرىنى كۆرمەسكە سالماسلىقىمىز كېرەك.

مەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئىخلاسمەن ئاپتورى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، تەھرىر بۆلۈمىدىكى بارلىق مېھنەتكەشلەرگە مۇشۇ پۇرسەتتە سەممىي رەھمىتىمنى ئېيتىمەن.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ ئەدىبلەرنى تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، پارلاق مەنزىلگە يېتىش يولىدا ھارماي-تالماي ئالغا ئىلگىرىلىشىنى، «تارىم» مېلودىيەسىنى تېخىمۇ يېقىملىق ياڭرىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(ئاپتور شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدا)

مۇھەررىر مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك

www.uyghurkitap.com



# «تارىم»غا تامغان تامچىلار

دولقۇن روزى

مەن ھەر قېتىم «تارىم» دېگەن سۆزنى زىكىر قىلغىنىمدا، قەلبىم تارىم دەرياسى سۇلىرىدەك دولقۇنلۇق ھېسلاردا ئەللەيلىنىدۇ. چۈنكى تارىم ئويمانلىقى بىزنىڭ سەلتەنەتلىك مەدەنىيىتىمىزنىڭ مەنىۋى يىلتىزى تومۇر يايغان زېمىن بولسا، ئەسىرلەر بويى جۇشقۇن ناخشا ياڭرىتىپ ئېقىپ كېلىۋاتقان تارىم دەرياسى بىزنىڭ ئۇلۇغ ئانا دەريايىمىزدۇر. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى شۇ يەردىكى، ئانا يۇرت تۇپرىقىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ تۇرغان گىگانت تاغلاردىن باشلىنىپ، يەنە ئۇنىڭ سۆيۈملۈك باغرىغا ئۈن - تىنسىز سىڭىپ كېتىدۇ. پۈتكۈل خەلقىمىزنىڭ قىسمەت ۋە خىسلەتكە باي ئۇزاق تارىخى «تارىم»دىن ئىبارەت مۇشۇ مۇبارەك نام بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنىدەك، مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىمۇ ئۇنىڭ سىمۋوللۇق نامى بىلەن ئاتالغان «تارىم» ژۇرنىلى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن.

1981 - يىلى 5 - ئاي. بۇ مېنىڭ «كونا يېزىق»تا بېسىلغان رومانلارنى ھەرپ قوراپ ئوقۇپ يۈرۈپ، ئەمدىلا ساۋاتىم چىققان چاغلار بولۇپ، تولۇقسىزنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتاتتىم. بىر كۈنى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز قېيۇم ھىدايى مۇئەللىم دەرس ئارىلىقىدا، قولىغا تولا ئوقۇلغانلىقتىن كونىراپ، بەتلىرى سارغىيىپ كەتكەن ھاۋا رەڭ تاشلىق بىر ژۇرنالنى ئېلىپلا:

— ئېيتىڭلارچۇ، بۇ قايسى ژۇرنال؟ — دەپ سورىدى.

سىنىپنى گۈردەك تىمتاسلىق باستى. ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك لاتىن ھەرپلىرىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن «يېڭى يېزىق»تا ئوقۇغان، «كونا يېزىق»نى ئەمدىلا ئۆگىنىۋاتقاچقا، ژۇرنال نامىنى دەماللىققا ئوقۇپ بېرەلمەيۋاتاتتى. ساۋاقداشلار ئىچىدە «كونا يېزىق»تىكى كىتابلارنى ئەڭ جىق ئوقۇيدىغانمۇ، ئەدەبىيات ھەققىدە بەكرەك زاكونلىشىدىغانمۇ مەن بولغاچقا، مۇئەللىمنىڭ نەزىرى ماڭا تېگىلدى - دە:

— ھە، بۇدۇر چاچ. سەن دەپ باققىنە، قېنى!؟ — دېدى.

— بۇ دېگەن «تارىم» ژۇرنىلى، — دېدىم مەن ياڭراق ئاۋازدا.

— ئەقلىڭگە بارىكاللا! راست، بۇ رايونىمىزدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئەدەبىي ژۇرنال «تارىم». ئۇنىڭغا سۈتنىڭ يۈزىدىكى قايماقتا ئوخشاش كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى بېسىلىدۇ. بىراق

قولۇمدىكىسى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئادەتتىكى سانى بولماستىن، ئانا يۇرتۇڭلار «كۆكدالا»غا ئاتاپ چىقىرىلغان 1961- يىللىق 8 - سانى، — دېدى ھاياجاندا، — ئۇ سىلەرنىڭ ئاتا - ئاناڭلار يەنى سابىق مىللىي ئارمىيە ئاساسىدا تەشكىللەنگەن «5 - كورپۇس» جەڭچىلىرى كۆكدالانى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، زەيكەش چېپىپ، بوز يەر ئېچىۋاتقان يىللارنىڭ خاتىرىسى. ئەينى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئابدۇللا زاكىروف «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىكى ئابدۇكېرىم خوجايوف، تېيىپجان ئېلىيېف، ئابلىمىت سادىق، پەتتارجان مۇھەممىدى، مۇھەممەد رەھىم، رەخىم قاسىم قاتارلىقلار بىلەن كۆكدالاغا كېلىپ، بوز يەر ئاچقۇچىلارنىڭ روھىغا ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە مانا مۇشۇ سان ژۇرنالنى ئىشلىگەن، — دېدى ۋە روزى قاسىم، ئابدۇراخمان غوجانوف، ئەخمەت ھاجىيوف، خەيرۇللا ئابدۇللايوف، ئابلىزخان تۇردى قاتارلىق قەلەمكەش جەڭچىلەرنىڭ ژۇرنالغا بېسىلغان ئۆرنەك ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ، بىزنى ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىشقا ئۈندىگەن ئىدى.

ئەنە ئاشۇ كۈندىن ئېتىبارەن، «تارىم» دېگەن نام قۇلىقىمغا ئاجايىپ يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان، «تارىم» ژۇرنىلىنى چېلىقتۇرغان ھامان گۆھەر تېپىۋالغاندەك سۆيۈپ ئوقۇيدىغان بولدۇم. ئۇنىڭدىكى ئېسىل شېئىرلار مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. دەسلەپ ئۇنى ئۈلگە قىلىپ مەشىق شېئىرلارنى، كېيىنچە مەخسۇس خاتىرە تۇتۇپ، خېلى ئۆلچەملىك شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىدىم. دېمەك، «تارىم» مېنىڭ قەلبىمدىكى شېئىرىيەتلىك ئالەمنىڭ كۆزنىكىنى ئېچىۋەتتى ۋە مېنى بارا - بارا شائىرلىقنىڭ تىلسىم كوچىسىغا ئېلىپ كىردى. نېمە ئۈچۈنكىن تاڭ، تارىمنى قولۇمغا ئېلىپ ئوقۇساملا تەسەۋۋۇرۇم قاناتلىنىپ كېتەتتى. ئىلھاملىرىم تاشقىنلاپ، شائىر بولۇش ئىستەكلىرى قەلبىمگە ياققان ئوت لاۋۇلدايتتى.

ئاشۇ ئوتنىڭ كۈچىدىن بولسا كېرەك، 1984- يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇش يولىنى تاللىدىم. بۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا «تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرى» ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ ياسىن زىلال، ئەزىز ئېلى، باتۇر روزى، غالىب راخمان، تاھىر قاسىم، ۋاھىتجان ئوسمان قاتارلىق تالانتلىق ياش شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ يۈگەنسىز ياشلىق ئىلھاملىرىدىن تۇغۇلغان جۇلالىق شېئىرلىرى ئارقىلىق ئىجادىيەت بەيگىسىگە چۈشكەن ئالتۇن چاغلار ئىدى. ئۇيۇشما تەشكىللەپ تۇرىدىغان ئىجادىيەت ئەنجۈمەنلىرى ۋە شېئىرىيەت كېچىلىكلىرىگە تېيىپجان ئېلىيېف، زوردۇن سابىر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن، بۇغدا ئابدۇللا، قۇربان بارات، ئوسمانجان ساۋۇت قاتارلىق ئەدىبلەر پات - پات تەكلىپ قىلىنىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەيتتى. بۇ ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلىش، ئۇلارنىڭ بال تېمىپ تۇرغان سۆزلىرىنى ئاڭلاش مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پەللىسىنى كۆزلەپ ئىلگىرىلىشىمگە كۈچلۈك ئىلھام بولدى. بولۇپمۇ ئەدەبىيات ئىشتىياقى كۈچلۈك چاغداشلىرىم بىلەن بىللە يۇقىرىقى ئۇيۇشمىغا ئەزا بولۇشۇم، ئىجادىيىتىمنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولغان بولسا، مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا مەھكەم بېكىنىۋېلىپ، «تارىم» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللارنى بېرىلىپ ئوقۇشۇم ئەينى دەۋرنىڭ ئەدەبىيات رېئاللىقى بىلەن بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ئۇچرىشىشىمغا ئالتۇن كۆۋرۈك سالدى.

1987- يىلىنىڭ ئاخىرى بىزنىڭ «تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرى» ئىجادىيەت ئۇيۇشمىمىز مەكتەپ كۇلۇبىدا يېڭى يىللىق ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى. بۇ پائالىيەتتە مەنمۇ سەھنىگە چىقىپ شېئىر ئوقۇش شەرىپىگە ئېرىشتىم. پائالىيەتتىن كېيىن «تارىم»





www.uyghurkitap.com

ژۇرنىلى تەھرىراتىدىكىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە ئوقۇلغان شېئىرلارنى مەخسۇس سەھىپە ئېچىپ ئېلان قىلىش ھەققىدىكى ھاۋالىسى بويىچە، مەن قاتارلىق بىر نەچچەيلەننىڭ ئەسىرىنى تاللاپ، «تارىم» ژۇرنىلىغا يوللىدى. شۇ چاغقىچە «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ باقمىغاچقا، ئەسىرىمنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا تازا دېگەندەك ئىشەنچ قىلالمىدىم، ئەمما تەقەززالىقىم بېسىلمىدى. بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ، ئۈمىدىمىز ئۈزۈلگەندە، ساۋاقدىشىم مەتسەيدى مەتقاسىم:

— دولقۇن ئاداش، «تارىم»دا ئەسىرىمىز چىقىپتۇ! — دېمەسمۇ، بۇ ئۈشتۈمتۇت خۇش خەۋەردىن يۈرىكىم «جىغ»غىدە قىلىپ قالدى.

خۇشاللىقىمدىن ئۇنى قۇچاقلاپ، دەس كۆتۈرۈۋەتكىنىمنى سەزمەيلا قاپتىمەن. چۈنكى ئۇ چاغلاردا بىزدەك ئەدەبىيات مۇخلىسلىرى ئۈچۈن، «تارىم»دا ئەسەر ئېلان قىلدى، دېگەن سۆز شائىر، يازغۇچىلىق مەنزىلىگە ئات سالدى دېگەنلىكتىن بېشارەت بېرەتتى. چۈنكى تارىم دەرياسى يۇرتىمىز دەريالىرىنىڭ ئانىسى بولسا، «تارىم» ژۇرنىلى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئانا ژۇرنىلى ئىدى.

بىز ياتاقتىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقتۇق-تە، مەكتەپ قىرائەتخانىسىغا بېرىپ، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1988-يىللىق 3-سانىنى تاقەتسىزلىك ئەۋجىدە ۋاراقلىدۇق. دەرۋەقە، مېنىڭ «خىياللىرىم» ناملىق شېئىرىم بۇ ئانا ژۇرنال يۈزىدە يورۇقلۇققا چىققان ئىدى. كېيىن بۇ ئەسىرىم كومپوزىتور پەرھات ئابىت چوغلاننىڭ مۇڭلۇق ئاھاڭ ئىشلىشى بىلەن «مارس قىزى» دېگەن ناملىق ناخشىغا تۇتۇرۇق بولدى. تالانتلىق ناخشىچى گۈزەلنۇر ئۆمەرنىڭ ئورۇنلىشىدىكى «سىگانوچكا» («سىگان قىزى») ناملىق قاپلىق ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئارقىلىق تاراپ، شۇ دەۋر ياشلىرىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتتى.

«تارىم»غا ئەۋەتكەن ئەسەرلىرىمنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مەزكۇر ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرلىرى بىلەن تونۇشۇش ۋە بىمالال پىكىرلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتىم. پۇرسەت تاپساقلا قەلەمكەش دوستلار بىلەن بىللە تەھرىر بۆلۈمىگە بېرىپ ئابلىمىت سادىق، جاپپار ئەمەت، مەمتىمىن بارى، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، مۇھەممەد شاۋۇدۇن، ئوسمانجان ساۋۇت قاتارلىق مىننەتسىز مېھنەت ئىگىلىرىنىڭ تارتىملىق پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ كېلەتتۇق. دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇلار بىلەن گۇڭۇر-مۇڭۇر مۇڭدىشىپ كېلەتتۇق. ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە بۇ ئۇستاز ئەدىبلەردىن تەلىم ئالاتتۇق، دېمەك، «تارىم» ئەنە ئاشۇنداق كىبىرسىز پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ دەرگاھى ئىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «تارىم»نى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەنىۋى مەكتىپى، دېسەك قىلچە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

1989-يىلى ئالىي مەكتەپنى تاماملاپ، 1989-يىلى 10-ئايلاردا، تاغ ئارىسىغا جايلاشقان نىلقا ناھىيەسىگە تەقسىم قىلىندىم. بۇ ئوت يۈرەك شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئۇنتۇلماس باللىقى قالغان سۆيۈملۈك ماكان ئىدى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ يۇرتۇم قورغاسقا كەتمەي نىلقىغا بۆلۈنۈشۈمنى تەقسىماتتىن كۆرە ئۇنىڭ ل. مۇتەللىپنىڭ يۇرتى بولغانلىقىدەك ھەقىقەتنىڭ تارتىش كۈچىدىن بولغان، دېيىش ئەقىلگە سىغاتتى. بۇ ناھىيەنىڭ شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەقسىملەش ئىشى ئاخىرلاشقانلىقى ئۈچۈن، ۋاقىتلىق تەسىس قىلىنغان «نىلقا ناھىيەلىك نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى»دا ئىشلەشكە مەجبۇر بولدۇم. بۇ مېنىڭ مۇقىم ئىدارەم بولمىغانلىقتىن، ئۇلار پەقەت ئازغىنا مائاشىمنىلا بېرىپ، ياتاق، تاماقىم بىلەن كارى بولمىدى. ئاخىر نىلقىنىڭ «كونا بازار» مەھەللىسىدىكى ئىمام شاپى ئىسىملىك باغۋەننىڭ ھويلىسى ئىچىگە سېلىنغان بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئىككى بالىسىغا دەرس تەكرارلاپ بېرىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئالدىم. بۇ يەردە بىرەرمۇ دىلكەشىم بولمىغاچقا، بىر مەزگىل «چەككىلى تاماكا يوق، مۇڭداشقىلى نەدە كىشى؟» دېگەندەك بۇرۇقتۇرمىلىقتا ياشاشقا توغرا كەلدى. كېيىن ئىلقا بازارلىق ھۆكۈمەتكە تەقسىملىنىپ بىرئاز ئارام تاپقان بولسامۇ، ئەمما بەزىلەرنىڭ ئادالەتسىزلىك بىلەن يەكلىشىگە ئۇچراپ، ئاجايىپ خورلۇق ھېس قىلدىم ۋە ياشاش ئۈمىدىممۇ سۇسلاپ كەتتى. قەلبىمدىكى دەردىمنى دەيدىغان ئادەم تاپالماي تازا سىقىلىپ يۈرگەندە، «تارىم» دېگەن مۇبارەك ئىسىمنى يادىمغا ئالدىم ـ دە، ژۇرنالنىڭ شۇ چاغدىكى شېئىرىيەت مۇھەررىرى مەمتىمىن بارى ئاكىغا ئىچىمدىكى ھەسرىتىمنى تۆكۈپ، بىر پارچە مۇڭلۇق خەت يازدىم. ئاز كۈن ئۆتمەيلا مەمتىمىن بارى ئاكىنىڭ جاۋاب خېتى كەلدى. ئۇ بۇ خېتىدە مېنىڭ تەقسىماتتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىمىدىن قاتتىق ۋايساپ، تولىمۇ تۆۋەن مۇقامدا ئېيتقان ئۈمىدسىز سۆزلىرىمنى ئوقۇپ، ماڭا دەرھال تەسەللى بېرىش يۈزىسىدىن جاۋاب خەت يازمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغاچقا، «ئۇكام، ھايات دېگەن بىر كەسكىن سىناق مەيدانى. كىم بەل قويۇۋېتىدىكەن شۇنى مات قىلماي قالمايدۇ. سىز دېگەن ‹تارىم›نىڭ ئۈمىدلىك ئاپتورى، تەقدىر تەشلىۋەتسىمۇ بىز سىزنى تاشلىۋەتمەيمىز. ھەرگىز بەل قويۇۋەتمەڭ! ئەتراپىڭىزدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىلا شېئىرنىڭ خېمىرتۇرۇچى، مەيلى ئاچچىققا ئۇچراڭ ۋە ياكى تاتلىققا، ئۇنى شېئىر قىلىپ يېزىۋېرىڭ! ئەسىرىڭىزگە مانا بىز خېرىدار، خەير، ئامان بولۇڭ! ئىجادىيىتىڭىزگە ئۇتۇق تىلەپ: ئاكىڭىز مەمتىمىن بارى» دېگەن مەزمۇندا رىغبەت خېتى يازغان ئىكەن. خەتنى ئېلىپ، گويا دۇنياغا قايتا تۆرەلگەندەك خۇشاللىقىمنى باسالمىدىم. بولۇپمۇ خەتتىكى «سىز دېگەن ‹تارىم›نىڭ ئۈمىدلىك ئاپتورى» دېگەن كەلىمە مېنى بۆلەكچىلا شادلاندۇرۇۋەتتى. سۇنغان روھىمغا سۇنماس قانات بەردى. ئۇنىڭ رىغبىتى بىلەن ھاياتقا ئۈمىدۋارلىق نەزىرىدە قاراپ ئەسەر يېزىۋېدىم، يازغانلىرىمغىمۇ قايتا جان كىردى. ھە راست، ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىغانلىقىم، سۆزمەنلىكىم خاسىيىتىدە توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ سورۇنلىرىنىڭ رىياسەتچىسى ۋە ناخشىچىسىغا ئايلىنىپ، ئىلقىلىقلارغا تېز تونۇلدۇم. تۇرمۇشۇممۇ قىنىغا چۈشۈپ، كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىممۇ ئاشتى. يازغانلىرىم رېئاللىققا يېقىن، تېتىملىق بولغاچقا، مەتبۇئاتلارغا ئەۋەتكەن ھامان بېسىلىپ تۇردى. «تارىم»نىڭ 1991 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا بېسىلغان «شېئىرلار» دېگەن ماۋزۇدىكى بىر يۈرۈش شېئىرىم بۇنىڭ دەلىلى ئىدى. دېمەك، «تارىم» ۋە تارىملىقلار مېنى تاشلىۋەتمىدى، مېنىڭ يىقىلغان يېرىمدىن ئۈمىد بىلەن يەنە بىر قېتىم دەس تۇرۇشۇمغا مەدەتكار بولدى. ئەسەرلىرىم «تارىم»نى ئۇيۇتقا قىلغان ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئۈزمەي ئېلان قىلىنىپ، غوللۇق ئاپتورلار قاتارىغا ئۆتتۈم، ئىلى تەۋەسىدىمۇ ئىجتىمائىي تەسىرىم كۈچىيىپ، مېنى يۆتكەپ ئېلىپ كېتىشكە قىزىققۇچىلارمۇ كۆپەيدى.

1993 ـ يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسىغا يۆتكەلدىم. ئەدەبىي ئىجادىيىتىم غۇلجا شەھىرىدىكى قويۇق ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھىتىدا تېخىمۇ روناق تاپتى. «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىمۇ ئەسەرلىرىمنى ژۇرنالنىڭ ماڭلىيىغا بېسىپ تۇردى ۋە مېنى ئۆزى پەرۋىشلىگەن غوللۇق ئاپتورلار قاتارىدا تۈرلۈك يىغىن، ئەدەبىيات سىمنارىيەلىرىگە ئۈزمەي تەكلىپ قىلىپ كەلدى. 1997 ـ يىللىق 2 ـ سان «ئۈمىد چېچەكلىرى» سەھىپىسىدە مېنى ئەسەرلىرىم ۋە سۈرىتىم بىلەن ئالايتەن تونۇشتۇرۇپ، ماڭا كۈچلۈك ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. مەنمۇ

بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت بەيگىسىگە تېخىمۇ ئىشەنچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نوپۇزلۇق مۇكاپاتلارغا ئېرىشىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالىدىم. مەسىلەن، مېنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىللىق 5 - سانىغا بېسىلغان «ئەمگۈز باھار مېھرىڭدىن ئوغۇز» ناملىق بىر يۈرۈش شېئىرىم شۇ يىلى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن 10 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە « 6 - قېتىملىق يېڭى ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا، «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. مەزكۇر ژۇرنالنىڭ شۇ يىللىق 10- سانىغا بېسىلغان «ئاڭلىغىن دۇنيا ناخشام سۆزلىسۇن» ناملىق بىر يۈرۈش شېئىرىم شۇ يىلى 4 - قېتىملىق «تارىم ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى.

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىكىلەر بىز ياش ئاپتورلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئۇلار تۈرلۈك شەكىلدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت سېمىنارىيەلىرىنى قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ئۆتكۈزۈپ، ئىجادىيەت سېپىگە يېڭىدىن قېتىلغان ياش ئاپتورلارنى پەرۋىش قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلىش بىلەن بىللە ھەر يىلى ئوخشاشمىغان تېمىلاردىكى ئىلمىي مۇھاكىمە، ئاپتورلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، مۇكاپاتلاش ۋە ئېكسكۇرسىيە پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئاپتورلارنىڭ ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن ئىجادىيەتكە چۆكۈشىگە پائال يېتەكچىلىك قىلدى. ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشىغا باشتىن - ئاياغ ئەھمىيەت بەردى. شەخسەن ئۆزۈمنى ئالسام، 2007 - يىلى 5 - ئايدا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 555 سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاچقان سۆھبەت يىغىنىغا تەكلىپ قىلىندىم.

2011 - يىلى 4 - ئايدا «تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتى ئاچقان ئاپتورلار سۆھبەت يىغىنىغا ئالاھىدە ئىززەت - ئىكرام بىلەن قاتناشتىم. بولۇپمۇ 2011 - يىلى 11 - ئايدا «تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتى ئاپتورلار ۋەكىللىرىنى تاللاپ ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى قېتىملىق «تارىم» سەپەرى — جەنۇبىي جۇڭگو زىيارىتىگە قاتنىشىش ئامىتىگە ئېرىشكەنلىكىم مېنى ئاجايىپ خۇرسەن قىلدى. يۇقىرىقىدەك قوللاشلار مەندە: «ئانا ژۇرنال «تارىم» بىز قەلەمكەشلەرنىڭ تومۇرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان خىسلەتلىك مۇھەببەت دەرياسى ئىكەن» دېگەن تەسىراتنى ئويغاتتى...

دېمەك، مېنىڭ خۇشاللىقىم ۋە قايغۇم تارىم سۇيىگە تامغان تامچىدەك ئانا ژۇرنال «تارىم» سەھىپىلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. ئۇ گويا ئۆز بالىسىغا كۆيۈنگەن مېھرىبان ئانىدەك مۇڭلانسام روھىمنى ئاۋۇندۇردى، نەتىجە قازانسام ئالقىشلاپ كەلدى. شۇڭا، «تارىم»غا بولغان ئېھتىرامىم كۈچەيدىن، 2010 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «مەڭگۈلۈك ئىزدەش» ناملىق شېئىرلار توپلىمىمغا ئاساسەن «تارىم»دا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىمنى كىرگۈزدۈم.

بۇ قېتىم مەن «تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتى ئاچقان 2012 - يىللىق ئاپتورلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىش ۋە ئاپتورلار ۋەكىلى سۈپىتىدە سۆزلەش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇم. چىن سۆزۈمنى ئېيتسام، مېنىڭ ئىجادىيەت مۇساپەم «تارىم»نىڭ پەرۋىشىدە نۇرلانغان. شۇڭا ماڭا يۈرەك سۆزلىرىمنى ئېيتىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەن «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە ۋە ماڭا مىننەتسىز مېھنىتىنى ئايىمىغان مۇھەررىرلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن!

2012 - يىلى 22 -، 23 - مارت، غۇلجا

(ئاپتور ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللىرى تەتقىقات بۆلۈمىدە)

مۇھەررىرى مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇھەممەت پولات



# ۋەتەن ئىشقى ئىلھام بۇلىقى

ئوسمانجان ساۋۇت ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۇقى-
رى بەدىئىي دىت ۋە بەدىئىي ماھارەت سەۋىيە-
سىگە ئىگە بولغان، ئۆزىنىڭ تەپەككۇر قايني-
مىدا تاۋلىنىپ بەدىئىي قىيامىغا يەتكەن لىرىك
پىكىرلىرىنى ئۆزىگە خاس شېئىرىي فورمىدا
ئىجادىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان
تالانتلىق ئاپتور. ئۇ مەزمۇندا يېڭىلىق ۋە ئى-
جادىيلىققا، شەكىلدە رەڭدارلىق ۋە خىلمۇ-
خىللىققا ئىنتىلىدىغان، ئىجادىيەتتە ئۆزىگە
خاس يول تۇتۇپ، ھاياتنىڭ كەڭلىك ۋە چوڭ-
قۇرلۇقىغا چەكسىز مۇھەببەت بىلەن ياندى-
شىپ، خىلمۇ خىل پوئېتىك مەنزىرىلەرنى يا-
رىتىپ، كىتابخانغا يېڭى زوق ۋە يېڭى گۈزەل-
لىك بېغىشلىيالايدىغان ئالاھىدە تەقلىدتىكى
شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ كىتابخانلار
ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان قۇدرەتلىك
شېئىرىيىتى مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ قىم-
مەتلىك بايلىقى، ئىجادكار خەلقىمىزنىڭ باي
ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنىڭ رەڭدار
لىرىك كارتىنىسىدۇر.

ئوسمانجان ساۋۇت شېئىرىيىتىنىڭ تېما-
تىك مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ ۋە باي بولۇپ،
دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇناسىۋەت-
لىرىنىڭ ھەممە تەرىپى بىلەن، ئۇلارنىڭ ھايا-
تىي تۇيغۇلىرىنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ مۇرەككەپ
مەنىۋى ھالەتلىرىنىڭ ھەممە بەدىئىي مەنزىرى-
لىرى بىلەن باغلىنىدۇ. شەخس ھاياتى ۋە
ئۇنىڭ ئاڭ، ھەرىكىتى بىلەن تەبىئىي بىرلىك-
كە ئىگە بولغان، ئۇنىڭ پىكىر ۋە چۈشەنچە-
سىدە دائىمىي نۇرلىنىپ تۇرىدىغان ئەڭ بۈيۈك
ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي تۇيغۇ بولغان ۋەتەن-
پەرۋەرلىك ئۇنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئاپتور ئۆزىنىڭ «قۇياش قەسىدىسى»
ناملىق شېئىرىدا بۇ ئەنئەنىۋى تېمىنى باشقى-
چە بىر خىل ئىجادىي يول بىلەن ئېچىپ بېرى-
دۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەتەن ۋە خەلق ھەققىدىكى
ھەممە ئالىيجاناب تۇيغۇ ۋە تەسىراتلىرىنى ئانا
قۇياش مىسالىدا ئومۇملاشتۇرۇپ، ۋەتەن ۋە
خەلقنىڭ بۈيۈك ۋە مۇقەددەسلىكىنى قۇياش-
نىڭ نۇرانە قۇدرىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە مەڭگۈ-
لۈكلۈكىگە تەڭلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھەممە ئە-
قىدە ۋە ئېتىقادىنى مۇشۇ ئەبەدىيلىككە ئىگە
بولغان ئۇلۇغۋار كۈچتە ھېس قىلىدىغان ھەر
قانداق ئادەمنىڭ غايەت يۈكسەك مەنىۋى قۇد-

رەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق ئېچىپ بېرىدۇ:

ئانا قۇياش تىرىكلىك تەڭرى،
سەن يانىسەن، سەن ئەبەدىي يان!
مېنى قىيناپ يۇتسىمۇ كەڭرى،
سېنى ھەرگىز يۇتالماس زىندان.

ئاپتور يەنە بىر شېئىرى «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپپاق»دا بۇ تېمىنى تېخىمۇ كەڭرى ۋە تېخىمۇ يېڭى ماھىيەتلىك ئىجتىمائىي مەزمۇن نېگىزىدە ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇ ئۆز لىرىك قەھرىمانىنىڭ مەنىۋى ھېسسىي پائالىيىتىنىڭ مۇرەككەپ ۋە دولقۇنلۇق ھالىتىنىڭ، ئۇنىڭ تۇيغۇ ۋە كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئەڭ نازۇك كۆرۈنۈشلىرىنىڭ لىرىك مەنزىرىسىنى سىزىپ بېرىپ، ھەرقانداق ئازاب ۋە مۇشەققەتلەر ئالدىدىمۇ ھايات ئەقىدىسىدىن يانمايدىغان ۋەتەنپەرۋەر ئادەمنىڭ ئالىيجاناب روھىي دۇنياسىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇ ئانا ۋەتەننىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭگەن ھالال سۈتىنىڭ يەنى ۋاپا ۋە مەردلىكنىڭ بۇ سېھرىي شەربىتىنىڭ كۈچى ۋە خاسىيىتى بىلەن جاھالەت ۋە رەزىللىكنى يىمىرىپ، يېڭى بىر ھايات تېڭىنى كۈتۈۋالىدۇ:

زۇلمەتتىن قىينىلىپ تاڭدىن كەچمىدىم،
زەكاۋەت يولۇمغا نۇر چاچتى پارلاق.
كى قەددىم سۇنسىمۇ، سۇنمىدى قەلبىم،
قەتئىيەت ۋە چىدام يېگۈزدى قايماق.
سەجدە قىل دېگەننى سەرگەشتە قىلدىم،
چۈنكى سەن سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپپاق.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرى ئاپتور ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. ئۇنىڭ شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولغان ئەنئەنىۋى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى مەزمۇن يېقىدىن تېخىمۇ باي ۋە رەڭدارلىققا يۈزلىنىپ، ھاياتنى قايتا قۇرۇۋاتقان ئىپتىخارلىق ئادەمنىڭ تۇيغۇ ۋە كەچۈرمىشنىڭ ھەممە ساھەسىگە كىرىپ باردى. ئۇنىڭ لىرىك قەھرىمانى ھايات ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ كەڭ بەدىئىي زېمىنىغا، ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ چەكسىز مەنىۋى ئالىمىگە قەدەم قويدى. ئۇنىڭ پىكىر تەپەككۇرى تېخىمۇ يۈكسەكلىكتە پەرۋاز قىلىپ، ھايات گۈزەللىكلىرى بىلەن ئىنسان ئالىيجانابلىقىنىڭ يېڭى سېھرىي كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئۇچراشتى. «ياشلىقىم» ئاپتورنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ مۇشۇ يېڭى بۇرۇلۇش دەۋرىدە ئېلان قىلغان تۇنجى شېئىرى. ئاپتور بۇ شېئىرىدا ئۆزىنىڭ مەزگىلسىز كەتكەن قىممەتلىك ياشلىقىنى ئەسلەپ، ھايات گۈلتاجىدىن ئايرىلغان بەختسىز ئادەمدەك ئازابلىق تۇيغۇلارغا ئەسىر بولىدۇ. كۈتمىگەندە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىردىن شەۋكەتلىك ياشلىقنىڭ غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىقى جانلىنىپ، ئۇنى شېرىن ئەسلىمىلەرنىڭ تەگسىز قاينىمىغا تاشلايدۇ. ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىقى گاھ سەھەر كۆكىدە ۋىلىقلاپ جىلۋە قىلىپ تۇرغان تاڭ پەرىسى، گاھ چىمەن قىرغاقلارنى يۇيۇپ دولقۇن ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەريا، گاھ ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى بىلەن كۆك يۈزىنى كېسىپ ئۆتكەن گۈلدۈرماما شەمشىرى قىياپىتىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدۇ، بەزىدە ئالماس ساداقەتەك كۆككە سانجىلغان تىك چوققا، بەزىدە يەر-جاھاننى ئىللىتىپ تۇرغان خىسلەتلىك ھاياتىي ئاپتاپ سۈپىتىدە ئايان بولىدۇ. ئاپتور ئۆز ياشلىقىدىن ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ ھەممە ئۇلۇغۋارلىق ۋە ئالىيجانابلىقىنى، ئۇنىڭ تەڭداشسىز ئەقىل ۋە ئىرادىسىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى يېڭىچە بىر قۇدرەتلىك يالقۇن بىلەن پۈركىنىپ، ئۆزىنىڭ بىمەھەل كەتكەن قىممەتلىك ياشلىقى قايتىدىن نۇرلىنىدۇ:

ياشلىقىم سەن ۋەتىنىم، ساڭا ھەر چاغ بالىمەن،
بۇ ئەقىدەم ئۆزگىرىپ، ئۆزگىرىسمۇ يەر شارى.
مەن ۋەتەندە دېمەككى ياشلىقىمچە قالىمەن،
مېنىڭ ھايات باھارىم ئانا يەرنىڭ باھارى.

ئاپتور شېئىرىدا ئۆز ياشلىقىنى ئانا ۋەتىنىنىڭ ھاياتىي قۇدرىتىگە تەڭلەشتۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەقىل ۋە ۋىجدانىنىڭ مۇقەددەس سىمۋولىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھاياتى تەقدىرىنى ۋەتىنىنىڭ پارلاق كەلگۈسى بىلەن بىر پۈتۈن نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

ئاپتورنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىنىڭ بېشىدا ئېلان قىلىنغان «توزان قەسىدىسى» ناملىق لىرىك شېئىرى ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئاپتور بۇ شېئىرىدا تەقدىر قىسمىتى بىلەن ۋەتىنىدىن ئايرىلغان بەختسىز مۇھاجىرنىڭ ھەسرەتلىك ئىچكى كەچۈرمىشىنىڭ ئۇنىڭ ئۆز يۇرتدىشىنىڭ نۇرانە چېھرىنى كۆرۈشتىن تۇغۇلغان ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنىڭ لىرىك تەسۋىرى ئارقىلىق ئانا ۋەتىنىنىڭ ئۇلۇغ ۋە سۆيۈملۈكلۈكىنى ئېچىپ بېرىدۇ:

قاقماي تۇرغىن قېرىندىشىم ئۈستۈڭنى،
قونسۇن ئۇلار ئۈستۈمگە، ياق قەلبىمگە.
ئانا يەرنىڭ زەررىسىدۇر بۇ توزان،
نۇر بولغۇچى مەن ئايرىلغان بەختىمگە!
قاقماي تۇرغىن قېرىندىشىم ئۈستۈڭنى،
يۇراپ ئالاي باغلىرىمنىڭ ھىدىنى.
ئىپار چېچەك، ئىپار غۇنچە، ئىپارگۈل،
يۇسۇن دىلدىن ھىجرانلارنىڭ دېغىنى.

ئۇنىڭغا ۋەتىنىنىڭ ھەر بىر تال توزىنى مەڭگۈلۈك تەۋەررۇك، مۇقەددەس يادىكار بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئۇ ئۇنىڭدىن ئۆز خەلقىنىڭ بۈيۈكلۈكىنىڭ شاھىتى بولغان مەغرۇر تەڭرىتاغنىڭ «كۈمۈش چاچلىق» زەبەردەس چوققىلىرىنى كۆرىدۇ. ھەر بىر تال توزان ئۇنىڭغا شاھانە مۇقاملارنىڭ ھاياتبەخش ساداسىنى ئاڭلىتىپ، زەر قىرغاقلىق ئەزىم دەريالارنىڭ دولقۇنىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇنىڭ ئەلەملىك ئوي-پىكرى ئۆزىنىڭ بۇ خاسىيەتلىك زېمىن قوينىدا ئۆتكەن ئاجايىپ كۈنلىرىگە — شېرىن، لېكىن ئازابلىق ئەسلىمىلىرىگە چوڭقۇرلاپ كىرگەنسېرى ۋەتىنىنىڭ گۈزەللىك ۋە ئۇلۇغۋارلىقىدىن پۈتكەن يىمىرىلمەس ئالتۇن مۇنارى شۇنچە يۈكسەك قەد كۆتۈرىدۇ. شېئىر باشتىن-ئاخىر ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ ۋە نازۇك لىرىك كەچۈرمىشلەر مۇھىتىدا، ئانا يەرنى سېغىنىش ۋە ئۇنىڭغا تەلپۈنۈشتىن پەيدا بولغان شېرىن، لېكىن ئازابلىق ھېس-تۇيغۇلار ئېقىمىدا داۋاملىشىدۇ. شېئىر كىتابخانغا ئانا يەرنى سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن تولغان ئەلەملىك ناخشا ۋە جۇدالىق زارىغا كۆمۈلگەن ھەسرەتلىك كۈيدەك تەسىر قىلىدۇ.

ئاپتورنىڭ 1983-يىلى ئېلان قىلىنغان «يۈرىكىمنى تۇتىمەن ساڭا» ناملىق شېئىرى ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ نادىرىدۇر. شائىر بۇ ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش قارىشى، ھايات چۈشەنچىسى، ئەقىدە ۋە ئېتىقادى، غايە ۋە ئارزۇسى، ئىرادە ۋە ئىشەنچىنى ھەر بىر شېئىرىي مىسراغا سىڭدۈرۈپ، ئۇنى يېڭى ۋە ئىجادىي لىرىك ئوبرازلار ۋاسىتىسىدە يارقىن گەۋدىلەندۈرۈپ، كىتابخاننى ھاياجانلاندۇرىدىغان سەلتەنەتلىك شېئىرىي مۇھىت يارىتىدۇ. ئۇنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئۆزىنى ۋەتىنىنىڭ «بىر ئويۇل زەررىسى»، ئۇنىڭ «ۋەسلىگە تۇتاشقان بىر قەترە»سى دەپ بىلىدىغان، سۆيگۈ ۋە مۇھەببەتتىن كۈچ ئېلىپ، غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق كۆكىدە پەرۋاز قىلىدىغان ئالىيجاناب ئادەم. ئۇنىڭ ئانا ۋەتىنىگە بولغان مۇھەببەت ۋە ساداقىتى ئەقىدىسى-

دەك پاك، ئىرادىسىدەك قۇدرەتلىك، ئىشەنچ-
سىدەك يۈكسەك، غايىسىدەك ئۇلۇغ ۋە مۇقەد-
دەس. ئانا ۋەتەن ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ مەنىسى،
بەخت ۋە خۇشاللىقىنىڭ مەنبەسى، ئەقىل ۋە
ۋىجدانىنىڭ يىلتىزى:

تاج-تىللا گۈل قىلىپ ئېگەلمەس مېنى،
ئۆمرۈمنىڭ ۋەزنى ھەم جىلاسى سەندە.
قۇللۇقنى سۆكسەممۇ قارغاپ، قارىلاپ،
قۇلۇڭمەن ئەبەدىي، بىر ساڭا بەندە.
تەبەسسۇم تارىتاي يۇلتۇزلارغا مەن،
يالاڭ گۈل كەبىمەن قىلىمەن خەندە.
نەپىسىم ئايرىلماس ئىپار ھاۋاڭدىن،
دېمەككى تاغدەك زور قۇدرەت بار مەندە.
يۈرىكىم قولۇمدا تۇتىمەن ساڭا،
ئانا يەر، بىر ئېسىل ئالەمسەن ماڭا.

ئاپتورنىڭ لىرىك قەھرىمانى شېئىردا مۇ-
ھەببەت ۋە ۋاپانىڭ مۇشۇنداق يۈكسەك پەللە-
سىگە كۆتۈرۈلۈپ ئىنسانىي ئەخلاق ۋە پەزىلەت-
نىڭ غايىۋى تىپىغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭغا تەۋە
ئەقىدىسى، ۋىجدان ۋە ئىرادىسى، ھاياتىي ئىس-
تىقبال ۋە ئىنسانىي قەدىر-قىممىتى شېئىر-
نىڭ لىرىك ئېقىمىدا ۋەتەننىڭ شەرىپى ۋە ئۇ-
لۇغلۇقى بىلەن قوشۇلۇپ يېڭى شېئىرىي ھېك-
مەتلەر مۇھىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ۋەتەنپەر-
ۋەرلىكنىڭ ئۆزگىچە بىر خىل يارقىن ئۈلگە-
سىنى يارىتىدۇ.

ئاپتورنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا بې-
غىشلانغان يەنە بىر شېئىرى «دادام قويغان سو-
ئاللار» مەزمۇنىنىڭ يېڭى ۋە ئۆزگىچىلىكى،
لىرىك تەپسىلاتلىرىنىڭ باي ۋە رەڭدارلىقى
بىلەن كىتابخانى ھاياجانلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭدا
ئاپتور ۋەتەننى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببەت
قويۇشنى ئىنسانىي ئەخلاق نۇقتىسىدىن كونك-
رېتلاشتۇرۇپ، ئۇنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ دا-
ئىملىق مەزمۇنى دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ.

شېئىر ئانا ۋەتەننىڭ ھېكمىتى ۋە ئۇلۇغلۇقى-
نى ئەمەلىي ھېس قىلىشقا ئادەتلەنگەن مۇيەسس-
پەت ئاتىنىڭ ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى
ياڭراق نەزمىي مۇقاملار بىلەن ئىپادىلەشنى
ياخشى كۆرىدىغان شائىر ئوغلى بىلەن قىلغان
ماھىيەتلىك سۆھبىتى تۈسىدە داۋام قىلىدۇ:

شۇ ئانىنىڭ شورلۇق پەرزەنتى،
رەنجۇ ئەلەم چەككەن بىر ساياق.
روجىكىڭنى چەكسە كېچىسى،
قوللىرىغا تايىنىپ تاياق.
ياكى ئىشرەت بەزمە پەيتىدە،
بېسىپ قالسا ئۆيۈڭگە ئاياغ.
ياكى سەپەر، مەنزىل ئۈستىدە،
سەن ئاتلىقۇ ئۇ قالسا ياياق.
شۇندا، شۇندا يانارمۇ مېھرىڭ،
سۇنۇلغان قول تاپارمۇ تۇراق.
شاد كۈلكەڭگە ھەمراھمۇ چېھرىڭ،
سۇر چاچقاندا چاپىنى قوراق.

ئاپتور كىتابخاننى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدى-
غان مۇشۇنداق ھارارەتلىك مىسرالار ئارقىلىق
ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئەمەلىي مەزمۇنىنى تېخى-
مۇ روشەنلەشتۈرۈپ، ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇش-
نىڭ رېئال ھالىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى
ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئەڭ ئومۇمىي
ئەخلاقىي مىزانى دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ.
شۇنداق قىلىپ ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت
بۇ ھاياتبەخش تېمىنى خىيالىي غايىۋى دۇنيا-
دىن رېئال ئىجتىمائىي ھاياتقا، ئومۇمىي
ئابستراكت چۈشەنچىلەر ئۇيۇقىدىن ھاياتىي
تىرىك ئادەمنىڭ كونكرېت پىكرى ۋە ھەرىكى-
تى دائىرىسىگە كۆچۈرىدۇ.

شائىر ئوسمانجان ساۋۇت ۋەتەنپەرۋەرلىك
تېمىسىغا بېغىشلانغان ئىجادىي ئەسەرلىرىدە
تۇرمۇشنى ئۆزىگە خاس نۇقتىدىن كۆزىتىپ ۋە
ئۆزلەشتۈرۈپ، ھاياتنىڭ ماھىيىتى بىلەن كى-

شىلەر قەلبىنىڭ مۆرەككەپلىكىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدىغان ئۆزگىچە لىرىك پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتتى. ئۇنىڭ بۇ لىرىك پېرسوناژلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي قىممىتىنى چىنلىق ۋە گۈزەللىكتە ھېس قىلىدىغان، قەلبى ھەقىقەت ۋە ئادالەت تۇيغۇسى بىلەن تولۇپ تاشقان، ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى پەزىلەتلىرى بىلەن ھەرقانداق زورلۇق ۋە رەزىللىك قويۇنلىرىنى بېسىپ چۈشۈشكە قادىر بولغان ئىرادىلىك ئادەملەردۇر. ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرى ئىنساننىڭ رېئال دۇنياسى، ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ ئالىمىنىڭ ھەممە نەرسىسى بىلەن باغلانغان بولۇپ، ئۇلاردىكى ھەممە ئۇلۇغ ۋە ئالىيجاناب نەرسىلەر، ئىنسان مەنىۋى گۈزەللىككە تەۋە بولغان بارچە ئېسىل نەرسىلەر ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەنگەن. شۇڭا ئۇلار ئانا ۋەتىنىنىڭ ھاياتىي ئىستىقبالى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى يارىتىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدىغان ئۇلۇغۋار مەنىۋى قۇدرەتكە ئىگە.

شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ يۇقىرىدا بىز مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتكەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى بىر قىسىم ئەسەرلىرىدىن ئۇنىڭ پۈتۈن شېئىرىي ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي بەدىئىي سەۋىيەسىنى، يەنى ئۇنىڭ ھاياتىي ھېكمەت بىلەن ئەقلىي كامالەتكە، ئوبرازلىق بەدىئىي تىل بىلەن مۇزىكىلىق ئىچكى ساداغا تويۇنغان بەدىئىي خاسلىقىنى تولۇق ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. ئۇزاق يىللىق ئىجادىي ئىزدىنىشى بىلەن شېئىرىيىتىمىز تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان بۇ تالانتلىق شائىرىمىزنىڭ كىتابخان قەلبىنى ئۈمىد ۋە ئىشەنچ يالقۇنى بىلەن ياندۇرىدىغان تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىشنى تىلەيمىز.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن ئارامغا چىققان)

**مۇھەررىر مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك**



www.uyghurkitap.com

لياۋ يىرۇڭ (دۇڭشياڭ)



# ئايدىڭدىكى مىس چۆگۈن

(ھېكايە)

زۇلپىيە ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى

بىر كۈنى سەھەردە سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى، قانچە ياشقا كىرگىنىنىمۇ بىلگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە قېرىپ كەتكەن بىر موماي پالەچ ئوغلىنى كەينىگە بىر مىس چۆگۈن ئېسىپ قويۇلغان چاقلىق ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ تۇپىلىق يولىدا ئىتتىرىپ كېتىۋاتاتتى.

كوچىدا ئادەم شالاڭ ئىدى، ئارىلاپ بىرەر ئادەم كېلىپ، يېنىدىن پارچە-پۇرات پۇللارنى چىقىرىپ مومايىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرەتتى ياكى بىۋاسىتە پالەچ ئوغلىنىڭ قوينىغا تىقىپ قوياتتى. ئېتىنشلارغا قارىغاندا، موماي تىلەمچىلىك قىلغاچ جاھان كېزىپ، ئوغلىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىۋېتىپتۇدەك. موماي مۇشۇنداق مېڭىپ غەربىي شىمال رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئايلىنىپ بولغان بولسىمۇ ئوغلىنىڭ كېسىلىدە ھېچقانداق ياخشىلىنىش بولمىغانىكەن. ئەكسىچە مومايىنىڭ ئوغلى ياش يىگىتتىن بىر قېرى بوۋايغا ئايلىنىپ قالغانىدى. يۈزلىرىنى قورۇق بېسىپ، چاچ - ساقاللىرى شالاڭلىشىپ كەتكەنىدى.

كوچا نەم ھەم پاتقاق ئىدى، ھەممە يەردە سېسىپ كەتكەن كۆكتات يوپۇرماقلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. بىر جۈپ كۆل رەڭ كەپتەر ناھىيە بازىرىنىڭ تۇمان باسقان ئاسمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ پەسكە شۇڭغۇدى. تۆت ئەتراپنى ئوراپ تۇرغان تاغ غۇۋا كۆرۈنەتتى. ماشىنىلار پاتقاق چاچرىتىپ بۇ قەدىمىي كوچىلاردىن ئۆتۈپ كېتەتتى.

كىشىلەر مومايغا ۋە ئۇنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقتىكى ئوغلى يۇسۇفكە قاراپ ئۇلارنىڭ ياش پەرقىنى بىلەلمەي، ئۇ ئىككىسىنى ئەر-خوتۇن ئىكەن دەپ قالاتتى. ئەمما ئۇلار كېيىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئانا-بالا ئىكەنلىكىنى بىلدى.

مومايىنىڭ ئېيتىشىچە يۈسۈپ تۇغۇلۇشىدىنلا بالىلار پارالىچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ھەرىكەت ئىقتىدارى تۇسالغۇغا ئۇچرىغانىكەن.

مومايىنىڭ ئېرى نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ۋاپات بولغانىكەن. مومايىنىڭ بۇ ئوغلى يەتتە-سەككىز ياشلارغا كىرگەندىمۇ خۇددى راكقا ئوخشاش تۈگۈلۈپ قالغان بولۇپ، خۇددى بىراۋ ئۇنى ئارغامچىدا باغلاپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ يۈسۈپ يەتتە - سەككىز ياشلىرىدىلا ئىشلەشكە باشلىغانىدى. باشقىلارغا ياردەملىشىپ ئوت ئورۇشۇپ بېرىش، ماللىرىنى بېقىپ بېرىش، ھاجەتخانىلارنى تازىلىشىپ بېرىش بەدىلىگە ئۆزىنى باقاتتى. يۈسۈپ ئۆيدە تۇرالمايتتى. چۈنكى ئاكىلىرى ئۇنىڭغا ئۆچلۈك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇلار قانداقتۇر بىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئاللا ئۇلارنى جازالاپ مۇشۇنداق بىر دەلدۈش قېرىنداشنى بەرگەنمىش. مۇشۇنداق بىر غەلىتە گۇمان ئۇلارغا ئاز بولمىغان بېسىم ئېلىپ كەلدى. ھەممىسى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىنى بەختسىزدەك، ئۇۋاللىق تارتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ياخشى ئادەم دەپ بىلەتتى. بىراق بۇ غەلىتە تۇغۇلغان يۈسۈپ خۇددى سۈپۈرگە يۇلتۇزدەك ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئۈچۈپ ئۆتكەنىدى.

شۇنىڭ بىلەن موماي يۈسۈپنى كەنتتىن يىراق يەرگە ئىشلەمچى بولۇشقا ئەۋەتتى. يۈسۈپ دائىم ياتقۇدەك يەر، يېگۈدەك نەرسە تاپالمىغاچقا، ئورۇقلاپ، سارغىيىپ، قورۇلۇپ قالغان تۈرۈپقىلا ئوخشاپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ كېلىپ-كېتىپ يۈرۈپ دائىم قار-مۇزلۇق داللاردا قونۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي يۈسۈپنىڭ نېرۋا سىستېمىسىدىن چاتاق چىقتى، بەدىنىمۇ سېزىمىنى يوقاتتى. دەسلەپتىكى كېكەچلەپ تۇرۇپ سۆزلەشتىن ئاخىر بىراقلا گاچىغا ئايلىنىپ قالدى. بېشى بىر يانغا قىيسىيىپ، ئاغزىدىن توختىماي شۆلگەي ئېقىپ، كىيىملىرىنى بۇلغىۋېتەتتى. ئۇنىڭ بەدىنى ئاستا-ئاستا يىگىلەپ، خۇددى ئۇششۇك تەگكەن بەرەڭگىدەك تۈگۈلۈپ قالدى، ئۇ زادىلا ئورنىدىن تۇرالمايتتى. ھەتتا بارماقلىرى تۈگۈلۈپ بىر ئىلمەككە ئوخشاپ قالغان، قولى كەينىگە قايرىلىپ قېتىپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يۈسۈپ ئىشلىيەلمەدى. بۇ چاغدا يۈسۈپنىڭ ئانىسى قېرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەسلىدە ئوغلىنىڭ كېسىلىنى ئاستا-ئاستا ساقىيىپ قالىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، بۇنداق ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قېلىشىنى نەدىن بىلسۇن! شۇنىڭ بىلەن موماي كەنتتىكى تۆمۈرچى ئۇستامغا دەپ يۈرۈپ، پولاتتىن پاكار ھەم قوپال بىر چاقلىق ئورۇندۇق ياساتتى.

ئاندىن مىس چۆگۈننى چاقلىق ئورۇندۇقنىڭ كەينىگە ئاستى. چاقلىق ئورۇندۇقنى ئىتتىرىپ يۈرۈپ، ھەر تەرەپتىن دوختۇر ئىزدىدى. تىلەمچىلىك قىلىپ، نەدە كەچ بولسا شۇ يەردىلا قونۇپ قالاتتى. يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى مومايغا:

— سېنىڭ بۇ ئوغلۇڭ ئۆلمىگىچە سېنى ئۆيىمىزگە ئەكىرمەيمىز، — دېدى.

— ئويلاپ باقتىڭىزمۇ ئانا، سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئېلىشىمىز، سىزنىڭ ئانىمىز بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن، يۈسۈپنى نېمىشقا باققۇدەكمىز، ئۇ يا بىزنىڭ ئاتىمىز بولمىسا؟ — دېيىشتى.

— كىم ئۇنىڭ پوق-سۈيدۈكىنى تۆكىدۇ؟

— مەن ئۇ نېمىنى چاقلىق ئورۇندۇقتىن كۆتۈرۈپ چۈشۈرۈپ-چىقىرىپ يۈرمەيمەن!

كېيىن يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى خېلى ياۋاشلاپ قالغاندەك قىلدى. ئانىسى بىلەن ئۇكىسىنىڭ تىلەمچىلىك قىلىپ خېلى كۆپ پۇل تاپ-

قانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنى خۇشاللىق بىلەن ئۆيىگە ئەكېلىپ «ھالىدىن» بىر مەزگىل ئوبدان خەۋەر ئالدى. ئۇلارنىڭ پۇلىنى خەجلەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى يەنە ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى. ئانا-بالا ئىككىيلەن خۇددى ئۇلارغا پۇل تېپىپ بېرىدىغان ماشىنىدەك تەرەپ-تەرەپتە سەرسان بولۇپ يۈردى. نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى سىم-سىم يامغۇرلۇق بىر سەھەردە، پارالىچ بولۇپ قالغان يۇسۇف چاقلىق ئورۇندۇقتا ئاسمانغا قاراپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. سىم-سىم يامغۇر ئۇنىڭ پىيالىدەك ئوچۇق تۇرغان ئاغزىغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ بىكاردىنلا كۈلەتتى، ئاغزىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان شالۋاقلىرى ئېڭىكىدىكى قۇرۇق ئوت چۆپلەردەك سارغىيىپ كەتكەن ساقىلىغا چۈشۈپ، ساقىلىدا بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن يەنە خۇددى يىپەك يىپتەك ئىنچىكە ئېقىپ مەيدىسىگە چۈشەتتى. يۇسۇف تاماق يېگەندە دائىم ئاشنىڭ سۈيىنى مەيدىسىگە ئېقىتىۋېتەتتى، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن مەيدە قىسمى مەينەتلىشىپ، قېلىنلاپ خۇددى قاپقارا بىر پارچە تۆمۈرنى ئېسىپ قويغاندەكلا كۆرۈنىدىغان بولۇپ كېتەتتى-دە، چەكسە تاراق-تاراق ئاۋاز چىقاتتى. شۇنىڭ بىلەن موماي مەخسۇس تۇجۇپىلەپ بىر شالداما تىكىپ، يۇسۇپنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدى، بىر مەزگىل ئۆتكەندە ئۇنى ئېلىپ، مىس چۆگۈندىكى سۇزۇك سۇدا پاكىز يۇيۇپ تازىلاپ يەنە ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قوياتتى. ئانا-بالا ئۇچىسىدىكى پاختىلىق كىيىمنى قىشمۇ ياز ئالماشتۇرماي كىيەتتى. نەدە كەچ كىرسە شۇ يەردىلا ياتاتتى، ئۇچىسىدىكى پاختىلىق چاپان خۇددى مايلاپ قويغان خۇرۇم چاپاندەك پارقىراپ كەتكەنىدى. موماي سىرتتىغا كىيگەن بۇ پاختىلىق كىيىمنى قايتا يۇيۇپ باقمىدى، يۇسمۇ پاكىز بولمايتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ياقىسىدىن ئىچىگە قارىسىڭىز، ئىچ كىيىملىرىنىڭ ناھايىتى پاكىز ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيسىز. موماي ئىككى پۇچقىقىنى خۇددى مەينەت نەرسىلەر ۋە چاڭ-توزانلار كىرىپ كېتىشىدىن قورققاندەك ئىككى ئىلىك قارا لاتا بىلەن ئورىۋالغانىدى.

قوياش پارلىغان كۈنلىرى كىشىلەر موماينىڭ مىس چۆگۈندىكى سۇدا ئوغلى يۇسۇفنىڭ يۈز-كۆزىنى پاكىز يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. مىس چۆگۈن نۇر قايتۇرۇپ، چاقناپ تۇراتتى. موماينىڭ چۆگۈننى ئېگىز كۆتۈرۈپ سۇ قۇيۇۋاتقان ھالىتى قارىماققا خۇددى سۇمۇرغ كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇنچىلىك ئېسىل، چۆگۈننىڭ جوغىسىدىن تۆكۈلۈۋاتقان سۇزۇك سۇ خۇددى قاراڭغۇلۇقتا تۇيۇقسىز ئېچىلغان گۈلگە، سۇ تامچىلىرى خۇددى ئالتۇنغا ئوخشايتتى، سۇنىڭ يەرگە چۈشكەندىكى شۇ ئاۋازى خۇددى زۇمرەت تاش چېقىلغاندەك سۇزۇك ئاڭلىناتتى. موماي يۇسۇفنىڭ قولاقلىرىنى پاكىز يۇيۇپ سۈرتكەندىن كېيىن چېچىنى ئاۋايلاپ تارىدى. بۇ موماي نېمىدېگەن مېھرىبان-ھە! يۇسۇف راھەتلىنىپ كۈلەتتى، خۇشاللىقىنى سىغدۇرالماي ئانىسىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىگە ئىنچىكە سەپسالاتتى. يۇسۇف تىنچ، يېنىك تىنىپ، ئاندىن ئانىسىنىڭ قوللىرىغا بېشىنى سۈركەپ، ئانىسىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. موماي ئۇنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن كۈتەتتى. ئۇنىڭغا ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر تۈرلۈك تۆۋەن ئاۋازدا گەپ قىلاتتى. يۇسۇف ھېچكىمدىن ئېھتىيات قىلمايدىغان بولۇپ قالغان بولۇپ، خۇددى كىچىك باللاردەك ھەجىيىپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى كىچىك باللارنىڭكىدەك قىلغان بىلەن ئەمە-

لىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن شاھمات ئوينىيالايتتى. ئۇ ھاڭۋېقىپ تۇرغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزىدىن باشقا يەردىن ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىدىن ھېچقانداق ئەسەر بولمايتتى. پەقەت مومايلا ئوغلى يۇسۇفنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقتا خۇددى گالۋاڭلاردەك ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇشىغا قاراپ تۇرۇشقا ئامراق ئىدى. يۇسۇفنىڭ نەرسىلەرنى پۇتى بىلەن ئېلىپ ئاغزىغا سالغىنىغا ئامراق ئىدى؛ يۇسۇفنىڭ باشقىلارنى ئەخمەق قىلىۋالغاندىكى خۇشاللىقىدىن قىن-قىنىغا پاتماي قالغان ھالىتىگە ئامراق ئىدى؛ يەنە يۇسۇفنىڭ ئۆز-ئۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ، بىغەم ھالدا مۈگدىشىنى كۆرۈشكە ئامراق ئىدى. بىلىشىڭىز كېرەككى، يۇسۇفنىڭ ئىككى پۇتى ھەقىقەتەن قولدەكلا چاققان بولۇپ، كىشىلەر سەدىقە قىلىپ بەرگەن پۇللارنىمۇ ئەپچىللىك بىلەن پۇتىغا قىسىپ ئالالاتتى-دە، بىر تۇرلۇك مىننەتدارلىقنى ۋە خۇشاللىقنى بىلدۈرگەندەك قىياپەتتە قوينىغا سالاتتى. ئۇنىڭ بۇ ماھارىتى ئىلگىرىكى كىشىلەرگە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرغانىدى. موماي قىلچە ئىپادىسىز ھالدا ئوغلىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە قاراپ تۇراتتى. بىر بانانىنىڭ شۆپۈكىنى ئالدىرىماي سويۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر چىشلەم بىر چىشلەمدىن سالاتتى؛ ياكى ئاپېلسىننى ئاقلاپ بىر تال، بىر تالدىن ئاستا ئاغزىغا سېلىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئاغزى خۇددى مۇسكۇللىرى يىگىلەپ كەتكەن مومايىنىڭ ئاغزىغا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىتى كىشىگە ئىختىيارسىز ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسلىتەتتى.

بالىلىق چاغلىرىمدىلا بۇ موماي خېلىلا ياشىنىپ قالغان موماي ئىدى. گەرچە ئارىدىن يېرىم ئەسىر ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق بۇ موماي تېخىچە ھايات ئىدى، قارىغاندا ئاسانلىقچە بولدى قىلمايدىغاندەكلا قىلاتتى. بىراق بەزى چاغلاردا ئۇلارغا قاراۋەرسىڭىز، خۇددى يۇسۇف ئانىسىدىنمۇ قېرىدەك تۇيۇلاتتى.

شۇنداق بولغاچقا كىشىلەر ئۇلارنى ئەر-خوتۇنلارغا ئوخشىتىپ قالاتتى. ئاقىباش مومايىنىڭ بۇ يەرگە تېگىپ قالايلا دەپ قالغان كىچىك چاقلىق ئورۇندۇقتىكى يۇسۇفنى ئىتتىرىپ قانچىلىغان باھار ھەم كۈزنى ئۆتكۈزگىنىنى ھېچكىممۇ ئويلاپ باقمىدى. موماي كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا يۇسۇفنى تۇغۇشتىن بىر كۈن بۇرۇنقى كېچىنى ئەسلەيتتى، شۇ كۈنى چۈشىدە سۈس يېشىل رەڭنى كۆرگەنىدى. بىر تۇرلۇك تەقدىرنىڭ بېشارىتى ئۇنىڭ ئاچچىق ئەسلىمىسىدە قالدى، شۇ كۈنى سەھەردە يۇسۇف ساق-سالامەت دۇنياغا كۆز ئاچتى.

بەلكىم موماي، نېمىشقا يۇسۇفكە سالغان كېسەلنى ماڭا سالمايدىغاندۇ؟ مەن تېخىمۇ كۆتۈرۈشلۈك ئىدىم، دەپ ئويلاۋاتقان بولسا كېرەك.

— شۇنچە ياشقا چوڭ بولۇپ قالغاندىمۇ ئۆيدە دەم ئېلىپ ئولتۇرسا بولمامدىغاندۇ؟

— قېرىپ ئالجىپ قاپتۇ، ئادەمنى ئىتتىرىپ نەمۇنە يۈرۈپ.

كىشىلەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئاشۇنداق پىچىرلىشاتتى.

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى بۇ مومايىنى كۆرگەن كىشىلەر بولسا ئۇنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىگە ھەيران قېلىشاتتى:

— ئەجەب ئۇزاق ياشاپتۇ، شۇنچىلىك ئۆمۈر كۆرسە بولدى، سەن بىلەن قۇرداش كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تۇپا ئاستىغا كىرىپ بولدى، سەن تېخى ھاياتما؟ ئادەمنى خىجالەت قىلىپ، — دېيىشەتتى مومايىنى بىر نەچچە يىل

www.uyghurkitap.com

كۆرمىگەن كىشىلەر ئۇنى ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتتى دەپ قاراپ. بىراق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز ئۇنى كوچىدا ئۇچرىتىپ قالسا قاتتىق ھەيران بولۇپ: «ۋۇي تۇۋا، بۇ موماي تېخى ھاياتكەنغۇ!» دېيىشىپ قالاتتى. ئەلۋەتتە بۇ سۆز ئۇلارنىڭ مومايغا ھەسەت قىلغىنى بولماستىن بەلكى ئۇنىڭغا قايىل بولغىنى ۋە ھۆرمەت قىلغىنى ئىدى. ئۇلار مومايىنىڭ بۇ خىل روھىدىن كۆڭلىدە خۇشال بولاتتى. ئۇلارنى كۆرگەن سانسىز كىشى يۇسۇفنى ئانىسىدىنمۇ بەكرەك قېرىپ كېتىپتۇ، دېيىشەتتى.

بىر كۈنى چۈشتە موماي يۇسۇفكە پىشۇرۇلغان قوناق يېگۈزۈۋاتاتتى. موماي قوناقنى ئۇۋۇشتۇرۇپ، يۇسۇفنىڭ ئاغزىغا ئېھتىيات بىلەن سالاتتى. موماي بىر باش قوناقنى يېگۈزۈپ بولۇپ، بىر تال ئالمىنى مىس چۆگۈندىكى سۇنى قۇيۇپ پاكىز يۇدى، ئاندىن قوشۇق بىلەن ئالمىنى ئويۇپ، ئەتراپىنى قوشۇقتا قىرىپ ئويۇۋالغان شۇ يەرگە چۈشۈردى. يۇمشاق ئالما ئۇمىچىنى ئاستا قوشۇققا ئېلىپ يۇسۇفكە يېگۈزدى. مومايىنىڭ بۇ ھالىتى خۇددى بوۋاقلارغا نەرسە يېگۈزگەنگە ئوخشايتتى. يۇسۇف نەرسە يېگەندە خۇددى مومايلاردەك ئاغزىنى ماكانلىتىپ، ئالدىرىماي ئۇزاق چاينايتتى.

نەرسىلەرنى يەپ بولغاندىن كېيىن، يۇسۇف چاقلىق ئورۇندۇقنىڭ پاياتلىغان پېدالىنى دەسسەپ رولنى باشقۇراتتى. موماي كەينىدىن ئىتتىرىپ ماڭاتتى. چاقلىق ئورۇندۇققا ئېسىقلىق تۇرغان مىس چۆگۈن قۇياشنىڭ كۈچلۈك نۇرىدا كۆزنى چاقنىتاتتى، ئورۇندۇقنىڭ تۆمۈر يۆلەنچۈككە تېگىپ قولاققا يېقىشلىق رىتىملىك تاراڭلايتتى. ئۇلار كېتىۋېتىپ دائىم سەدىقە بېرىدىغان ئىسمائىلنى كۆرۈپ قالدى-دە، رولنى بۇراپ دۆڭدىن تېز چۈشۈپ، ئۇدۇل ئۇنىڭغا سوقۇلدى. ئىسمائىل چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا بويىنىغىچە قىزىرىپ كەتتى. يۇسۇف پېدالنى دەسسەپ بىرلا قايرىلىپ يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىۋالدى، چاقلىق ئورۇندۇق غىچىرلاپ كېلىپ، ئىسمائىلغا سۈركىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. يۇسۇف كەينىگە بۇرۇلۇپ، يېرىم پىيالىدەك ئاغزىنى كالچايتىپ كۈلەتتى، ئۇ ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئىسمائىل گەرچە خەتەرگە يولۇقاي دەپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما يۇسۇفنىڭ خۇشال بولۇپ كۈلۈۋاتقىنىغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇمۇرلۇق تۇيۇلغان ئىدى.

موماي يۇسۇفنى ئىتتىرىپ كۈنگەي بىر يەرگە ئەكېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۈزلىرىنى قورۇق باسقانىدى. ئۇ بەللىرى مۈكچەيگەن ھالدا قولىغا يىڭنە-يىپ ئېلىپ، شەكلىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەن بىر كونا چاپاننى ياماشقا باشلىدى. موماي تۇرۇپ-تۇرۇپلا ئوڭ قولىنىڭ ئىككى بارمىقىنى يالاپ قوياتتى، ئۇنىڭ قولى قورۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن، كۆپكۆك تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مومايىنىڭ قولى ۋە بېشى خۇددى كۈزدىكى ياپراق ئازراقلا شامال چىقسا تۆكۈلۈپ لەپىلدەپ يەرگە چۈشكىنىدەك يېنىك تىترەيتتى.

كۈنلەر ئەنە شۇنداق بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈۋەردى.

مومايىنىڭ چىشلىرى چۈشۈپ، چاچلىرى ئاقىرىپ خۇددى «ئاق چاچلىق قىز»نىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغان، چىچى چۈشۈپ شالاڭلاپ، چوققىسى ئېچىلىپ قالايلا دەپ قالغانىدى. بىر ئادەمنىڭ قېرىپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، نەۋرىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بالدۇرراق ئۆلۈپ كېتىشىنى ئويلايدىكەن. موماي بۇ

دۇنيادا لاغايلاپ يۈرسە، ئۇلار بىئارام بولىدىكەن، بىراق ئۇلارنىڭ تەلىيى كاج كېلىپ موماي زادىلا ئۆلمەيۋاتقان ئىدى. ئۇ خۇددى تىرىشىپ داۋاملىق ياشاۋاتقاندەك، قەيسەرلىك ھەم جاھىللىق بىلەن ياشاۋاتقاندەك قىلاتتى. موماي قېرىپ بىزگە ئۇلۇغ موما بولغۇدەك بولۇپ كەتتىغۇ دەيمەن. بەزىلەر ئۇنى كەينىدىن «ئۆلمەيدىغان» دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالدى. يەنە بەزى ئۆلۈمدىن قورقىدىغان كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ سىرىنى، ئۇنىڭ نېمىلەرنى يەيدىغانلىقىنى سورايتتى. موماي ئۇلارغا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلار يېيىش مەنئى قىلىنغان ھارام نەرسىلەردىن باشقا تاپقىنىنىڭ يېگۈدەكنى يەپ، ئىچكۈدەكنى ئىچىدىغانلىقىنى، يېمەك-ئىچمەكتە ئۇنچىلا دىققەت قىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى دەپ بېرەتتى. كىشىلەرنىڭ يالۋۇرۇشى بىلەن ئاخىر ئۇ ئۆزىنىڭ گۆشسىز يېنىك تاماقلارنى يەيدىغانلىقىنى، ئاخشىمى بەك تويۇنۇۋالمايدىغانلىقىنى دەپ بەردى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ يوللۇقلىقىنى ھېس قىلدى. كۆڭۈللىرىدە ئۆيىگە بېرىپ دوراپ بېقىشنى ئويلىدى. بىراق مومايىنىڭ خۇددى جاپاكەش راھىبلاردەك چىدام-غەيرىتىنى ئويلىغىنىدا بۇ ئويىدىن يالتىيىشىپ قېلىشاتتى.

موماي راستىنىلا بەك قېرىپ كەتتى، بىراق ئۇ خۇددى ئەتىگەن بېرىپ كەچ قايتىدىغان خىزمەتچىلەردەكلا يۈسۈفنى ئىتتىرىپ كوچىمۇ كوچا ئايلىناتتى. كەچ كىرگەندە ئۇلار بىرەر ئەرزان ياتاقتا چۈشۈپ ئۇخلايتتى. ئەگەر ياز كۈنلىرى بولسا ئۇلار خالىغان بىر بۇلۇڭدا يېتىپ، ئەتىسى شۇ يەردىن قوپۇپلا يولغا چىقاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بۇ خىل تۇرمۇش خۇددى مومايىنىڭ تاشلىۋېتىشكە قىيمايدىغان كۈندىلىك خىزمىتىگە، بىر تۈرلۈك روھىي ئۈمىد ۋە غېمىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

موماي بۇلاردىن ئايرىلىپ قالسا نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالاتتى. ئەگەر باشقا بىرەيلەن بولغان بولسا، بۇنىڭدەك بىر قاتارغا قوشالمىغان بۇ بالىنى بەلكىم ئاللىبۇرۇن ئۆيىگە تاشلاپ قويغان ياكى كوچىغا تاشلىۋەتكەن بولار ئىدى. ئەمما موماي ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ يۈسۈفنى تىلەمچىلىك قىلىپ بولسىمۇ باقتى، موماي قېرىلىق، ئۆلۈملەر بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقاندەك، يەنە بىر تەرەپنى ھەممىنى مەغلۇپ قىلىدىغاندەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئىككىسى بىر-بىرىدىن تەسەللىگە ئېرىشەتتى. يۈسۈف مومايىنىڭ غالىلداپ تىترەپ تۇرغان قوللىرىدىن كۈچ - قۇدرەتكە ئېرىشەتتى؛ موماي ئوغلى يۈسۈفتىن روھىي جەھەتتىن ئۈمىدكە ئىگە بولاتتى. بەزى چاغلاردا ئۇ ئىككىسى قورسىقى ئاچ، چىشلىرى قالمىغان ئاغزىنى ئېچىپ، بىر-بىرىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ، ئاران دېگەندە بىر-بىرىنى تونۇيتتى. بۇ ئىككى يۈرەك، ھارغىنلىق ۋە چارچاشتىن قاتتىق سوقۇۋاتقان ئاجىز يۈرەك ئىدى.

ئادەم ھامان ئۆلۈپ كېتىدۇ، بۇ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت. مومايىنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممە يېرى ئاجىزلاپ كەتتى، بۇ خۇددى كونا ماشىنىنىڭ ۋىنتىلىرىغا ئوخشايتتى. ماشىنا ئۇزاق مۇددەت ئىشلىگەندىن كېيىن كونىرايدۇ، ئۇپرايدۇ، كونتروللۇقىنى يوقىتىدۇ؛ ۋىنتىلار مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئۇپراپ كېتىدۇ. ئادەممۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. مومايمۇ قېرىماس قۇياشقا ئوخشاش مەڭگۈ ساقلانمايدۇ، بىر كۈنى ئۇمۇ چوقۇم بۇ دۇنيادىن كېتىدۇ.

ئۇنداقتا كىشىلەر بىر مەسىلىنى ئويلىشىشى كېرەك، ئەلۋەتتە نۇرغۇن ئادەم بۇ مەسىلىنى مۇنازىرىلىشىشكە ۋە ئويلىنىشقا باشلىدى. ئۇ بولسىمۇ موماي بىلەن يۈسۈفنىڭ كىم ئالدىدا كېتىدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئىدى. بۇ بىر ئىنتايىن چوڭ ئىش. ھەقىقەتەن



www.uyghurkitap.com

چوڭ ئىشتە! ئەگەر موماي يۈسۈپتىن بۇرۇن كېتىپ قالسا، كېيىنكى ئىشلارنى قانداق قىلغۇلۇق؟ يۈسۈپ قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ھالىدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟ بۇ ئادەمنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان ئىش ئىدى.

مومايىنىڭ كۆڭلىدە «ياشاش كېرەك» دېگەن بىرلا نىيەت بار ئىدى. گاھىدا مومايىنىڭ ئادەم يوق بىر جايىنى تېپىپ تازا بىر يىغلىۋالغۇسى كېلەتتى، ئۆزىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ھالى خاراب بولۇۋاتقىنىغا، كۈندىن- كۈنگە ئاجىزلاپ كەتكىنىگە كۆڭلى بۇزۇلاتتى. ئەمما ئۇ قىلچە بوشىشىپ قالمىدى، ھەممىنى غەيرىتىگە ئېلىپ، چىداپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ دائىم پەقەت ئاللانى ئۇنتۇپ قالمىساملا، ئاللا ماڭا ساغلام تەن ئاتا قىلىپ، يۈسۈپنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىمنى بۇيرۇيدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇ ھەر قېتىم مىس چۆگۈندىكى سۇدا يۈز، قولىنى يۇغان چاغدا بۇ سۈزۈك سۇنىڭ ئۆزىنىڭ قەلبىنى ۋە كاللىسىنىمۇ پاكىز يۇيۇۋېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، شۇنداق بولسا ئۇ مەينەتچىلىكتىن، قالايمىقان خىياللاردىن يىراق بولغان، يېنىكلەپ قالغان بولاتتى. شۇنداق بولسىدى، ئۇ ھايات قېلىپ، پۈتۈن جېنى بىلەن يۈسۈپنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان بولاتتى.

بىراق موماي ناھايىتى تېنچ ئولتۇرۇپ ئويلاندى، ئۆزى چوقۇم بالدۇر كېتىپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا يۈسۈپ قانداقمۇ قىلار؟ يۈسۈپنى ياۋا ئىتلار يەۋېتەرمۇ؟ ئۇ ئۆزى كېتىشتىن بۇرۇن يۈسۈپنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن كېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇلارنى ئويلىغان چاغلىرىدا ئۇنىڭ كاللىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇپ، قاتتىق ئازابلىناتتى، ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغانلىقتىن، بەكمۇ رەھىمسىزلىك قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈمىدسىزلىكتىن ھەسرەتلىنىپ يىغلاپ كېتەتتى. ئۇ يىغلىغاندا يۈسۈپكە كەينىنى قىلىپ يىغلايتتى. يىغلىغىنىنى يۈسۈپكە كۆرسەتمەيتتى. ئەگەر يۈسۈپ كۆرۈپ قالسا ئۇنىڭغا روھىي بېسىم بولۇپ، تەسىر قىلىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. موماي بارلىق ئېغىرلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىلا كۆتۈرۈشنى ئۈمىد قىلاتتى.

چاتاق يېرى، يۈسۈپ يەنىلا ياشاۋاتاتتى. ئۇ بۇ دۇنياغا ئاشۇ بىچارە مومايىنى قىينىغىلى كەلگەندەكلا قىلاتتى. كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ قىلىقلىرى تېخىمۇ كۆپەيگىلى تۇردى. بەزىدە موماي ئۇنىڭغا تاماق يېگۈزسە ئۇ تۈزۈك يېمەي ئۇنى- بۇنى تاللايتتى. موماي چىدىماي بىر- ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويسا، ئۇ قېيداپ يېمەيلا قوياتتى. بىچارە موماي خۇددى ئىككى - ئۈچ ياشلىق بالىنى ئالدىغاندەك ئالداپ تاماق يېگۈزۈشكە مەجبۇر بولاتتى. ئاران دېگەندە تاماق يېگۈزۈۋاتقاندا، يۈسۈپ تۇيۇقسىز كىمدۇر بىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويغىنىنى كۆرۈپ قالسا، خۇددى ئۇنى ئۆلگۈدەك خاپا قىلىۋەتكەندەك ھېس قىلىپ، شۇئان بۇتتەك تۇرۇۋالاتتى. ئۇ ئاجىزلاپ ھەم بەكلا سەزگۈرلىشىپ كەتتى. ئۇ گۇمانخور، ھەممىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان بولۇۋالدى، خۇددى ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلغانلىرى يالغاندەك، پەقەت باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈنلا قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇ ئانىسىنى ماڭا بولغان سەۋر قاچىسى توشتى، بالدۇراق ئۆلۈپ كېتىشىمنى تىلەيدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ دائىم ئانىسىنىڭ كۆزىدىن ناپاك بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدىم دەپ بىلەتتى. بىراق يەنە ھەممىسى ئۆزىنىڭ خاتالىقى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. «ئەمدى بۇنداق كېتىۋەرسەم بولمايدۇ!» يۈسۈپ ناھايىتى ئازابلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭغا خۇددى ئاسمانمۇ كۆل رەڭدەك بىلىنىپ كەتتى.

موماي يۈسۈپنىڭ ئۆز- ئۆزىنى بۇنداق

نابۇت قىلىۋاتقىنىغا قاراپ، يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ ھەرقانداق بىر ئادەمگە «بىزگە ياردەم قىلىسىڭىز» دەپ ئېغىز ئاچالمايتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە پەقەت بىرلا ئاللا بار، پەقەت ئاللادىن تۇختىماي تىلەيتتى. موماي ھەر قېتىم دۇئا قىلغان چېغىدا ھامان تاقەت ۋە شۈكرى قىلغان ھالدا تىلەيتتى. ئۇ يۈسۈفنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقى يېنىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ، ئاسمانغا تىكىلىپ قارايتتى.

بىر نەچچە قېتىم ئۇ قەستەنگە چاقلىق ئورۇندۇقتىن ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، يەردە دومىلاپ ئېغىنىدى، موماي مىڭبىر جاپادا ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى، ئەمما ئۇ ئۇندىمەستىن قارشىلىق بىلدۈرەتتى، تاكى ئانىسىنى قىيناپ، ھېچ ھالنى قويمىغاندىلا ئاندىن چاچلىرى چۇۋۇلغان، يەرگە يۇكۈنۈپ تۈرۈپ يېشىنى سۈرتۈۋاتقان ئانىسىغا رازىمەنلىك ھەم مۇغەمبەرلىك بىلەن قارايتتى. يۈسۈف ئىچىدە رەھىمسىزلەرچە شادلىقتىن قاقاھلاپ كۈلۈۋاتقاندەك قىلاتتى. يەنە بىر نەچچە قېتىم يۈسۈف چاقلىق ئورۇندۇقتىن دومىلاپ يەرگە چۈشۈپ، خۇددى ئىتقا ئوخشاش ئۆمىلەپ يەردىكى توپىنى يېدى، پۇتىنىڭ بارماقلىرى بىلەن يەردىكى كېرەكسىز قەغەز پارچىلىرىنى تېرىپ يېدى. ئۇ تۇيۇقسىز كۈچلىنىپ كەتكەن بولۇپ، موماي ئۇنى تۇسۇپمۇ تۇسۇپ بولالمايتتى. مومايىنى تېخىمۇ ئامالسىز قويغىنى، بىر كۈنى ئۇ چوڭ تەرەتنى پۇتۇن بەدىنىگە سۈركەپ، مۇتتەھەملىك بىلەن شۇ نىجاسەت ئۈستىدە ئېغىنىدى. شۇ قېتىم موماي بۇ مەينەتچىلىكنى ئۈچ كېچە، ئۈچ كۈندۈز يۇيۇپ تازىلىغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇنىڭ پۇتۇن بەدىنىدىكى مەينەتچىلىكنى ۋە سېسىق پۇراقنى تازىلاپ بولدى.

يۈسۈف بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ مومايىنى قىينايتتى.

— ئۇسسۇپلا ئۇلسە بوپتىكەن بۇ! — دېيىشتى كىشىلەر.

كىشىلەر بارغانسېرى يۈسۈفكە ئۆچ بولۇشقا ۋە ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشقا باشلىغانىدى. ئىلگىرىكى ئىچى ئاغرىش ۋە ھېسداشلىق قىلىشلارنىڭ ئورنىغا بىزار بولۇش، ئۆچ بولۇشلار ئالماشقانىدى. كىشىلەر يۈسۈفنىڭ ياۋاشراق بولۇشىنى، بىكاردىن - بىكار غەزەپلەنمەسلىكىنى ۋە نارازى بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى. بۇ دۇنيادا ئۆچ - ئاداۋەت ۋە نارازىلىق بولسا بولمايدۇ-دە.

— قانداق نەرسە بۇ! — ھەتتا ئۇنىڭغا خەير - ساخاۋەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئىسمائىلمۇ ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشقا باشلىغانىدى، كوچىدا ماڭسا ئامال بار ئۇنىڭدىن داجىپ ئۆتەتتى.

ياۋاشراق بول يۈسۈف، بۇنداق كېتىۋەرسەڭ بولمايدۇ، بۇنداق كېتىۋەرسەڭ ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيسەن! بۇ ئىشلار كۆزىگە سىغمىغان كىشىلەر كۆڭلىدە قايتا - قايتا شۇنداق ئويلايتتى. ئەلۋەتتە مەسىلىنى مومايدىن كۆرىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. يەنە بەزىلەر يۈسۈفنى قوتقۇزۇۋالغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇنى ئاچ قويۇپ، ئەدەپلەپ قويۇش كېرەك، ئۇنىڭغا بىر نەچچە كۈن تاماق بەرمىسە ئادەم قىينايدىغان ھالى قالامدىكىن قېنى، دېيدىغانلارمۇ بار ئىدى.

ئەمما موماي كىشىلەرنىڭ ياخشى نىيىتىنى رەت قىلدى.

كىشىلەر مومايىنىڭ گەپ يېمىگىنىگە قاراپ قەستەن ئۇنى يالغۇز قالدۇردى.

موماي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى بارغانسېرى ھېچنېمە تىلەلمەس بولۇپ قالدى، بەزى چاغلاردا موماي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قورسىقىنىمۇ تويغۇزالماي قالاتتى. موماي يۈسۈفنى ئىتتىرىپ كوچىلاردا ماڭاتتى، كىشىلەر ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىشەتتى ياكى قورق-

قاندەك ئۇلاردىن قېچىپ داجىپ ئۆتەتتى. پەقەت چاقلىق ئورۇندۇقنىڭ كەينىگە ئېسىپ قويۇلغان قىزىل مىس چۆگۈنلا پولاتتىن پاياتلاپ ياسالغان يۆلەنچۈككە تېگىپ، مۇزدەك زىبردكىشلىك ئاۋاز چىقىراتتى. ئۇلار ئادەم كۆپ يەرلەرگە بېرىشقا پېتىنالمايتتى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە تويۇقسىز بۇ دۇنياغا نىسبەتەن غۇۋا بىر قورقۇنچ ئۆرلەپ چىقاتتى. موماي ناتونۇش ئادەملەردىن قورقاتتى، ئەزەلدىن تونۇمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىغا ئەيىبلەش ۋە ئۆزىنىڭدىن گۇمانلىنىش نەزىرىدە قارىشىدىن قورقاتتى. كوچىدىكى كىچىك لوكچەكلەردىن ھەممە كۆزدۆزى مېيىپ تىلەمچى سىياقىغا كىرىۋالىدىغان، كېچىسى چىقىپ ئوغرىلىق قىلىدىغانلاردىن قورقاتتى. بەزىدە كىچىك لوكچەكلەر ۋە مەخسۇس تىلەمچىلىك بىلەن تورمۇش كەچۈرىدىغان مۇتتەھەملەر ھە دېگەندىلا مومايىنىڭ ۋە يۇسۇفنىڭ يېنىنى ئاختۇراتتى. موماي ئۇلارنى كۆرۈپلا قالسا ئىختىيارسىز كوچىنىڭ مەلۇم بىر قارانغۇ بۇلۇڭىغا مۆكۈپ كىرىۋالاتتى. موماي چاقلىق ئورۇندۇقنىڭ ئالدىغا يۆكۈنۈپ، يۇسۇفنى قوغدايتتى، خۇددى بىر دۆۋە لاتا-پۇتىغا ئوخشاش چاقلىق ئورۇندۇققا يېنىك يېپىشاتتى.

قىش كىردى، كىشىلەر موماي بىلەن يۇسۇفنىڭ شىخەيگۇ كوچىلىرىدا دىر-دىر تىترەپ چۆرگىلەپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، ھەممەيلەن ئۇلارنىڭ بۇ قىشنى چىقىرالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. موماي يۇسۇفنى ئىتتىرىپ گاراڭ ھالدا ماڭاتتى، ئۇلارنى خۇددى يېنىك شامال چىقسىمۇ ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى؛ يۇسۇفنىڭ كاللىسى ساڭگىلاپ چاقلىق ئورۇندۇقنىڭ تۇتقۇچىغا تېگىپ قالغان تېنى ئاستى-ئۈستىگە چايقىلىپ، خۇددى بىر مۇزلاپ قالغان مۇردىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. موماي ھازىر پەقەت ئاللادىنلا ئۈمىد كۈتەتتى. موماي يۇسۇفنى ئىتتىرىپ، بىر بۇلۇڭدا مىدىر-سىدىر قىلماي تۇگۇلۇپ ئولتۇردى، كۆز ئالدىدا تۇرۇپ-تۇرۇپ يوغان بىر پارچە ماي ۋە يۇلتۇز چاقنايتتى. ئۇ پات-پات ئايلىنىپ كېتەتتى. ھارغىنلىقتىن پۇتىنىمۇ يۆتكىيەلمەي قېلىۋاتاتتى.

ئەمما ئۇلار يەنە يولغا چىقتى. موماي يۇسۇفنى ئىتتىرىپ ئۇزۇن كوچىدىن ئۆتتى. سۆڭەكتىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئاچچىق سوغۇق قېرى كاللىدەك ھۆركىرەيتتى.

موماي يۇسۇفنى ئىتتىرىپ ئاستا ماڭاتتى، ئۇنىڭ ناھايىتى كۆچەپ يۆتكەۋاتقان پۇتلىرى خۇددى ئىككى تال كەندىر شېخىغا ئوخشاش ھەم قۇرۇق، ھەم ئىنچىكە بولۇپ، بىرەر يەرگە سوقۇلۇپ كەتمىسىمۇ سۇنۇپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەقلى-ھوشى بىرئاز جايىدا ئەمەستەكلا قىلاتتى، تۇرۇپ-تۇرۇپ چاقلىق ئورۇندۇقنىڭ كەينىدە بىر نەچچە مىنۇت ئارام ئېلىۋالاتتى. ئۇنىڭ كاللىسى گاراڭ، بېشى ئېغىر، پۇتى يېنىك بولۇپ تەسۋىرلىگۈسىز ئازابلىنىۋاتقان ئىدى. ئۇنىڭدا پەقەت بىرلا ئوي بار: ئۆزى يۇسۇفتىن بۇرۇن كېتىپ قالسا بولمايتتى.

ئۇلار شۇنداق ماڭە، ماڭ... موماي يۇسۇفنى ئىتتىرىپ شىخەيگۇنىڭ كوچىلىرىدا مېڭىپ يۈرۈپ ئۇزاق قىشتىن چىقىۋالدى.

دەل - دەرەخلەر كۆكىرىشكە باشلىدى!

موماي بىلەن يۇسۇف تاكى باھار كېلىپ گۈللەر ئېچىلغىچە چىددى. ھاۋامۇ كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىۋاتاتتى. ئۇ يۇسۇف بىلەن ئەمدىلا قىشلىق ئۆچەكتىن ئويغانغان يىلانغا ئوخشاش ئاستا-ئاستا ئويغىنىپ، باشقىدىن ئادەم بولغاندەك قىلاتتى. ئانا-بالا ئىككىيلەن خۇددى يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاش بولۇپ قالغاندى.

كىشىلەر بۇنى مۆجىزە بولدى دەپ قېلىش-

www.uyghurkitap.com

تى. موماي بىلەن يۇسۇفكە ھېسداشلىق كۆپە-
يىپ قالدى، سەدىقە قىلىدىغانلار يەنە كۆپە-
يىشكە باشلىدى.

موماي بىلەن يۇسۇف بىر مەزگىل يوقاپ كەتتى. كىشىلەر موماينى چوقۇم ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئويلىدى. بىراق يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن مومايىنىڭ ھەممىگە تونۇش ھەم ئورۇقلۇقىدا خۇددى بىر ياپراق يوپۇرماقتەك ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك گەۋدىسى يەنە سىرلىق ھالدا شىخەيگۇ كوچىلىرىدا پەيدا بولدى. ئۇ يەنىلا يۇسۇفنى ئىتتىرىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى خۇددى بىر قەۋەت تېرە تاشلىغاندەك يېڭى تۇسكە كىرگەن بولۇپ، روھلۇق ھەم نۇرلۇق كۆرۈنەتتى. يۇسۇف بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكەن بۇ چاقلىق ئورۇندۇقتا خۇددى ئارام ئېلىۋاتقاندەك كۆزىنى ئازراق يۇمۇپ ئولتۇراتتى، چىرايىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم چىقىپ تۇراتتى. بىر تامچە ياش ئۇنىڭ كۆز چانىقىدىن سىرغىپ چۈشتى.

بىرى:

— يۇسۇف، بولدى يىغلىما، — دېدى.

— قارا، كۆڭلۈك يېرىم بولۇپ كەتكىنىنى!

ھېلىقى ياشنىپ قالغان ئىسمائىل يۇسۇفنى تارتىپ قويدى.

يۇسۇف چاقلىق ئورۇندۇقتىن بىراقلا يىقىلىپ چۈشتى، بېشى يەرگە تېگىپ يېرىلىپ كەتتى، قىپقىزىل ساپ قان بۇلدۇقلاپ ئېقىشقا باشلىدى.

كىشىلەر يۇسۇفنى يۆلەشتۈرۈپ تۇرغۇزدى، بىراق ئۇنىڭ تىنىقى يوق ئىدى، پۈت - قوللىرىمۇ مۇزلاپ كەتكەنىدى.

ئىسمائىل ئاستا:

— ئۇ تۈگەپ قالدى، — دېدى.

يۇسۇف تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن موماي ئۆيىگە كەلدى، تەقۋادارلىق بىلەن پاكىز تاھارەت ئېلىپ پاكلاندى. ئاندىن جىمجىت ئۆلۈمنى ساقلاپ تۇردى. مومايىنىڭ ئاۋۋال چىشلىرى چۈشۈپ تۈگىدى، ئاندىن چاچلىرى تۆكۈلۈپ كەتتى؛ ئارقىدىن قۇلاقلىرى ساغرۇ بولدى، كۆزى تورلاشتى، موماي يېنىدا ئادەم تۇرسىمۇ كۆرەلمەيتتى. موماي سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۆزىنى قويۇۋەتكەنىدى، تويۇقسىز خۇددى پۈتۈن بەدىنىدىكى سۆڭەكلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، بارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى بىراقلا ئاشكارىلىنىپ كەتتى.

مومايىنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى قاراڭغۇ بۇلۇڭغا تاشلاپ قويۇلغان چاقلىق ئورۇندۇقنى ناھايىتى كۆرگۈسى بار ئىدى، بىراق ئۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتى، بىراق ئۇ چاقلىق ئورۇندۇقنىڭ قۇرۇق تۇرغانلىقىنى بىلەتتى، ھېلىقى ئۇلارنى ئۇمۇرۋايەت پاكلىغان قىزىل مىس ئۇزۇرىقنىڭ چوقۇم شۇ چاقلىق ئورۇندۇقنىڭ كەينىدە جىمجىت ئېسقلىق تۇرغانلىقىنى بىلەتتى. بۇرۇن كۆرگەن بىر كۆرۈنۈش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن غۇۋا ئۆتتى؛ يېنىك بىر شامال مىس چۆگۈننىڭ بارماقچىلىك جوغىسىدىن كىرىپ، خىيالىي بىر ئاۋازدەك، خۇددى قەدىمىي ئىسلامىي ناخشىدەك ئۇنىڭ قەلبىنى قايتا-قايتا يۇماقتا ئىدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن موماي ئالەمدىن ئۆتتى!

(«يەررەڭگول» ژۇرنىلى 2004-يىللىق 3-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

(تەرجىمان ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىدا)

**مۇھەررىر مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك**



# تەھرىرلىك: ئاپتور بىلەن مۇھەررىر ئارىسىدا

غېنى مۇھەممەت

تەھرىرلىك كۆپ تەرەپلىمە بىلىم تەلەپ
قىلىدىغان كەسپىي خىزمەت. ئىنچىكىلىك،
ئەستايىدىللىق، ئىجادىيلىق ۋە پىداكارلىق بۇ
خىزمەتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. زامانىنىڭ
تەرەققىياتى بىلەن تەھرىرلىك كەسپى دەسلەپ
بارلىققا كەلگەن چاغدىكى تىل-يېزىقنى ۋاسى-
تە قىلغان قەغەزچە مەتبۇئات تەھرىرلىكىدىن
تەرەققىي قىلىپ نۇرغۇن تۈر-تارماقلارغا بۆ-
لۈندى، خاسلىققا، مەخسۇسلىشىشقا يۈزلەن-
دى، يەنى چوڭ جەھەتتىن گېزىت-ژۇرنال تەھ-
رىرلىكى، رادىيو-كىنو-تېلېۋىزىيە تەھرىرلى-
كى، تۈر-ئالاقە تەھرىرلىكى دېگەندەك،
كىچىك جەھەتتىن يېزىق تەھرىرلىكى، فوتو
سۈرەت تەھرىرلىكى، ئۈن-سىن تەھرىرلىكى
دېگەندەك. گەرچە بۇلار ئارىسىدا خىزمەت ئۇ-
سۇلى، تايىنىدىغان ۋاستە، كونكرېت نىشان
ۋە ئۈنۈم قاتارلىق جەھەتلەردە مەلۇم پەرقلەر
بولسىمۇ، ئەمما تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ما-
ھىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىدە زور ئۆزگىرىش بار-
لىققا كەلگىنى يوق. بۇ جەرياندا مۇھەررىرلەر-
نىڭ ساپاسى ۋە ئىقتىدارىغا قويۇلىدىغان
شەرت ۋە تەلەپ بارغانچە يۇقىرىلاپ باردىكى،
ھەرگىز تۆۋەنلەپ قالمىدى.

ئەنئەنىۋى تەھرىرلىك نۇقتىسىدىن ئالغان-
دا، مۇھەررىر ئاپتور بىلەن ئوقۇرمەننى باغلاپ
تۇرىدىغان كۆۋرۈك. تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ
ئالاھىدىلىكى، مۇھەررىرنىڭ ئارگىنال ھالەت-
تىكى ئەسەرنى بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە، مۇنا-
سىپ تەلەپ ياكى شەرت ئاستىدا رەسمىي نەشر
بۇيۇمىغا ئايلاندۇرۇش جەريانىدىكى بىر قاتار
ئىش ھالقىلىرىدا روشەن گەۋدىلىنىدۇ. تۆۋەندە
ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تەھرىرلىنىش جەريانىنى
نۇقتا قىلىپ، مۇشۇ ھەقتە قىسقىچە مۇلاھىزە
يۈرگۈزىمىز.

نېمىنى يېزىش، قانداق يېزىش ۋە قاچان
يېزىش ئاپتورنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش. ئاپ-
تورنىڭ بۇنداق ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى ئەسەر
ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن چەكسىز كاپالەتكە
ئىگە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ شۇ ئاپتوردىكى ئى-
جادىي تالانت، شەخسىي ساپا، بەدىئىي ماھارەت
قاتارلىق ئامىللارغا بىۋاستە باغلىنىشلىق
جەريان. ئەمما ئەسەر ئاپتورنىڭ ئىلكىدىن
چىقىپ مۇھەررىرنىڭ، ئاندىن ئوقۇرمەنلەر
نىڭ ئالدىغا كەلگىچە بىرلا كىشىگە — ئاپتور-

غا تەۋە بولۇشتەك خۇسۇسىيلىقتىن ئايرىلىدۇ. يەنى، ئاپتور ئۆز ئەسىرىنى ئۆزى ئۇچۇنلا يازمىغاچقا، شۇنداقلا كىشىلەرگە ئۆزى بىۋاسىتە يەتكۈزۈپ بېرەلمىگەچكە، چوقۇم تارقاتقۇچىغا ــ رەسمىي مەتبۇئاتقا تايانماي قالمايدۇ. ئاپتورنىڭ مۇددىئاسىمۇ ئۆزىنىڭ غايىسى، ھېس-تۇيغۇسى، ئوي-خىياللىرى ۋە كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى؛ كىشىلەرنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى، خىلمۇخىل تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ۋە ھايات ھېكمەتلىرىنى خاتىرىلەش، باشقىلارغا ئاشكارىلاش ھەم بىلدۈرۈش بولغاچقا، ئەسلىدىن خۇسۇسىي ئەمگەك مېۋىسى ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىي ئەسەر، مەتبۇئات ۋاسىتىسى بىلەن بارلىق كىشىلەرگە ئورتاق مەنىۋى مەھسۇلاتقا، ئىجتىمائىي بايلىققا ئايلىنىپ ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق بىر ئەسەر مەتبۇئات ھالقىسىدىن ــ ئىنچىكە ھەم مۇشەققەتلىك بولغان تەھرىرلىك ئۆتكىلىدىن ئۆتمەي قالمايدۇ.

ئۇنداق بولسا ئاپتور بىلەن مۇھەررىرنىڭ ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟ تەھرىرلىكنىڭ كونكرېت جەريانى، ئىش ھالقىلىرى قانداق بولىدۇ؟ مۇھەررىر بىر ئەسەرنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشىدا قانچىلىك رول ئوينايدۇ؟ بۇنداق سوئاللارنى يەنە قويۇشقا، بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلارنىمۇ كەڭرى مۇھاكىمە قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن بۇ ھەقتىكى پىكىر قاراشلار مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ:

1. ئاپتورنىڭ ئەمگىكى مۇھەررىرنىڭ ئەمگىكى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. مۇھەررىر ئاپتورنىڭ ھەمكارلاشقۇچىسى، شېرىكى. تەھرىرلىك يېزىقچىلىقنىڭ داۋامى ھەم تولۇقلىمىسى. ئاپتورنىڭ ئەمگىكى مۇھەررىر ئەمگىكىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى. ئاپتور بولمىسا مۇھەررىرمۇ بولمايدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە ئاپتورمۇ مۇھەررىردىن ئايرىلالمايدۇ.

ئاپتورنىڭ ئەمگىكى ــ ئىجادىيەت مېۋىسى مۇھەررىرنىڭ جاپالىق ئەجىر-مېھنىتى نەتىجىسىدە ئاندىن ئىجتىمائىي مەھسۇلاتقا ئايلىنىدۇ. بۇنى كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلىسىمۇ، ئەمما بىر قىسىم كىشىلەر «تەييار ئەسەرنى تىزىپ چىقىرىدىغان ئىشقۇ شۇ» دەپ قارايدۇ. توغرا، مۇھەررىر قۇرۇق شاختىن مېۋە پەيدا قىلالمايدۇ، لېكىن يۇمران كۆچەتنى پەرۋىش قىلىدۇ، مېۋىسىنى قۇرت-قوڭغۇز، ھاشاراتلاردىن قوغدايدۇ. بۇ يەردە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك مەسىلە شۇكى، بىر ئاپتورنىڭ يازغانلىكى ئەسىرىنىڭ ھەممىسى ئېلان قىلىنىۋەرمەيدۇ. يەنە كېلىپ بىر ئەسەر قانداق يېزىلغان بولسا، شۇ پېتىلا تەھرىرلىك ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. ھېچ بولمىغاندىمۇ ئىملا، تىنىش بەلگىلىرىدە ئازدۇر-كۆپتۇر ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئادەتتە ناھايىتى ئاز ساندىكى قەلەمى پىشقان، يېزىقچىلىقتا ناھايىتى ئەستايىدىل ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئانچە قەلەم تەگمىگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا خېلى كۆپ ساندىكى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىتا ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدە، ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا دەخلى يەتكۈزمىگەن ئاساستا، مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن ھامان مۇۋاپىق قىسقارتىش، تولۇقلاش، سىلىقلاش، كۈچەيتىش، راۋانلاشتۇرۇشتەك بىر قاتار ئىنچىكە ئەمگەكلەرنى سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئەمگەك ئىجادىيلىق بىلەن چەكلىملىك ئارىسىدا يۈرگۈزۈلىدۇ. يەنى مۇھەررىر ئەسلىي ئەسەرگە سادىق بولۇش بىلەن تەڭ، كەم-كوتا جايلارنى تولۇقلايدۇ، ئارتۇقچە، ئەھمىيەتسىز مەزمۇنلارنى قىسقارتىدۇ. بۇ يەردىكى قىيىن مەسىلە ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى، قۇرۇلمىسى، ئەسلىي مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبىنى قانداق ساقلاپ قېلىش، ئەسەرنىڭ يېڭىلىقى ۋە خاسلىقىنى قانداق گەۋدىلەندۈرۈشتە

كۆرۈلىدۇ. مۇھەررىر ئاپتورنىڭ ئەسىرىنى ئۆزگەرتكەن، قىسقارتقان ياكى تولۇقلىغانلىقى ئۈچۈن ئاپتوردىن ئۈستۈن تۇرۇۋالمايدۇ. بىرەر ئەسەرنى قالدۇرغانلىق ياكى قايتا پىششىقلاشقا قايتۇرغانلىق سەۋەبلىك ئاپتورنىڭ رەقىبىگە ئايلىنىپ قالمايدۇ. بىر ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، بەدىئىي سەۋىيەسى ۋە باسقا سۈپىتى جەھەتتىن ئەڭ ياخشى ھالەتتە ئوقۇرمەنلەر ئالدىدا نامايان بولۇشىنى مەقسەت قىلغان مۇھەررىر، ئاپتور بىلەن ئوخشاش مەنزىلگە ماڭغان سەپەرداش ھەمراھلاردۇر.

2. بىر ئەسەر ئارگىنال ھالەتتىن رەسمىي نەشر ھالىتىگە كېلىش جەريانىدا تەھرىرلىكنىڭ نۇرغۇن ئۇششاق ھالقىلىرىدىن ئۆتىدۇ. بۇ ھالقىلارنى چوڭ جەھەتتىن تاللاش، پىششىقلاش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە بۆلۈشكە بولىدۇ.

ھەرقانداق ئەسەر ئاۋۋال تەپسىلىي ئوقۇلۇپ، ئىشلىتىشكە بولىدىغان-بولمايدىغانلىقى دەسلەپكى قەدەمدە باھالىنىدۇ. پىششىقراق ياكى خامراق ئەسەرنى بىر ئوقۇپلا پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. لېكىن بىر قارىسا بولىدىغاندەك، يەنە بىر قارىسا بولمايدىغاندەك تۇرغان ئوتتۇراھال ئەسەرنى قايتا-قايتا ئوقۇشقا، ئۇنىڭ بولىدىغان-بولمايدىغان جايىنىڭ قانچىلىكلىكىنى دەڭسەشكە، ئۆزى پىششىقلاش ياكى قايتا ئىشلەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاپتورغا قايتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مۇھەررىرنىڭ قولىغا ياخشىراق، پىششىقراق ھالەتتە كەلگەن ئەسەرلەرمۇ تەرتىپ بويىچە (ئوقۇش، تەھرىرلەش، ئۈستىدىن كۆرۈش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش، كوررېكتور نۇسخىسى ۋە باسما نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇشنى قوشقاندا) مۇھەررىرلەرنىڭ ئالدىدىن بەش-ئالتە رەت ئۆتىدۇ. تەھرىرلىكتە كۆپرەك قول تۇتقان ئەسەرلەر بولسا سەككىز-ئون رەت ئۆتىدۇ. بۇ مۇبالىغە ئەمەس، بەلكى تەھرىرلىكنىڭ قېلىپلاشقان، تەكرار داۋاملىشىدىغان ئىش ھالقىلىرىدۇر.

ئادەتتىكى ئەھۋالدا مۇھەررىر ئەسەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى، مەزمۇنى، بەدىئىي ئۇسلۇبى، ئاپتورنىڭ تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكى قاتارلىق تەرەپلەردە چوڭ ئۆزگەرتىش قىلمايدۇ (چوڭراق ئۆزگەرتىشكە، قايتا پىششىقلاشقا توغرا كەلسە ئاپتورغا قايتۇرۇلىدۇ). كەلگەن ئەسەرلەرگە ياخشى، ئوتتۇراھال ياكى خاملىقىغا قاراپ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەمگەك سىڭدۈرۈلىدۇ. كۆپ قىسىم ئەسەرلەرنى مەزمۇن ۋە بەدىئىي سۈپەت جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، تولۇقلاشقا بولىدۇ. ئەمما ئەدەبىي تەنقىدكە ئائىت، بولۇپمۇ قاراتمىلىقى بولغان، بىرەر ئەسەرنىڭ كەمچىلىك، نۇقسانلىرى تەنقىدلەنگەن، بىرەر ئاپتورنىڭ ئىجادىيىتىدىكى قىسمەن ئەھۋاللار ئىنكار قىلىنغان ماقالە-ئوبزورلارغا مەزمۇن تولۇقلاشقا، مۇھەررىرنىڭ كاللىسىدىكى پىكىرلەرنى قوشۇپ، كۈچەيتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. پەقەت بىتەرەپ، خالىس مەيداندا تۇرۇپ، سۆز-جۈملىلەرنىڭ ئىلمىي، مەنتىقىلىق، دەلىل-ئىسپاتلىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا بولىدۇ، چۈنكى مۇھەررىر ئەسەرنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقارغۇچى سوتچى ئەمەس.

ئەسەر مەزمۇنىدا خاتالىق، مۇجمەللىك بارلىقى؛ زىل، ئېنىقسىز مەسىلىلەرگە، ئورۇنسىز تالاش-تارتىشلارغا چېتىلىش-چېتىلماسلىقى؛ سۆز-جۈملىلەردە گىرامماتىكىلىق خاتالىق، چېچىلاڭغۇلۇق، تەكرارلىقنىڭ بولۇش-بولماسلىقى؛ بەدىئىي ئوبراز، بايان-تەسۋىرلەردىكى مەنتىقىسىزلىق، چىنلىققا ئۇيغۇن بولماسلىق، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئەقەللىي تەلەپ-ئۆلچەملىرىگە چۈشمەسلىك؛ ئىملا ۋە تىنىش بەلگىلىرىدىكى نۇقسان قاتارلىقلار مۇھەررىرلەر ئەڭ دىققەت قىلىدىغان ئىشلاردۇر. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، مۇھەررىر ئالدى بىلەن «قۇسۇرچى»دۇر، تەھرىرلىك مەلۇم مەنىدىن ئە-

سەردىن «قۇسۇر ئىزدەش» جەريانى ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەررىر ئاپتورنىڭ ئەسىرىنى ئەڭ دەسلەپ ئوقۇپ ھۆزۈرلىنىش بىلەن تەڭ خاتالىق ئىزدەيدۇ ــ ئۆزگەرتىشكە، تۈزىتىشكە تېگىشلىك جايلارغا سىزىدۇ، بەلگە قويىدۇ. يەنى، ھۆزۈر بىلەن «قۇسۇر» ئارىلىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال بەزى تەجرىبىلىك، ئەستايىدىل مۇھەررىرلەردە كەسپىي «كېسەللىك» ھالىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلار تەھرىرلەش ۋەزىپىسى بولمىسىمۇ، ئالدىغا ئۇچرىغان، ئوقۇغان ماقالە- ئەسەرلەردىن، ھەتتا باشقىلارنىڭ گەپ- سۆزلىرىدىن، ئېلان- ۋىۋىسكىلاردىن «قۇسۇر» تاپىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

3. تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

مۇھەررىرنىڭ ئورنى ۋە تەسىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلىگەن. مۇھەررىر ئاپتوردىن ئۈستۈنلۈك تالاشمايدۇ. ئەكسىچە ئاپتورنىڭ تېخىمۇ ئۈستۈن، يۈكسەك پەللىگە ئۆرلىشى ئۈچۈن قان- تەر ئاققۇزىدۇ.

ئاپتور سەھنىنىڭ ئالدىدا، مۇھەررىر كەينىدە تۇرىدۇ. سەھنىنىڭ كەينىدىكى ئىشلار تاماشىبىنلارغا نامەلۇم بولغاندەك، مەتبۇئات يۈزىدە يۇقىرى سۈپەتتە كۆرۈنگەن ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي ئارگىنالىنىڭ قانداقلىقى، مۇھەررىرنىڭ ئۇنى قانچىلىك ئۆزگەرتكەن، پىششىقلىغانلىقى پەقەت شۇ ئەسەر ئاپتورى بىلەن مۇھەررىرگىلا ئايان ئىش، ئوقۇرمەن بۇنى ئەسلا بىلىپ يېتەلمەيدۇ. بولۇپمۇ، يېزىقچىلىققا يېڭىدىن كىرىشكەن، ئىستىقبالى بار دەپ قارالغان ئاپتورلارغا ئىلھام ۋە مەدەت بولسۇن ئۈچۈن، كۆچەپ تەھرىرلەنگەن ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي ئارگىنالى بىلەن تەييار ھالىتىدىكى پەرق خېلىلا چوڭ. بۇنى ئوقۇرمەنلەرگە سېلىشتۇرۇپ كۆرسىتىشنىڭ ئورنى يوق. دېمەكچىمىزكى، ئاپتورنىڭ ئەمگىكى جەمئىيەتتە ئاشكارا نامايان بولىدۇ، مۇھەررىرنىڭ ئەمگىكى بولسا ئارگىنال يۈزىدە قالىدۇ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە ئانچە ئىلىنىپ كەتمەيدۇ. لېكىن ھەقىقىي مۇھەررىر بۇنىڭدىن ھەرگىز ئاغرىنمايدۇ. كىشىلەر ئاپتورنىڭ شان- شەرەپىگە تەنتەنە قىلغاندا مۇھەررىرمۇ ئۆزىنىڭ ئازراق ئەجىر- مېھنىتى ئۈچۈن ئىچىدە خۇش بولۇپ، باشقىلار بىلەن تەڭ چاۋاك چالىدۇ. يامان يېرى شۇكى، بىر ئەسەر ئۇنداق ياكى مۇنداق خاتالىق سەۋەبىدىن تەنقىدكە ئۇچرىغان چاغدا، كىشىلەر ئاۋۋال يازغۇچىنى ئەمەس، مۇھەررىرنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىن، ئىقتىدارىدىن، نۇقسانىنى بايقىمىغان ھەم ئوڭشىمىغانلىقىدىن ئاغرىنىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇھەررىرگە تېخىمۇ زور بېسىم پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا بەزى پېشقەدەم مۇھەررىرلەر قەلەمنى تەڭشەككە، تەھرىرلىك خىزمىتىنى داردا ماڭغانغا ئوخشىتىدۇ. «دار» ئۈستىدە تەڭپۇڭلۇق قانداق ساقلىنىدۇ؟ بۇ مۇھىمى شۇ مۇھەررىرنىڭ قابىلىيىتى، سەزگۈرلۈكى ھەم ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈشى، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە باغلىق بولۇش بىلەن بىللە ئاپتورنىڭ، ئوقۇرمەننىڭ، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ توغرا چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغىمۇ باغلىق.

مەسئۇلىيەت بىلەن مەنپەئەت، مېھنەت بىلەن ئىنئام سەل تەڭپۇڭسىزلاشقان، ئەيىبكە يېقىن، تەرىپكە يىراق بۇ خىزمەت بەزىدە مۇھەررىرلەرنى ئازاب ۋە كۆڭۈلسىزلىككە دۇچار قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئۆزىگە تۇشلۇق خۇشاللىق ۋە لەززەت تاپالايدىغان، پىداكارلىققا كۆنۈككەن بۇ «نامسىز قەھرىمان»لار ساۋاقنى ئەستە ساقلاپ، يەنىمۇ زور مەسئۇلىيەت ھەم بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.

(ئاپتور «تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتىدا)

مۇھەررىر خاسىيەت ئەمەت

# تارىم ژۇرنىلى نەشرىياتى 2012-يىللىق ئاپتورلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

«تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتى 2012-يىللىق خىزمەت پىلانىغا ئاساسەن، پارتىيەنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنى ۋە نۆۋەتتىكى ئىجادىيەت ئاساسىي مېلودىيەسىنى تەشۋىق قىلىش؛ ئىجادىيەت پىلانى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى يېڭى يۈزلىنىشلەرنى مۇھاكىمە قىلىش، ئەدىبلەرنىڭ رايونىمىزنىڭ تەرەققىياتى، ئەدەبىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىدىغان دەۋر روھىغا باي نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق نەتىجىلىرىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام يۆنىلىشتە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە 2012-يىلى 27-مارت چۈشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچىدە «تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتى 2012-يىللىق ئاپتورلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

يىغىنغا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب، شىمالىدىن كەلگەن شائىر، يازغۇچىلار، ھەرقايسى ژۇرناللارنىڭ مەسئۇللىرى، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، ئۈرۈمچىدىكى پېشقەدەم ئەدىبلەر، ياش، ئوتتۇرا ياش قەلەم ساھىبلىرى، ئاخبارات خادىملىرى بولۇپ 130 كىشى قاتناشتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى خۇاڭ يۇڭجۈن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ ئۆز سۆزىدە «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق، تەرەققىيات ھەققىدە ئۆزىنىڭ تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، شائىر ياسىن زىلال «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، «تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدىبلەرنى مۇكاپاتلاش قارارىنى ئېلان قىلدى.

قارارنىڭ روھىغا ئاساسەن، «تارىم» ژۇرنىلىنى ئىزچىل قوللاپ، ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ساغلام، بەدىئىيلىكى يۇقىرى ئەسەرلىرى بىلەن بېيىتىپ كەلگەن ئابدۇكېرىم رەھمان، يۈسۈپجان ئەخمىدى، ئابلىكىم تالىپ قاتارلىق 13 نەپەر ئەدىب «مۇنەۋۋەر ئەدىب» شەرىپىگە، ئىككى مۇھەررىر «مۇنەۋۋەر مۇھەررىر» شەرىپىگە نائىل بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە شىنجاڭ تارىم ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ 2012-يىللىق مۇنەۋۋەر ئەدىبلەرنى مۇكاپاتلاش توغرىسىدىكى قارارى

«تارىم» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ 61 يىللىق شانلىق تارىخىي مۇساپىسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قىزغىن غەمخورلۇقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە، «ئىككى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشى ۋە «ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش»، «ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش» فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇردى. توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيەنى ياڭرىتىپ، رايونىمىز ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن بۆشۈكىگە ئايلاندى.

تارىم ژۇرنىلى نەشرىياتى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق نەتىجىلىرىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام يۆنىلىشتە تەرەققىي قىلىشىنى

ئىلگىرى سۈرۈش، ئۆزىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى بىلەن ژۇرنالنى ئىزچىل قوللاپ كېلىۋاتقان كەڭ ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۆزىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ئارقىلىق بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقان ئابدۇكېرىم رەھمان قاتارلىق 15 نەپەر مۇنەۋۋەر ئەدىبنى مۇكاپاتلاشنى قارار قىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
«تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتى
2012 - يىلى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى

## 2012 - يىللىق نۇنەۋۋەر ئەدىب شەرىپىگە ئېرىشكەنلەر

| № | ئاپتور | ئەسەر ئىسمى | تۈرى | مەنبە |
|---|---|---|---|---|
| 1 | يۈسۈپجان ئەھمىدى | ئۈمىد تۇغقان ناخشىلار | شېئىر | 2011 - يىلى 2 - سان |
| 2 | ئابلىكىم تالىپ | غەزەللەر | شېئىر | 2011 - يىلى 4 - سان |
| 3 | ئەكبەر نىياز پەتتارى | باھار كۈيى | شېئىر | 2011 - يىلى 4 - سان |
| 4 | ئابدۇكېرىم رەھمان | «كونا كوچا»دىن تۇغۇلغان ھېسلار | ماقالە | 2011 - يىلى 4 - سان |
| 5 | ئەسقەر ھاجى ئابدۇللا | سۆيگۈ تىنىقلىرى | شېئىر | 2011 - يىلى 5 - سان |
| 6 | ۋاھىدجان ئوسمان | يول مېنى نېمىگە قاندۇرماقچىسەن | شېئىر | 2011 - يىلى 6 - سان |
| 7 | مۇتەللا قىرانى | قارا ھىجران | پوۋېست | 2012 - يىلى 1 - سان |
| 8 | رەشىدە سېيىت | سۇنغان نۇر | ھېكايە | 2011 - يىلى 7 - سان |
| 9 | داۋۇت مەتنىياز | كەپتەرۋازلار | ھېكايە | 2011 - يىلى 9 - سان |
| 10 | مەدەنىيەت قېيىۇم | سۆيگۈ ئىزدەش | ھېكايە | 2011 - يىلى 9 - سان |
| 11 | ئابلىجان ھېيت | مۇقام (داستان) | شېئىر | 2011 - يىلى 12 - سان |
| 12 | قۇربان داۋۇت شاھىدى | يوقاپ كەتكەن پوندەك | ھېكايە | 2012 - يىلى 1 - سان |
| 13 | دولقۇن روزى | غېرىب يول | شېئىر | 2012 - يىلى 2 - سان |
| | | **مۇنەۋۋەر مۇھەررىرلەر** | | |
| 14 | غېنى مۇھەممەد | | | |
| 15 | خاسىيەت ئەمەت | | | |

خاسىيەت ئەمەت خەۋىرى

# تالانتلىق شائىر ئوسمانجان ساۋۇت ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى

2012 - يىلى 27 - مارت چۈشتىن كېيىن تارىم ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ 2012 - يىللىق خىزمەت پىلانىغا ئاساسەن، ئۈرۈمچى قار لەيلىسى مېھمانسارىيىدا تالانتلىق شائىر، تۆھپىكار ئالىي مۇھەررىر ئوسمانجان ساۋۇت ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى ھەم شائىرغا تون كىيگۈزۈلدى.



يىغىنغا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەم ئۈرۈمچىدىكى شائىر، يازغۇچى، ئەدىبلەر، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، شائىرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئاخبارات خادىملىرى بولۇپ 150دەك كىشى قاتناشتى.

يىغىنغا تارىم ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، شائىر ياسىن زىلال رىياسەتچىلىك قىلدى ھەممە ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت ھاياتىغا ئومۇميۈزلۈك ۋە ئوبيېكتىپ باھا بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىرلەشمە رەئىسى ئازات سۇلتان، مەشھۇر ئوبزورچىلىرىمىزدىن مۇھەممەد پولات، نەسرۇللا ئابلەت، پېشقەدەم شائىر روزى نىياز، ياش تەتقىقاتچى غەيرەتجان ئابدۇراخمان ئوزغار، ئوسمانجان ساۋۇت ئاكىنىڭ يېقىن دوستى خۇدا بەردى ئابدۇللا، شائىرلىرىمىزدىن ئايسىمە ئىدرىس، چىمەنگۈل ئاۋۇتلار ئوسمانجان ساۋۇت ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان تەتقىقات ماقالىلىرىنى ھەم شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كورلا قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئەدىبلەر، ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم ژۇرناللار ھەم ئورۇنلار كۆكتۇل سوۋغىلىرىنى ئوسمانجان ساۋۇت ئاكىغا تەقدىم قىلدى.

«تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتى مىڭلىغان ئەدىبلەرگە ۋەكالىتەن شائىرغا شاھانە تون - دوپپا كەيگۈزدى.

خاسىيەت ئەمەت خەۋىرى

www.uyghurkitap.com

# قايغۇلۇق خەۋەر



پېشقەدەم شائىر، شىنجاڭ گېزىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، پېشقەدەم ئاخباراتچى، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئاخبارات خىزمەتچىسى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغان مۇتەخەسسىس، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپلىك مەسلىھەتچىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپلىك پىروفېسسورى، ئاز ھەم ساز شېئىرلىرى بىلەن تونۇلغان شائىر يۈسۈپجان ئەخمىدى كېسەل سەۋەبى بىلەن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 2012-يىلى 23-مارت (جۈمە) 67 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

يۈسۈپجان ئەخمىدى 1944-يىلى 12-ئاينىڭ 17-كۈنى ساۋەن ناھىيەسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1961-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1966-يىلى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، خېجىڭ ناھىيەسىگە تەقسىم قىلىنىپ شۇ يەردە يەتتە يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ئۇ 1975-يىلى شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، ئىلگىرى-كېيىن ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر، گورۇپپا باشلىقى، مۇئاۋىن مۇدىر، مۇدىر، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولغان.

يۈسۈپجان ئەخمىدى 1959-يىلى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان تۇنجى شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شائىرنىڭ «زېمىن قەسىدىسى»، «تۇمەن دولقۇنلىرى»، «خەسىس ئىلھام»، «ئاقار يۇلتۇز مەرسىيەسى»، «يۈرىمەن مۇنار ئىزدەپ مازارلاردا» ناملىق ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى خەلق سۆيۈپ ئوقۇيدۇ.

بىز شائىرنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر قايغۇمىزنى بىلدۈرىمىز، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورايمىز!

**خاسىيەت ئەمەت خەۋىرى**

《塔里木》文学月刊(维吾尔文)　TARIM A MONTHLY OF UYGHUR LITERATURE

主　　管：新疆维吾尔自治区文联
编辑出版：新疆塔里木杂志社
印　　刷：新疆日报社印务中心
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅，零售：各地邮局所
地　　址：乌鲁木齐市友好南路 716 号
电　　话：0991－4516214，4597601，4597603

2012 - يىل 5 - سان (ئومۇمىي 615 - سان). 62 - يىل نەشرى.
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى باشقۇرىدۇ.
شىنجاڭ تارىم ژۇرنىلى نەشرىياتى تۈزىدۇ ۋە نەشر قىلىدۇ. ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 716 - قورۇ.
شىنجاڭ گېزىتى باسما مەركىزىدە بېسىلدى.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
تېلېفون: 4597603، 4597601، 4516214 - 0991

国际标准连续出版物号：ISSN1002 － 9044
国内统一连续出版物号：CN65 － 1010/I
国外代号：M4461　邮政编码 830000
邮发代号：58 － 66　定价：7.00 元
广告许可证号：6500006000046

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: M4461　پوچتا نومۇرى:
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 - 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 7.00 يۈەن
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000046
بېسىش، تۈپلەشتە مەسىلە كۆرۈلسە زاۋۇت ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. تېلېفون: 5593475 - 0991



# شائىر ئوسمانجان ساۋۇت ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى



















ئۈركەش جاپپار فوتوسى



«تارىم ژۇرنىلى نەشرىياتى 2012 - يىللىق ئاپتورلار سۆھبەت يىغىنى» ۋە «شائىر ئوسمانجان ساۋۇت ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» خاتىرىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitab.com